



مەملىكەت بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تۈردىكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ژۇرنال

3 - ۋە 4 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ژۇرنال

شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تۈردىكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ژۇرنال

中国期刊方阵

双效期刊

中华人民共和国新闻出版总署

ISSN 1005-5878


# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

## ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

# 新疆大学学报

# JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY


ISSN 1005-5878

07>

9 771005 587001

2011.2

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

## پەسىللىك ژۇرنال


باش مۇھەررىر
**ئابلىكىم ياسىن**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر
**ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**
**قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى**
بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى
**قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى**
**مۇقىم سەھىپىلەرنىڭ مەسئۇللىرى**
«غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
**ئابلىكىم ياسىن**
«سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
**مۇسا روزى**
«تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
**تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**
«ئەدەبىيات تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
**ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**
«قانۇن، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
**قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى**

**2011 ـ يىللىق 2 ـ سان**
**(ئومۇمىي 126 ـ سان)**

بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى
ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: جوش
رۇسچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: خاسىيەت غازى
بەت لايىھەلىگۈچى: ئەخمەتجان ئۆمەر



تەھرىر ھەيئەتلەر

ئابدۇكېرىم رەھمان بۇچى
ئابلىكىم ياسىن
ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان
ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر
ئابدۇقادىر جالالىدىن
ئابلىكىم ھەسەن
ئابدۇشۇكۇر مۇللەك يۇرچى
ئابدۇۋەلى ھامۇت
ئادىل مۇھەممەت تۇران
ئابدۇبەسىر شۇكۇرى
ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن
ئاسىمە نىياز
پەخىردىن ھىسامىدىن
چىمەن نەجمىدىن
دىلمۇرات ئۆمەر
رازىزاق تۆمۇر
راھىلە داۋۇت ئەلچىن
شېرىن قۇربان
غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر
قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى
كۇرەش مەھمۇتجان رەئىسى
مۇختەر مەخسۇت
مۇھەببەت قاسىم
ئوسمان ئىسمايىل تارىم
ئۆمەر مەھمۇت

شنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
32 ـ يىللىق 2 ـ سان(ئومۇمىي 126 ـ سان)          2011 ـ يىلى 6 ـ ئاي

# بۇ ساندا

## غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

پىروزا ھەققىدە مۇلاھىزە ..................................................................غ. ئو. ئۇتغۇر (1)
ۋالېنت ئاساسىدىكى ئۇيغۇر تىلى رامكا تورىنىڭ سېمانتىكىلىق رولچىلار سىستېمىسى تەتقىقاتى .........
..................................................................ئۆمەرجان قۇربان، غالىپ قۇربان (17)
بوگۇنكى زامان ئۇيغۇر يېڭى پىروزىچىلىقىدا بايان ئەندىزىسى ..................... مەتتۇرسۇن ئېلى (25)
نەۋايىنىڭ پەلسەپىۋى مەسەل داستانى«لىسانۇت-تەير» توغرىسىدا ......... تۇرسۇن قۇربان تۈركەش (35)

## سىياسىي ، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى

توغرا ئەخلاق قارىشى تىكلەشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە .........ئابلىمىت ئەمەت، ماھىنۇر زىياۋۇدۇن (46)
شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ
زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا........................................................... مۇھەممەدئىمىن ھوشۇر (50)

## تىل ـ ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

شېئىرىيىتىمىزدىكى تۇيۇق شەكلى توغرىسىدا ........................................ ئابدۇرېھىم زۇنۇن (58)
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە بەدىئىي زوق .....................ئابلىمىت مۇھەممەت يىلتىزلىق (75)
ئورقۇن ئابىدىلىرىدىكى ئەپسانىۋى ئامىللار ................................................ئاققىز تالىپ (84)
‹‹چىن تۆمۈر باتۇر›› داستانىنىڭ ۋارىيانتلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى شامان دىنى چۈشەنچىلىرى توغرىسىدا .....
..................................................................ياسىن مۇھەممەتنىياز تېكە (88)
نەۋايى ۋە نىزارىي قەلىمى ئاستىدىكى «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنىڭ سۇژىت تىپلىرى توغرىسىدا
..................................................................ماھىنۇر يۇنۇس (99)
ئىجتىمائىيلىشىش مۇھىتى ۋە بېيجىڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىدىكى كۈلتۈرەل ئۆزۈكلۈك
ھادىسىسى ....................................................ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق (109)
لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىق مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش..................... ئەلى ئەمەت (123)

## ژۇرنالچىلىق ، كۇتۇپخانا تەتقىقاتى

ئەدەبىي ژۇرنال تەھرىرلىكىدىكى بەش تەلەپ ۋە تۆت مۇھىم ھالقا توغرىسىدا.........ئابلىز ئوسمان (132)
تور شارائىتىدىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ مۇلازىمىتى توغرىسىدا .........رەيھانگۈل مەمەت(136)

ژۇرنالنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى: CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2011-06

تۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版）

第 32 卷第 2 期（总 126 期）　2011 年 6 月

# 目　录

## 西域文化研究

论析小说……海热提江·乌斯曼（1）
基于配价的维吾尔语框架网络的语义角色体系研究……吾买尔江·库尔班，阿里夫·库尔班（17）
浅论维吾尔新潮小说的叙述模式……买提吐尔逊·艾力（25）
论纳瓦依哲学长诗——《鸟语》……吐尔逊·库尔班（35）

## 政治、经济与管理学研究

论树立正确道德观的重要性……阿布力米提·艾买提，玛依努尔·孜亚吾东（46）
浅论培养新疆少数民族大学生创业意识的必要性……买买提依明·吾守尔（50）

## 语言文学与文化研究

简论维吾尔诗歌创作形式——吐尤克……阿不都热衣木·祖农（58）
民间文学教学与艺术欣赏……阿不力米提·买买提（75）
浅谈鄂尔浑碑铭文》中的神话因素……阿克孜·塔里甫（84）
维吾尔民间达斯坦《秦铁木尔勇士》各种变体与萨满教表现……亚森·买买提（88）
纳瓦依与尼扎里两位诗人笔下的《帕尔哈德与西琳》长诗情节类型分析……玛依努尔·尤努斯（99）
社会化环境以及在京出生成成长的维吾尔族子女之文化断层问题……阿不都热西提·吉力力（109）
初探罗布人的渔猎文化……艾力·艾买提（123）

## 图书、期刊研究

论文学杂志编辑工作中的五项要求和四项要点……阿布力孜·吾斯曼（111）
论网络时代高校图书馆的服务工作……热依汗古丽·买买提（116）

〔期刊基本参数〕：CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2011-06

**ماقالە نومۇرى:** 1005 _ 5878 (2011) 02 _ 001 _ 16

# پىروزا ھەققىدە مۇلاھىزە*

## غ. ئو. ئوتغۇر

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئەدەبىيات پەن ئۇقۇمىغا ۋە بەدىئىي شەكلىگە ئاساسەن پوئېزىيە ھەم پىروزىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلىپ كەلگەنىدى، پىروزا ئەدەبىياتنىڭ بىر قانىتى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆز رولىنى ئۇنۇملۇك جارى قىلدۇرۇش نەتىجىسىدە، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالى بويىچە ھېكايە، نەسرىي ئەسەر ياكى ۋەزىنسىز (قاپىيەسىز) ئەسەر دېمەك ئىپادە قىلىنىدۇ. ئادەتتە پىروزا نەسرىي بايان ئۇسۇلى بويىچە ياكى ۋەزىنسىز بايان شەكلى بويىچە يېزىلغان ئەسەرلەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. ئۇ مەزمۇن خاراكتېرى ۋە ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتىن لىرىك ۋە ئېپىك تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇ قەدىمدىن بۈگۈنگىچە مۇئەييەن قائىدە-قانۇنىيەت ئىچىدە تەرەققىي قىلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىنىمۇ خۇددى ئەشۇنداق مۇكەممەل ۋە قاتتىق قائىدە-قانۇنىيەت ئاساسىدا ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

**摘要：**小说是文学的一种题裁，即文学分小说和诗歌两类。小说也称散文体作品、非韵文体作品。小说的主要描写方法是散文体形式描写方法或非韵文体描写方法。小说也分抒情和叙事两种。从古至今，小说像诗歌一样遵守一定的规律而发展，以后的发展也必须遵守严格的规律和标准。

**Abstract:** From a scholarly standpoint, literature divides into poetry and prose. Prose, effecting serving its function as one of literature's two wings, is also expressed in modern literature as "stories," "prose works ", and "non-rhyming works" or "non-metered works" .The word "prose" is generally used to designate works written in a narrative prose style or a non-metered narrative style. According to the content of the work, it divides into lyric and epic works. Having developed from ancient times to the present according to fixed principles, its future development should continue on the basis of similarly perfect and firm rules.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** G122　　**ماتېرىيال بەلگىسى:** A

## كىرىش سۆز

پىروزا ئەدەبىياتنىڭ بىر تۈرى، يەنى ئەدەبىيات پوئېزىيە ۋە پىروزىدىن ئىبارەت ئىككى تۈردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنى ئەدەبىياتنىڭ ئىككى قانىتى دېيىشكە بولىدۇ. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا، قەدىمدىن بۈگۈنگىچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىككى خىل، ئۈچ خىل، تۆت خىل، بەش خىل قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈش قاراشلىرى ساقلىنىپ كەلگەن. مەن، لوگىكىلىق بۆلۈش ئۇسۇلى، مەنتىقىي تەپەككۇر شەكلى ۋە ماددىلارنىڭ تۈزۈلۈش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئەدەبىياتنى ئىككى تۈرگە بۆلۈشنى ئەڭ ئىلمىي بۆلۈش ئۇسۇلى ياكى پرىنسىپى دەپ قارايمەن[1].

پىروزا بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدا ھېكايە، نەسرىي ئەسەر ياكى ۋەزىنسىز (قاپىيەسىز) ئەسەر دېمەك ئىپادە قىلىنىدۇ. ئۇ ئادەتتە نەسرىي بايان

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 4-ئاينىڭ 28-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** غ. ئو. ئوسمان (1958-يىلى6-ئايدا تۇغۇلغان)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسورى، ماگىستىرانت يېتەكچىسى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

شنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)
32 ـ يىللىق 2 ـ سان
2011 ـ يىلى 6 ـ ئاي
第 32 卷第 2 期
2011 年 6 月

ماقالە نومۇرى: 1005 ـ 5878 (2011) 02 ـ 001 ـ 16

# پىروزا ھەققىدە مۇلاھىزە*

غ. ئو. ئۇتغۇر

(شنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئەدەبىيات پەن ئۇقۇمىغا ۋە بەدىئىي شەكلىگە ئاساسەن پوئېزىيە ھەم پىروزىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلىپ كەلگەنىدى، پىروزا ئەدەبىياتنىڭ بىر قانىتى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆز رولىنى ئۇنۇملۇك جارى قىلدۇرۇش نەتىجىسىدە، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالى بويىچە ھېكايە، نەسرىي ئەسەر ياكى ۋەزنىسىز (قاپىيەسىز) ئەسەر دەپمۇ ئىپادە قىلىنىدۇ. ئادەتتە پىروزا نەسرىي بايان ئۇسۇلى بويىچە ياكى ۋەزنىسىز بايان شەكلى بويىچە يېزىلغان ئەسەرلەرگە قارىتىپ ئىيتىلىدۇ. ئۇ مەزمۇن خاراكتېرى ۋە ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتىن لىرىك ۋە ئېپىك تۈرگە بۆلىنىدۇ. ئۇ قەدىمدىن بۈگۈنگىچە مۇئەييەن قائىدە-قانۇنىيەت ئىچىدە تەرەققىي قىلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىنىمۇ خۇددى ئەشۇنداق مۇكەممەل ۋە قاتتىق قائىدە-قانۇنىيەت ئاساسىدا ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

**摘要:** 小说是文学的一种题裁，即文学分小说和诗歌两类。小说也称散文体作品、非韵文体作品。小说的主要描写方法是散文体形式描写方法或非韵文体描写方法。小说也分抒情和叙事两种。从古至今，小说像诗歌一样遵守一定的规律而发展，以后的发展也必须遵守严格的规律和标准。

**Abstract:** From a scholarly standpoint, literature divides into poetry and prose. Prose, effecting serving its function as one of literature's two wings, is also expressed in modern literature as "stories," "prose works ", and "non-rhyming works" or "non-metered works" .The word "prose" is generally used to designate works written in a narrative prose style or a non-metered narrative style. According to the content of the work, it divides into lyric and epic works. Having developed from ancient times to the present according to fixed principles, its future development should continue on the basis of similarly perfect and firm rules.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G122　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## كىرىش سۆز

پىروزا ئەدەبىياتنىڭ بىر تۈرى، يەنى ئەدەبىيات پوئېزىيە ۋە پىروزىدىن ئىبارەت ئىككى تۈردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنى ئەدەبىياتنىڭ ئىككى قانىتى دېيىشكە بولىدۇ. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا، قەدىمدىن بۈگۈنگىچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىككى خىل، ئۈچ خىل، تۆت خىل، بەش خىل قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈش قاراشلىرى ساقلىنىپ كەلگەن. مەن، لوگىكىلىق بۆلۈش ئۇسۇلى، مەنتىقىي تەپەككۇر شەكلى ۋە ماددىلارنىڭ تۈزۈلۈش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئەدەبىياتنى ئىككى تۈرگە بۆلۈشنى ئەڭ ئىلمىي بۆلۈش ئۇسۇلى ياكى پرىنسىپى دەپ قارايمەن[1].

پىروزا بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدا ھېكايە، نەسرىي ئەسەر ياكى ۋەزنىسىز (قاپىيەسىز) ئەسەر دەپمۇ ئىپادە قىلىنىدۇ. ئۇ ئادەتتە نەسرىي بايان

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 4-ئاينىڭ 28-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** غ. ئو. ئوسمان (1958-يىلى6-ئايدا تۇغۇلغان)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسورى، ماگىستىرانت يېتەكچىسى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇسۇلى بويىچە، ياكى ۋەزىنسىز بايان شەكلى بويىچە يېزىلغان ئەسەرلەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. پىروزا مەزمۇن خاراكتېرى ۋە ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتىن لىرىك ۋە ئېپىك تۈرگە بۆلىنىدۇ.لىرىك تۈرىگە نەسر، فىليەتون، تەپەككۇر جەۋھەرلىرى، تەپەككۇر تەمەچلىرى، ھېكمەتلىك سۆزلەر، ئاتىلار سۆزى قاتارلىقلار كىرىدۇ. بۇلار ھەجىم جەھەتتە قىسقا، ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشى قويۇق، ۋەقەلىك ھەم كونكرېت پېرسوناژ بولمىغان بىر خىل ئەدەبىي شەكىل ياكى تۈر. پىروزىنىڭ ئېپىك تۈرىگە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتتا تەۋە ئەپسانە، رىۋايەت، ، چۆچەك، مەسەل (بۇلار چوڭ جەھەتتە مىفولوگىيە ئۇقۇمى دائىرىسىگە تەۋە)، لەتىپە، چاقچاق، يۇمۇر، لاپ قاتارلىق ئاغزاكى ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى، تەزكىرە، خاتىرە ئەدەبىياتى قاتارلىق يازما ئەدەبىياتتا تەۋە ئەسەرلەر، قىسسە (ئۇنىڭ نەسرىي ئەسەر تۈرى)، ھېكايەتكە ئوخشاش ھەم ئاغزاكى ئەدەبىيات ھەم يازما ئەدەبىياتقا تەۋە ئەسەرلەر، ھېكايە (مىكرو ھېكايە، بىر مىنۇتلۇق ھېكايە، ئۈچ مىنۇتلۇق ھېكايىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، پوۋېست، رومان(بۇلار ئادەتتە ھېكايە تۈرىگە تەۋە)، سەھنە ئەسەرلىرى ياكى دىراما ئەسىرى (كومېدىيە، تىراگېدىيە، تىراكومېدىيە، ئوپېرا، كىنو سېنارىيەسى، تېلېۋىزىيە تىياتىرى، رادىيو دىرامىسى، ئېتۇت ،ئېپىزوت، كۆلدۈرگە، ئېيتىشىش) قاتارلىق يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى كىرىدۇ. بۇلار ھەجىم جەھەتتە ئۇزۇن، نورمال ھېسسىياتقا تايىنىپ، مەزمۇن ۋەقەلىك ئاساسىدا كونكرېت ياكى جانلىق بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدىغان بىر خىل ئەدەبىي شەكىل. پىروزىنىڭ لىرىك ۋە ئېپىك تۈرىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى ھەجمىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە ئىپادە قىلىنغان ھېسسىياتنىڭ نورمال ياكى قويۇقلۇقى، پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ بولۇش-بولماسلىقى جەھەتتە كۆرۈلىدۇ.

دېمەك، ئەدەبىيات ئۇقۇمىنىڭ ھەجمى ۋە مېغىزىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنى پوئېزىيە ۋە پىروزىدىن ئىبارەت ئىككىلا چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق ئۇقۇم ۋە چۈشەنچە يەنى ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنيادىكى بارلىق ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى شۇنداق بولۇپ، ھەجمى ۋە مېغىزىغا ئاساسلىنىپ قارمۇ-قارشى ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، دۇنيادىكى بارلىق ماددىي نەرسە ۋە ئابستراكت ئۇقۇملار ماھىيەت جەھەتتە ئىككىگىلا بۆلۈنىدۇ. بىر نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدىغانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ، بۇنداق تۈرلەردە باشقا ئىككى ئاساسلىق تۈرنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكى ئازدۇر- كۆپتۇر ئەكس ئېتىدۇ ياكى ئىپادىلىنىدۇ. ھەمدە بۇنداق تۈرنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسى غۇۋا ياكى ئاجىز بولىدۇ. مەسىلەن، دۇنيا تەبىئەت ۋە جەمئىيەتكە، جانلىقلار ۋە ھايۋانلار ئەركەك ۋە چىشىغا، جەمئىيەت ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلمىغا، ئۇقۇم ـ چۈشەنچىلەر مەزمۇن ۋە شەكىلگە ياكى ھەجىم ۋە مېغىزغا، پەن تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنگە، مەدەنىيەت ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتكە، پەلسەپىدىكى تۈپكى مەسىلە مادda بىلەن ئاڭغا، ئىدىيەۋى قاراش ماتېرىيالىزملىق قاراش ۋە ئىدېئالىزملىق قاراشقا، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بەدىئىي مېتود رومانتىزم ۋە رېئالىزمغا، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق ماددىلار مەنپىي زەرەت ۋە مۇسبەت زەرەتكە، سانلار تۈپى مەنپىي سان ۋە مۇسبەت سانغا، ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋەقەلىك ۋە ھېسسىيات ئامىلىغا قاراپ لىرىك ئەسەر ۋە ئېپىك ئەسەرلەرگە، شېئىرىيەت ۋەزنىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە ئاساسەن ئارۇز ۋەزىن ۋە بارماق ۋەزنىگە، پەنلەردىن ئېستېتىكا گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇككە، ئېتىكا ئەخلاق بىلەن پەسكەشلىككە، تاۋۇشلار سىستېمىسى سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇشقا بۆلۈنگەندەك تەبىئىي يوسۇندا ئايرىلىپ ياكى بۆلۈنۈپ تۇرىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى بارلىق شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتى قارمۇ- قارشىلىقنىڭ بىردەكلىكىنى ھاسىل قىلىدۇ. يەنى ماس مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىككى قارمۇ- قارشى تەرەپ ئورگانىك ھالدا بىرلەشمىگەن ياكى ئۇيغۇنلۇق ھاسىل قىلمىغان ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ئۇقۇم ھادىسە، شەيئى ياكى ئوبيېكتنىڭ ماھىيىتىنى توغرا كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ.

گېزى كەلگەندە يەنە شۇنى قىستۇرما قىلىشقا بولىدۇكى، ئەدەبىي ئەسەرلەر ئومۇمىي جەھەتتىن ۋەقەلىكنىڭ بولۇش-بولماسلىقىغا قاراپ ئېپىكلىق ئەسەر (بايانىي ئەسەر) ۋە لىرىكلىق (قىسقا) ئەسەر دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ. بۇنىڭدا ۋەزىن ياكى قاپىيە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئېپىكلىق ئەسەرنىڭ مەركىزىدە ئېپىك ياكى تىپىك پېرسوناژ ھەرىكەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلسا، لىرىكىلىق ئەسەرنىڭ مەركىزىدە لىرىك پېرسوناژ(لىرىك قەھرىمان) ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئومۇمەن ئۇقۇملارنى، جۈملىدىن، ئەدەبىياتنى ئۇنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە قارشى ھالدا سۈنئىي بۆلۈشكە بولمايدۇ. مۇبادا قارىسىغا بۆلۈپ قويغاندا، ئۇنى ئىزاھلاش ياكى ئېنىق تەبىرلەش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىزاھلىغىلى ياكى تەبىرلىگىلى بولمىغان ئۇقۇم، چۈشەنچىنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسى بولمايدۇ. بۇ توغرىلىق ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق.

## 1. نەسرنىڭ تۈر ئايرىمىسى مەسىلىسى

پىروزىنىڭ نەسر شەكلى يېقىنقى بىرقانچە يۈز يىلدىن بۇيان ئەدەبىياتنىڭ تۆت چوڭ تۈرى (بەش چوڭ تۈرى) نىڭ بىرى دەپ كېلىنگەن. ۋەھالەنكى، بۇنداق ئايرىشتا، ئەدەبىيات ئۇقۇمىنى لوگىكا ياكى ئاتالغۇشۇناسلىق پېنىنىڭ قائىدە- قانۇنىيىتىگە ئاساسەن تەبىرلەش ھەم ئۇقۇملارنى تۈرگە ئايرىپ چۈشەندۈرۈش پىرىنسىپىغا سەل قارالغان. مەلۇمكى، نەسر ئىپادىلىنىش شەكلى ۋە مەزمۇن خاراكتېرى جەھەتتە ھېكايە بىلەن ئوخشاش. پەرقى ھەجىم جەھەتتە قىسقا، ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشى قويۇق، ۋەقەلىك جانلىق ھەم كونكرېت، پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ بولۇشى ھاجەتسىز. مۇشۇنداق ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىك ئۇنى ئېپىك تۈردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرغان. نەسرنى ئەدەبىياتنىڭ بىر تۈرى قىلىۋالغاندا، ئەدەبىياتنى تۈرگە ئايرىشتا ئاساسلىنىدىغان پىرىنسىپ ئېتىبارسىز قالدۇرۇلغان بولىدۇ. چۈنكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋەزنىنىڭ بار- يوقلۇقىدىن ئىبارەت ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن پىروزا ۋە پوئېزىيەدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.مەسىلەن، ئالىم ۋە ئەدەبىياتشۇناس ئەل فارابىمۇ ناھايىتى بۇرۇنلا ۋەزىن مەسىلىسىنى شېئىرىيەت سەنئىتىدىكى ئاساسىي قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرى دەپ ھېسابلىغان ھەم شېئىرىيەتتىكى «قانۇن-قائىدىلەرنىڭ ئەڭ كىچىكى ۋەزىن مەسىلىسىدۇر» دەپ يازغان[2]. ئۇنىڭدىن باشقا پوئېزىيەدە قاپىيە، تۇراق، رىتىم، مىسرا، رادىپ ۋە كۇپلېت بولىدۇ. بۇلار زۆرۈر بەلگىكەر بولسىمۇ، بىراق يەنىلا پوئېزىيەنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىلىرى ئەمەس. ئومۇمەن، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ خاس ياكى ماھىيەتلىك بەلگىسى ۋەزىندىن ئىبارەت. چۈنكى قاپىيە ۋەزىننى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىل. شۇنداق ئىكەن، نەسر ۋەزىنسىز ئەسەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى پىروزا بىلەن تەڭداش ئۇقۇم قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئۇنى يەنىلا پىروزىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دېيىشكە بولىدۇ.

نەسرنىڭ تۈرى مەسىلىسى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەتبۇئات ساھەسىدە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىدە نەسرنىڭ تۈرى كۆپلەپ تىلغا ئېلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن، نەسرىي شېئىر ، شېئىرىي نەسر، لىرىك نەسر، ئېپىك نەسر، بايانىي نەسر، مۇھاكىمىلىك نەسر قاتارلىقلار. بۇ يەردىكى نەسر ۋەزىنسىز بەدىئىي ئەسەر تۈرى بولۇپ، ئۇنى پەقەت «نەسر»دەپلا ئاتاشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭ ئالدى-كەينىگە ھەرقانداق قوشۇمچە، ئېنىقلىغۇچىلارنى قوشۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلىنىدىغان بولسا، ئۇنىڭ تەبىرى توغرا ۋە ئىلمىي بولماي قالىدۇ. چۈنكى ئىككى سۆز بىلەن كەلگەن ئاتالغۇنىڭ تەبىرى سۆزسىزكى، ئىككى خىل ياكى بىر-بىرىگە زىت تەبىر بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، شېئىرىي نەسر ياكى نەسرىي شېئىر دېگەن ئاتالغۇغا كەلسەك، شېئىر ۋەزىن ياكى قاپىيەلىك ئەسەر تۈرى بولۇپ، بۇنداق قارمۇ-قارشى ئىككى تۈرنى بىرلەشتۈرۈپ بىر خىل ئۇقۇمنى ئىپادە قىلىش مەنتىقىگە ھەم ئاتالغۇشۇناسلىق ئىلمىگە زىت بولغان بىر خىل ئۇسۇل. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن نەسرىي شېئىر ياكى شېئىرىي نەسر دېگەن ئاتالغۇنى ماۋزۇ قىلىپ ئەسەر يېزىش دۇرۇس ئۇسۇل ئەمەس. ئۇنى يەنىلا نەسر دەپ ئىستېمال قىلىش لازىم[3].«لىرىك نەسر» پىروزىنىڭ لىرىك تۈرى بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئالدىغا «لىرىك»دېگەن ئېنىقلىمىنى قوشۇشنىڭ ھاجىتى يوق.«ئېپىك نەسر»مەسىلىسىدە، نەسر ئېپىك بولۇپ قالسا ئۇنداقتا ئۇ ھېكايىگە ئوخشاپ قالىدۇ. نەسر ئېپىك بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا نەسر دەپ ئاتالغان. ھېكايە بىلەن نەسرنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى«ئېپىكلىق» خۇسۇسىيىتىنىڭ بار- يوقلۇقىدا. «بايانىي نەسر» مەسىلىسىدە، «بايانىي نەسر» ئۇقۇمى بىلەن ئېپىك نەسر ئۇقۇمى ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ توغرىلىق قايتا مۇھاكىمە قىلىش ھاجەتسىز. «مۇھاكىمىلىك

نەسر» مەسىلىسىدە، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى «بايان» ، ئىلمىي ئەسەرنىڭ ئىپادىلەش شەكلى «مۇھاكىمە»دىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەدەبىي ئەسەر بىلەن ئىلمىي ئەسەرنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى ، بۇ يەردە «نەسر» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلىتىش دۇرۇس ئەمەس. «نەسر» نى«مۇھاكىمە» سۆزى بىلەن ئىنقىلاپ كەلگەندە، ئۇ ئەدەبىي ئەسەر كاتېگورىيەسىدىن چىقىپ ئىلمىي ئەسەر تۈرىگە تەۋە بولۇپ قالىدۇ.

سەھنە ئەسەرلىرى ئادەتتە دىراما ياكى تىياتىر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەزمۇن خاراكتېرى جەھەتتە دىراما، كومېدىيە، تىراگېدىيە، تىراكومېدىيە، ئوپېرا (ئۇسسۇللۇق تىياتىر-بالېت، مۇزىكىلىق تىياتىر)، كىنو سىنارىيەسى، تېلېۋىزىيە تىياتىرى (تېلېۋىزىيە ئەسىرى)، رادىيو دىرامىسى، ئۈن-سىن دىرامىسى، كۇلدۇرگە، ئېتۇت، ئېپىزوت، ئېتىنىش قاتارلىقلارغا بۆلىنىدۇ.

## 2. دىرامىنىڭ تۈر ئايرىمىسى مەسىلىسى

دىرامىنى ئەدەبىياتنىڭ بىر تۈرى دەپ قاراش مەسىلىسى. دىراما ياكى تىياتىر ئەسىرى، سەھنە ئەسەرلىرى(كومېدىيە، تىراگېدىيە، تىراكومېدىيە، ئوپېرا، كىنو سېنارىيەسى، تېلېۋىزىيە تىياتىرى، رادىيو دىرامىسى، ئېتۇت، ئېپىزوت، ئېتىنىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋەقەلىك ئاساسىدا مەزمۇننى ئىپادىلەش، جانلىق ۋە كونكرېت پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش جەھەتتە پىروزا ۋە پوئېزىيەنىڭ ئېپىك تۈرى بىلەن تامامەن ئوخشاش. پەرقى بار دېيىلسە، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ سەھنىدە ئورۇندىلىدىغانلىقىدا. يەنى بەزى ئېپىك ئەسەرلەر دىراماتورگلار تەرىپىدىن سەھنىلەشتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، تارىخىي ئەسەرلەردىن خەنزۇ ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ«ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «سۇ بويىدا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» قاتارلىقلار، رۇس ئەدەبىياتىدىن «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «پولات قانداق تاۋلاندى»، «ئاننا-كارىنىنا»،«تىنچ دون» قاتارلىقلار، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئەسەرلەردىن «نەسرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»، «ئامانىساخان» قاتارلىقلار.دېمەك، ھەرقانداق بىر «ئېپىك ئەسەر»نى سەھنە ئەسىرى قىلىپ ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. بىراق «سەھنە ئەسەر»لىرى دەپ يېزىلغانلىرى (ياكى«سەھنە ئەسەر»گە ئايلاندۇرۇلغانلىرى) نىڭ ھەممىسىنى چوقۇم سەھنىگە ئېلىپ چىقىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بۇ يەردە يەنىلا زۆرۈرىيەت ۋە ئىمكانىيەتنىڭ بولۇشى ئالدىنقى شەرت قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرگە ئىگە سەھنە ئەسەرلىرىنى تەھقىقلەپ كۆرگەندە شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ۋەزىنسىز ئەسەرلەر بولۇپ، ئاز ساندىكىلىرىلا نەزمىي ئەسەرلەردۇر. مەسىلەن، «رابىئە ـ سەئىدىن» گە ئوخشاش. بۇنداق ئەھۋالدا دىراما ئەسەرلىرىنى ۋەزىنسىز ئەسەر دېيىش كېرەكمۇ ياكى ۋەزىنلىك ئەسەر دېيىش كېرەكمۇ؟ دېگەن مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. بۇ مەسىلىنى پەلسەپىدىكى ئاساسىي زىددىيەت ۋە قوشۇمچە زىددىيەت كاتېگورىيەسىگە مۇراجىئەت قىلىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، دىراما ئەسەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى نەسرىي بايان شەكلىگە يەنى ۋەزىنسىز شەكىلگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى نەسرىي ئەسەر تۈرىگە تەۋە قىلىش مۇمكىنچىلىكى بار. ئايرىم تۈر قىلىنىۋلغاندا پىروزا بىلەن تەڭداش ئۇقۇم دائىرىسىگە كىرىپ قېلىپ، خاسلىقى ئىپادىلەنمەي قالىدۇ، تەبىرلىنىشى مۈجمەللىشىدۇ، ئۇقۇم خاتالىقى كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىنىدىغان يەنە مۇنداق بىر نۇقتا بار. يەنى، نەزمىي ئەسەرلەرنى سەھنە ئەسىرىگە ئايلاندۇرغاندا، ئۇنىڭ نەسرىيلەشتۈرۈلگەنلىرى كۆپرەك سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، چەتئەلدە «قۇتادغۇبىلىك» نى سەھنە ئەسىرىگە ئۆزگەرتكەندە ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەقەلىكى نەزمىي شەكىلدىن نەسرىي شەكىلگە ئايلاندۇرۇلغان(لېكىن تېخىچە سەھنىگە ئېلىپ چىقىلمىغان).

يۇقىرىقىلاردىن، سەھنە ئەسەرلىرى ياكى دىرامىنىڭ ئەدەبىياتنىڭ خاس تۈرى بولۇش شەرتىنى ھازىرلىمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ يەنىلا نەسرىي بايان شەكلىگە تايىنىدىغانلىقى ۋە ۋەقەلىك ئارقىلىق ئوبراز يارىتىدىغانلىقى جەھەتتىن پىروزا ياكى ئۇنىڭ ئېپىك تۈرىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ

«كىنو سېنارىيەسى»نىڭ تۈرئايرىمىسى مەسىلىدە، دەسلەپتە بەزىلەر بۇ يېڭى شەيئىگە قىزىقىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uygurkitap.com



ئالدىراقسانلىق بىلەن، ئۇنى ئەدەبىياتنىڭ خاس تۈرى قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. كىنو سىنارىيەسى(جۈملىدىن تېلېۋىزىيە تىياتىرى، رادىيو دىرامىسى، ئېپىزوت، ئېتيۇت قاتارلىقلار) ماھىيەت جەھەتتە نەسرىي ئەسەر ياكى ھېكايە بولۇپ، پوئېزىيە تۈرىگە كىرمەيدۇ. ئۇنى ئايرىم خاس تۈر قىلىشنىڭمۇ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. مەسىلە بۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلسا، بەزىلەرنىڭ ئىديىسىدىن دەماللىققا ئۆتمەسلىكى مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. كونكرېت مىسال ئارقىلىق مۇلاھىزە قىلساق ، ئادەم بىلەن باشقا جانلىقلارغا بېرىلگەن تەبىر ئازدۇر-كۆپتۇر پەرقلەنسىمۇ، ئەمما ماھىيەت جەھەتتە بىر خىل. پەرق بار دېگەن تەقدىردە «ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياسىيالايدىغان ۋە ئىشلىتەلەيدىغان» لىقتىن ئىبارەت ماھىيەتلىك پەرقتە ئەمەس، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى قانچىلىك سەۋىيەدە ياسىيالايدىغان ۋە قانچىلىك سەۋىيەدە ئىشلىتەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ماھىيەتسىز پەرقتە. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، تىياتىر ئەسلىي ۋەقەلىك ئاساسىدا پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ ياردىمى بىلەن تۇرمۇشنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل بەدىئىي ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر قاتار ئىش قوشۇلغاندىن كېيىن تىياتىر ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇلغان. ئەمەلىيەتتە ۋەقەلىك ، ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە پېرسوناژلار ئوبرازى بولۇش، قاپىيەسىز جۈملە شەكلىنى قوللىنىش(ئارىلاپ نەزمىلەرنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش، دېكلاماتسىيە قىلىش ئايرىم ، قىسمەن ئەھۋال) تىن ئىبارەت ماھىيەتلىك بەلگىسىدە ئۆزگىرىش بولمىغان.

بۇنىڭلىق بىلەن دىراما يەنى سەھنە ئەسەرلىرىنى باشقا نەسرىي ئەسەرلەر بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش دەپ قاراشمۇ ئىلمىيلىككە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى، پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ قالسا، بارلىق نەسرىي ئەسەرلەرنى قارا-قويۇق سەھنىگە ئېلىپ چىقىشقا بولىدۇ، دېگەن چۈشەنچە كېلىپ چىقىدۇ. دەرۋەقە، بارلىق نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى (جۈملىدىن، بارلىق بەدىئىي ئېپىك ئەسەرلەرنى) سەھنىگە ئېلىپ چىقىشقا بولىدۇ، بىراق، بۇنىڭ ئۈچۈن پىششىقلاپ ئىشلەشكە، ئىش قوشۇشقا، ئوبيېكتىپ، سۇبيېكتىپ شەرت-شارائىتلارنى يارىتىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنى، سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ كۆرۈرمەنلىرى، ئاڭلىغۇچىلىرى باشقا بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ ئوبيېكتلىرىغا قارىغاندا سان جەھەتتە كۆپ، بەدىئىي تەربىيەلىنىشى ۋە بەدىئىي زوقى پەرقلىق، سەۋىيە جەھەتتە تەكشىسىز، قاتلاملىرى مۇرەككەپ بولغانلىقى ئۈچۈن سەھنە ئەسەرلىرىنى باشقا ئەسەرلەرگە قارىغاندا ئاممىبابلاشتۇرۇشقا، قىزىقارلىق ھەم جەلپكارلىققا ئىگە قىلىشقا، دىيالوگلارنى خاسلاشتۇرۇش، تېزلىتىش، قىسقارتىش ۋە ئىخچاملاشقا، پېرسوناژلارنى جانلىق ھەرىكەتكە ئىگە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل خۇددى ئادەمنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قىلىنغان ھەرىكەتكە ئوخشايدۇ. مەسىلەن، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بەدەن تۈزۈلۈش ۋە ئەقىل-پاراسەت جەھەتتە ئوخشاش ، ئەمما تەربىيەلىنىشى پەرقلىق بولغاچقا بىرەر ئىش-ھەرىكەت، ھۈنەر-كەسپنى قىلىش جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. يەنى، بىر ئادەمنى ئوقۇتۇپ تەربىيەلىسە دوختۇر، سەنئەتچى، ئوقۇتقۇچى، تېخنىك، ئالىم بولۇپ چىقىدۇ، ئەمما بەدەن تۈزۈلۈشىدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. يەنى، ئادەمنى تەربىيەلەش بىر خىل ھادىسىۋى(شەكلەن) ھەرىكەت ، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپى، يەنى ئادىمىيلىك خۇسۇسىيىتى (بەدەن تۈزۈلۈشى) نى ئۆزگەرتىش «ئادەم» دىن ئىبارەت ئۇقۇمنى ئۆزگەرتكەنلىك بىلەن باراۋەر. شۇنىسى چۈشىنىشلىككى، تەربىيەلەش، مەشىقلەندۈرۈش ئارقىلىق ئادەمنى مەلىكىلىك ئادەمگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، بىراق، ئۇنى يەنە مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن باشقا جانلىقلارغا ئوخشاش پەقەت ئۆزىنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىدارىغا تايانغان ھالدا ئاسماندا ئۇچالايدىغان ، سۇدا ياشىيالايدىغان، يەر ئاستىدا يۈرەلەيدىغان قىلغىلى، ئىككى قولىنى ئۈچكە، بىر ئېغىزىنى ئىككىگە، يۈرەك توقۇلمىلىرى، مېڭە تالالىرىنى كۆپەيتىپ، «ئادەملىك ئالاھىدىلىك» نى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ھەر قانداق بىر نەسرىي ئەسەرنى سەھنە ئەسىرى قىلىپ چىقىش شەكىل جەھەتتىكى ئۆزگەرتىشلا بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەقەلىكىنى، ئۇنىڭدىكى تىپىك ۋە جانلىق ئوبرازنى، ھېسسىياتىنىڭ نورماللىقىدىن ئىبارەت ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس.

يەنە قوشۇمچە قىلىنىدىغان بىر تەرەپ شۇكى، مەيلى كىنو سىنارىيەسى بولسۇن، مەيلى باشقا سەھنە ئەسەرلىرى بولسۇن بۇلار ماھىيەت جەھەتتە ئوخشاش بولۇپ، كىنو ئېكرانىدىكى ئېكران بىلەن سەھنە

ئەسەرلىرىدىكى سەھنە ئوخشاشلا بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئاشكارا كۆرەك قىلىدىغان سورۇن، پەرقى، سەھنە تارراق، ئېكران كەڭرەك بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا پەرقى بار دېيىلسە «ھەرىكەتچان پېرسوناژ ئوبرازى»نى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. بىراق، تىياتىر ئەسىرىنى سەھنىگە ئېلىپ چىقمىغاندا پېرسوناژنىڭ ھەرىكىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

تۆۋەندە مەن بىر قىسىم ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ تەبىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. بۇنى بەزى كەسپداشلار دەماللىققا توغرا كۆرمەسلىكى(قوبۇل قىلالماسلىقى) مۇمكىن. مەلۇمكى، بۇ تەبىرلەر ھەر خىل ئەسەرلەردە ھەرخىل بېرىلگەن. ھەتتا ئوخشاش بىر ئەسەردىكى تەبىرلەرمۇ پەرقلىق بولۇپ قالغان. ئەدەبىي ژانىرلارغا تەبىر بېرىش ئوڭايدەك تۇيۇلىدۇ. بىراق، ژانىرلارغا بېرىلگەن بارلىق تەبىرنى بىر يەرگە جەملەپ، ئۇلارنى ئۆز-ئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، ئۇنىڭدا مەزمۇنلىرى ئوخشاپ قېلىش، ئۇقۇملارنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى ياكى ماھىيەتلىك بەلگىلىرى ئىپادىلەنمەسلىك، ئۇقۇم بىلەن تەبىر ماس بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر بايقىلىدۇ. مەن ئۇزۇن يىل ئوقۇتۇش ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئىگىلىگەن ماتېرىياللار، توپلىغان تەجرىبىلىرىمگە ئاساسەن، قايتا-قايتا سېلىشتۇرۇش، ئىلمىي دەلىللەش ئارقىلىق بۇ تەبىرلەرنى جامائەتنىڭ دىققىتىگە سۇندۇم. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇنىڭ بىر مۇھاكىمە تېمىسى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 3. پىروزىنىڭ تۈر-ژانىرلىرىنىڭ تەبىرى ۋە ئالاھىدىلىكى

پىروزا شەكىل ئالاھىدىلىكى ۋە مەزمۇن خاراكتېرىگە ئاساسەن لىرىك پىروزا ۋە ئېپىك پىروزا دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. لىرىك پىروزا (لىرىكىلىق پىروزا، لىرىك ھېكايە) يەنە نەسر، فېليەتون، تەپەككۇر جەۋھەرلىرى، ھېكمەتلىك سۆزلەر، ئاتىلار سۆزى دېگەن تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ.

1) لىرىك پىروزا

نەسر– ئوبرازلىق تىل ۋە نەسرىي بايان (ۋەزىنسىز) ۋاستىسى بىلەن، قويۇق ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن، پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنمايدىغان قىسقىراق ھەجىمدىكى بەدىئىي ئەسەر.

فېليەتون – ئوبرازلىق تىل، لىرىك ھېسسىياتنىڭ ياردىمى ۋە كۈچلۈك كىنايە ھەم تەنقىدىي تەلەپپۇز بىلەن ئىجتىمائىي، سىياسىي خاھىشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، مۇئەييەن دەرىجىدە مۇھاكىمىلىك ۋە جەڭگىۋارراق خاراكتېرگە ئىگە بولغان نەسرىي ئەسەر. ئۇ بەزىدە زاۋىبىن بىلەن ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

تەپەككۇر جەۋھەرلىرى – كىشىلىك ھايات، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن ھاسىل بولغان، ئوبرازلىق تىل ۋاستىسى قوللىنىلغان، تەربىيەۋى خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان قىسقا ھەجىملىك قاپىيەسىز ئەسەر. مەجھۇل جۈملە شەكلى بويىچە ئىپادىلىنىدۇ.تۇرمۇشنىڭ ئۇششاق- چۈششەك تەرەپلىرى قويماي ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

تەپەككۇر تەمەچلىرى – بۇ تەپەككۇر جەۋھەرلىرى بىلەن بىر ئۇقۇمدىكى تۈر.

ھېكمەتلىك سۆزلەر– كۈچلۈك ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى قاراش، ئىبرەتلىك ۋە ئوبرازلىق پىكىرلەرنى تاۋلانغان بەدىئىي تىل، نىسبەتەن تۇراقلاشقان جۈملە شەكلى بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان، كىچىك ھەجىمدىكى قاپىيەسىز ئەسەر. بۇنىڭ تەپەككۇر جەۋھەرلىرىدىن پەرقى: كۆپلىگەن ھېكمەتلىك سۆزلەر ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقان، ئىككى بۆلەكتىكى جۈملە شەكلى ئاھاڭداش بايان شەكلىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. پىكىرنىڭ پەلسەپىۋىلىكى كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاپتورى مىللەتنىڭ ئومۇمىيتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ياكى دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە شەخس بولىدۇ.

ئاتىلار سۆزى – ئەجدادلارنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى، تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىدىن ھاسىل بولغان، ئۆلگە قىلىشقا ۋە ئىبرەت ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ئوبرازلىق جۈملىدىن تۈزۈلگەن قاپىيەسىز ئەسەر. بۇنىڭ ئىگىسى چوقۇم ئېنىق بولىدۇ. مىللىي خاسلىقى كۈچلۈك بولىدۇ. ئادەتتە ئۆز مىللىتى، ئۆز جەمەتى، ئۆز ئۇرۇقى دائىرىسىدىكى تارىخىي مەشھۇر شەخسلەر، داڭدار كىشىلەرنىڭ بايانى ئاساس قىلىنىدۇ.

2) ئېپىك پىروزا

پىروزىنىڭ ئېپىك تۈرىگە خاس ئاپتورىنىڭ بولۇش-

تۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.tuyghurkitap.com

بولماسلىقىغا ئاساسەن، ئاپتورسىز ئەدەبىي ئەسەر_ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەۋە ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، مەسەل، لەتىپە، چاقچاق، يۇمۇر، لاپ، قىسسە قاتارلىقلارنى ۋە ئاپتورلۇق ئەدەبىي ئەسەر_ يازما ئەدەبىياتقا تەۋە ھېكايە (مىكرو ھېكايىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، پوۋېست، رومان، سەھنە ئەسەرلىرى ياكى دراما ئەسىرى (دراما، كومېدىيە، تراگېدىيە، تراكومېدىيە، ئوپېرا، كىنو سىنارىيەسى، تېلېۋىزىيە تىياتىرى، رادىيو درامىسى، ئېتۇت، ئېپىزوت) قاتارلىقلارنى كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

بۇلارنى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مىف ۋە ھېكايە دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، مەسەل قاتارلىقلار مىفلار تۈركۈمىگە، قىسسە، لەتىپە، چاقچاق، يۇمۇر، لاپ، ھېكايە، پوۋېست، رومان، سەھنە ئەسەرلىرى ھېكايە تۈركۈمىگە كىرىدۇ. بۇ خىل بۆلۈشتە ئەشۇ ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋەقەلىك، پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ ئاجايىپ- غارايىپلىقى ۋە رېئاللىققا يېقىنلىقى نەزەردە تۇتۇلغان. قىسسەلەردە ئاجايىپ-غارايىپلىق ئېلېمېنتلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يېتەكچى ئورۇندا ئەمەس. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يەنىلا ھېكايە تۈركۈمىگە تەۋەلەندۈرۈلسە ئەدەبىي پرىنسىپتىن چەتلەپ كېتىلگەنلىك بولمايدۇ.

ئەپسانە _ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق باسقۇچىدا ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن كوللېكتىپ ئىجاد قىلىنغان، ئايال مەبۇدلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئاساس قىلىنغان، چوڭقۇر فانتازىيە ۋە يۈكسەك خىيالىي تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن ۋەقەلىك ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان ئىنچام، ئاغزاكى نەسرىي ئەسەر.

رىۋايەت _ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاتىلىق ئۇرۇقچىلىق باسقۇچىدا ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدا كوللېكتىپ ھالدا بارلىققا كەلگەن، ئەركەك تەڭرىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئاساس قىلىنغان، فانتازىيە ۋە خىيالىي تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن تارىخىي ۋەقەلىك ۋە تارىخىي جايلارنىڭ خاس مەنزىرىسى تەسۋىرلىنىدىغان ئىنچام، ئاغزاكى نەسرىي ئەسەر.

چۆچەك _ ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن كوللېكتىپ ئىجاد قىلىنغان، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرى ۋە فېئودالىزم جەمئىيىتىدە تاكامۇللاشقان، ئەپسانە، رىۋايەتلەرنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، توقۇلما شەكىلدىكى تۈرلۈك ئوبرازلار، چەكسىز ماكان ۋە زامان ئارقىلىق رەڭگا-رەڭ سۇژېت ئىچىدە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئارزۇ- غايىلىرىنى ئىپادە قىلىپ بېرىدىغان ئاغزاكى نەسرىي ئەسەر. ئۇ يەنە «خەلق ھېكايىلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مەسەل _ فېئودالىزم دەۋرىدە كوللېكتىپ تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان، ھايۋانلار ۋە نەرسىلەرنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى ئاساس قىلىپ، تەجرىبە- ساۋاق، ئىبرەت قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە بولغان، ھېكمەتلىك پىكىرلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئاغزاكى نەسرىي ئەسەر.

لەتىپە _ مۇئەييەن ئاپتورنىڭ نامىغا مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ بايان قىلىنىدىغان، كۈچلۈك ھەجۋىي، گۈزەل، نەپىس بايان ئۇسۇلىنى ۋاستە قىلىپ، تىپىك ھەزىلكەشلىك خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژ ئوبرازىنى قىزىقارلىق ۋەقەلىك ئىچىدە ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ناچار قىلمىشلارنى پاش قىلىدىغان، قاراتمىلىقى ۋە تەربىيەۋى ئۈنۈمى روشەن بولغان ھەم كوللېكتىپ ئىچىدە بارلىققا كەلگەن ئاغزاكى نەسرىي ئەسەر.

چاقچاق _ قاتتىق كۈلكە، ئۆتكۈر ھەجۋىي، قوپال ۋە زاغرا تىلنى ئاساس قىلىدىغان، ھەزىلكەشلىك خۇسۇسىيىتى، غىدىقلاش خاراكتېرى، قاراتمىلىقى، تەربىيەۋى ئەھمىيىتى كۈچلۈك بولغان، كىنايىلىك ئوبراز يارىتىلىدىغان، قىسقا ھەجىملىك، ھازىرجاۋابلىق، ئېپىك ئاغزاكى نەسرىي ئەسەر.

يۇمۇر_ ئاپتورى نائېنىق بولغان، قىزىقارلىق، كۈلكىلىك ۋە تەربىيەۋىلىكى كۈچلۈك بولغان، قىسقا ھەجىمدىكى ئېپىك ئاغزاكى نەسرىي ئەسەر. ئۇنىڭدا لەتىپە بىلەن چاقچاقنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرى بىرىكىپ كېتىدۇ. ئىنسان پسىخىكىسىنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرى ئارقىلىق كىشىلىك خاراكتېر، ماھىيەتلىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

لاپ _ تۇرمۇشتىكى خىلمۇ-خىل ۋەقە - ھادىسىلەرنى كۈچلۈك تەسەۋۋۇر ۋە يۇقىرى مۇبالىغە-كۆپتۈرۈش ۋاستىسى ئارقىلىق، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىپادە قىلىدىغان، تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئاغزاكى نەسرىي ئەسەر.

ھېكايەت _ بۇ ئىككى خىل مەنىنى بەرگەن، بىرى، ئاغزاكى ئەدەبىياتقا مەنسۇپ نەسرىي ئەسەرلەر، يەنى

چۆچەك، ھېكايىلەرنى، يەنە بىرى، قىسسە، تەزكىرە، داستانلار ئارىسىدا شۇ ئەسەردىكى يېتەكچى ئىدىيەنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قىستۇرما قىلىنغان قىسقا، تەسىرلىك، كىچىك ھېكايىنى كۆرسىتىدۇ. ھېكايەت ئەسلىي «ھېكايە» سۆزىنىڭ كۆپلۈكىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ، قەدىمكىلەرنىڭ ئۇنى نېمە مەقسەتتە ھېكايە ياكى ھېكايىچە شەكىلدە ئىشلەتمەي، «ھېكايەت» شەكلىدە ئىشلەتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، بۇ بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا. ئۇنىڭ مۇۋاپىق تەبىرى، قىستۇرما ھېكايىنى ئاساس قىلىپ پىكىر بايان قىلغاندا مۇنداق بولۇشى كېرەك: ھېكايەت قىسسە، تەزكىرە، مەسنەۋىلەر يىغىمىسى(ياكى سىكىللىك مەسنەۋىيلەر توپلىمى)، داستانلارنىڭ ئىچىدە، شۇ خىل ژانىردىكى يېتەكچى ئىدىيەنى تولۇقلاش، كۈچەيتىش، جانلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان قىسقا. ئىخچام، تەسىرلىك قىستۇرما ھېكايىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ نەسرىي ۋە نەزمىي شەكلى بولغان بولسىمۇ، لېكىن، نەسرىي شەكلى ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلگەن. شۇڭا، ئەدەبىياتنىڭ نەسرىي تۈرىگە تەۋە قىلىنىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ «ھېكايە»دىن پەرقلىنىدىغان ماھىيەتلىك پەرقى مۇستەقىل ژانىر بويىچە ئوتتۇرىغا چىقماستىن، بەلكى، قىستۇرمىلىق ژانىر بولغانلىقىدا.

قىسسە ـ ۋەقە، ھادىسە ۋە پېرسوناژلار ئوبرازىنى خىياللاشتۇرۇپ تەسۋىرلەيدىغان، بەلگىلىك نەزمىي مىسرالار ئارقىلىق ئوبراز، ۋەقەلىك تەسۋىرى جانلاندۇرۇلىدىغان، ئاغزاكى ۋە يازما ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، كوللېكتىپچانلىقى كۈچلۈك، چوڭراق ھەجىمدىكى نەسرىي ئەسەر. ئۇنىڭ نەسرىي بايان شەكلى ئاساسىي مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قىسسە بەزى چاغلاردا«داستان»ئۇقۇمىنى بەرگەن. داستانچىلىق-داستان ئېيتىش، قىسسە سۆزلەش-قىسسەخانلىق قىلىش دېگەن ئاتالغۇلار بىر ئۇقۇمنى ئاڭلاتقان. بۇلارنى تەدرىجىي يوسۇندا تەرتىپكە چۈشۈرۈشكە، ئىلمىيلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

## 4.خاس ئاپتورلۇق خۇسۇسىيىتى بولغان يازما ئەدەبىياتقا دائىر ژانىرلار

تەزكىرە ـ تارىخىي ۋەقە-ھادىسىلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرنى نەسرىي يول بىلەن بايان قىلىپ بېرىدىغان، بەلگىلىك نىسبەتتە شېئىرىي مىسرالارمۇ قىستۇرۇلغان، تارىخىي ۋە ئەدەبىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە، مۇئەييەن دەرىجىدە دىنىي تۈس قوشۇلغان، يازما ئەدەبىياتقا تەۋە بىر خىل ژانىر. ھازىر تەزكىرە دەپ ئاتالمايۋاتىدۇ.

خاتىرە ئەدەبىياتى ـ تارىخىي ۋەقە- ھادىسە ۋە شەخسلەر نەسرىي يول بىلەن بايان قىلىنىدىغان، بەلگىلىك نىسبەتتە شېئىرىي مىسرالارمۇ قىستۇرۇلغان، تارىخىي ۋە ئەدەبىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە، يازما ئەدەبىياتقا تەۋە بىر خىل ژانىر. بۇ بۈگۈنكى زاماندىكى ئوچېرك، ئەدەبىي ئاخبارات (دوكلات ئەدەبىياتى) قاتارلىقلارغا تەڭ كېلىدۇ. پەقەت، ئوچېرك، ئەدەبىي ئاخبارات قاتارلىقلاردا قىستۇرۇلىدىغان شېئىرلارلا كەملىك قىلىۋاتىدۇ (بەلگىلىك يوسۇندا قوشۇلغانلىرىمۇ يوق ئەمەس). دەرۋەقە، شېئىرلارنى بۇ خىل ئەسەرلەرگە قوشۇپ يازسىمۇ بولىۋېرىدۇ. قوشماسلىق توغرىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى تەلەپ يوق(بولۇشى ھەم ئەقىلگە سىغمايدۇ)، مۇبادا ئاپتورلاردا شېئىرىي ماھارەتمۇ بولىدىغان بولسا نەسرىي بايانلارغا مۇۋاپىق يوسۇندا شېئىرىي كۇپلېتلارنى قوشۇپ يازسا بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ جەزبىدارلىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئېتۇت ياكى ئېپىزوتلاردا ئەر ئارتىس ئايال ئارتىسقا ئوخشاش ياسىنىپ چىقسا ياكى ئاياللارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى دوراپ چىقسا تېخىمۇ قىزىقارلىق بولغانغا ئوخشاش.

ئوچېرك ـ ئوچېرك ئەدەبىياتى، ئاخبارات ئوچېركى، ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي ئوچېرك، تەپسىلىي خەۋەر، تەسۋىرىي خەۋەر. بۇ ئاتالغۇلارنىڭ بەزىلىرى 20 -ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدىن كېيىن ئالدى بىلەن خەنزۇ ئەدەبىياتىدا چەتئەل تىللىرىدىن تەرجىمە شەكلىدە قوبۇل قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ ئەكس ئېتىشكە باشلىغان. تەپسىلىي خەۋەر، تەسۋىرىي خەۋەر دېگەنلەر بولسا، 1980 -يىللاردىن كېيىن، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەنزۇ ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كېلىپ، ئاندىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كىرگەن.

«ئوچېرك» ئاساسەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بىر تۈرىنى ئىپادە قىلىشقا قارىتىلغان. بۇنىڭغا 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا نەشر قىلىنغان شېرىپىدىن ئۆمەرنىڭ«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئوچېركلار»، زارىف دولات مەسئۇللىقىدا يېزىلغان«شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپۋى ئىدىيە تارىخىدىن ئوچېركلار» (2002-يىلى نەشرى)دېگەن ئەسەرلەر مىسال بولىدۇ. ھەقىقىي ۋەقە، ھەقىقىي ئادەم توغرىسىدا يېزىلغان بەدىئىي ئەسەر «ئوچېرك» مەنىسىنى بەرگەن. 1930-يىللىرى جۇڭگو سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىدىكى ماۋدۇن قاتارلىقلار ئىنگلىزچىدىكى «Reportage»دېگەن ئاتالغۇنى«报告文学» «ئاخبارات ئەدەبىياتى»دەپ تەرجىمە قىلىپ قوللانغان. ئەمەلىيەتتە بۇ رۇس تىلىدىكى«ОЧерк»يەنى«ئوچېرك»دېگەن سۆزگە تەڭداش ئىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن باشلاپ تاكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىغا كەلگۈچە «ئوچېرك»دېگەن ئاتالغۇ كەڭ قوللىنىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىش دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ يىرىكلىششى بىلەن «ئاخبارات ئەدەبىياتى» دېگەن ئاتالغۇنى قوللىنىش ئاساسىي ئېقىمغا ئايلانغان. يېقىنقى 60 يىلدىن بۇيان يېزىلغان ئەسەرلەردىن شۇنداق چۈشەنچىنى تىكلەشكە بولىدۇكى، ئوچېرك، ئوچېرك ئەدەبىياتى، ئاخبارات ئوچېركى، ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي ئوچېرك، تەپسىلىي خەۋەر، تەسۋىرىي خەۋەر دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ئۇقۇمنى، يەنى ھەقىقىي ۋەقە، ھەقىقىي ئادەم توغرىسىدا يېزىلغان بەدىئىي ئەسەرنىلا بىلدۈرگەن. ئەمدى، ھەرقايسى مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ، ھەربىر يازغۇچى، مۇخبىرنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتى، كۆزىتىش-يىغىنچاقلاش ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارى، تۇرمۇش، ئىنسان ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ پەرقلىق بولۇشى سەۋەبلىك، مۇشۇ تۈردە يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئۇسلۇبىدا بەلگىلىك پەرقلەر بولىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ، ئۇلارنى ژانىر نۇقتىسىدىن پەرقلەندۈرۈشنىڭ، ئايرىم تەبىر بېرىشنىڭ ئىلمىي ئاساسىي يوق. بىر ژانىر توغرىسىدا خىلمۇ-خىل ئاتالغۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا كەلسەك، بۇ يازغۇچى، مۇخبىر ۋە ئەدەبىيات- سەنئەت نەزەرىيە خادىملىرىنىڭ شەكلەن يېقىنلىق يارىتىشقا ماھىرلىقى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەمەلىيەتتە ، بۇ ژانىرغا تەۋە ئەسەرنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى خاسلىققا ئىگە بولۇپ، «ھەقىقىيلىق» ئۇنى «توقۇلمىلىق»بىلەن روياپقا چىقىدىغان ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرى بىلەن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. شۇنى قىستۇرۇپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، بۇ يەردە مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان «ئوچېرك» خاراكتېرىگە تەۋە ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىلىۋاتقان بۇ ژانىر ئۇيغۇر قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى «تەزكىرە» (تەزكىرە ئەدەبىياتى)بىلەن بىر تۈرگە تەۋە ژانىر بولۇشى كېرەك.

ھېكايە ـ تار مەنىدىكى ھېكايە ئۇقۇمىغا ئىگە بولۇپ، بىر قانچە پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىلغان، تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى تىپىكلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرىدىغان قىسقا نەسرىي ئەسەر. ھېكايە ئادەتتە كەڭ ۋە تار مەنىدە قوللىنىلىدۇ.كەڭ مەنىدە بارلىق نەسرىي ئەسەرلەرنى كۆرسەتسە، تار مەنىدە «ئاپتورلۇق ئېپىكىلىق نەسرىي ئەسەر»نىڭ ئەڭ كىچىك شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە «ئاپتورلۇق كىچىك نەسرىي ئەسەر»مەنىسىدىكى ھېكايە كۆزدە تۇتۇلغان.

كىچىك ھېكايە ـ بىر - ئىككى پېرسوناژ ئوبرازى ۋە قىسقا ۋەقەلىك ئارقىلىق، تۇرمۇشنىڭ كىچىك بىر كۆرۈنۈشى ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان نەسرىي ئەسەر. بىر مىنۇتلۇق ھېكايە، ئۈچ مىنۇتلۇق ھېكايە دېگەنلەرنى مىكرو ھېكايە بىلەن قوشۇپ، كىچىك ھېكايە دېيىش لازىم.

پوۋېست- تۇرمۇشتىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر ۋە بىر دەۋرنىڭ مەلۇم مەزگىللىك ئىجتىمائىي كۆرۈنۈشى ياكى قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان نەسرىي ئەسەر.

رومان- پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق بىر ياكى بىر قانچە تارىخىي دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي كۆرۈنۈشى، روھىي قىياپىتى تىپىكلەشتۈرۈلۈپ، كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلىدىغان نەسرىي ئەسەر.

ھېكايە، پوۋېست، رومانلارنىڭ ماھىيەتلىك پەرقىنى پەقەت ھەجىم جەھەتتىلا كۆرسىتىپ بېرىش مۇمكىن. ھەجىمنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا ئاساسەن، ۋەقەلىكنىڭ تار-كەڭلىكى، يېتەكچى مەزمۇننىڭ تېپىز-

چوڭقۇرلۇقى، پېرسوناژلارنىڭ ئاز-كۆپلۈكى پەرقلىنىدۇ. بۇ يەردىكى پەرق پەقەت ھادىسەن پەرقىنىلا كۆرسىتىدۇ. بەزىلەر بۇ قاراشقا قوشۇلمايدۇ. لېكىن، تازا چېڭىغا چىققاندا بۇ ئۈچ خىل ژانىرنىڭ ماھىيەتلىك پەرقىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بۇ مەسىلىدە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقا قاراپ تۇرماي، ئىلمىي قاراش ئاساسىدا ئىلمىي مۇلاھىزە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

سەھنە ئەسەرلىرى ياكى تىياتىر، دراما — يازغۇچى ياكى دراماتورگلار تۇرمۇشتىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەلۇم تەرىپىنىڭ تىپىك كۆرۈنۈشى ، روھىي قىياپىتى ، پېسخىك ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، بايانلىرى ئىخچام، سۆز-جۈملىلىرى تولغان، ھەرىكەتچانلىقى كۈچلۈك، مۇزىكا، ناخشا، ئۇسسۇل، ئويۇن قاتارلىقلارغا ماسلاشتۇرغىلى بولىدىغان، دىيالوگ شەكلىدىكى نەسرىي ئەسەر. بۇنداق ئەسەر سەھنىگە ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن يېزىلىدۇ، درامىغا مۇزىكا، ناخشا، ئۇسسۇل قاتارلىقلار بىرىكتۈرۈلۈپ، ئەدەبىي ئەسەر تۇرىدىن سەنئەت تۇرىگە تەۋەلىندۈرۈلگەن. سەھنە ئەسىرى ياكى تىياتىرنىڭ باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ماھىيەتلىك پەرقى كومېدىيەلىكلىكى. كومېدىيەلىكنى ھاسىل قىلىدىغان مەركىزىي ھالقا تىياتىر ھەرىكىتى ۋە تىياتىر توقۇنۇشى ياكى ھەرىكەتتىكى پېرسوناژلارنىڭ توقۇنۇشىدىن ئىبارەت. توقۇنۇش بولمىسا تىياتىرمۇ بولمايدۇ. تىياتىر كومېدىيەلىك زىددىيەت توقۇنۇشى ۋە ئەگرى-توقايلىق تەلىپىگە ماسلاشقان بولۇشى لازىم.

دراما (تىياتىر) — دراماتورگلار ۋە يازغۇچىلار تەرىپىدىن سەھنىگە ماسلاشتۇرۇپ يېزىلىدىغان (ھەممىسىنىڭ سەھنىدە ئوينىلىشى ناتايىن) ، ئوبرازلار خاراكتېرى بىلەن ۋەقەلىك تەرەققىياتى پېرسوناژلارنىڭ بايانى شەكلىدە مۇرەككەپ ۋە جىددىي دىيالوگلۇق توقۇنۇش ئاساسىدا ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان، ۋەقەلىك تەپسىلاتى جىددىي ھەرىكەتچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل نەسرىي ئەسەر.

تىراگېدىيە — ئوبرازلار خاراكتېرى بىلەن ۋەقەلىك تەرەققىياتى پېرسوناژلارنىڭ دىيالوگى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان، ئاساسىي پېرسوناژلارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى ئارقىلىق ئەينى رېئاللىقتا بولغان ھېسسىيات ۋە تەنقىدىي قاراش ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان نەسرىي ئەسەر.

كومېدىيە — تۇرمۇشتىكى كۈلكىلىك، غەلىتە ھادىسە-قىلىقلارنى بەدىئىي ئۇسلۇبتا ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئىجتىمائىي ھاياتتىكى كىچىك ياكى ئىجتىمائىيلىققا ئىگە سەلبىي، غەيرىي قىلىقلارنى، كىشىلىك مىجەز-خۇلقتىكى نۇقسانلارنى كۈلكە ۋاستىسى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، تەربىيەلەش رولىنى بېجىرىشكە قارىتىلغان بىر خىل بەدىئىي بايانىي ژانىر.

تىراكومېدىيە — تىراگېدىيە بىلەن كومېدىيەنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئۆز-ئارا يۇغۇرۇلغان ئەسەر بولۇپ، پېرسوناژلار ئوبرازى قارمۇ-قارشىلىق خاراكتېرگە ئىگە، ۋەقەلىكنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپى تىراگېدىيەلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە، لېكىن، ھادىسەن كۈلكىلىك بولغان بولىدۇ.

ئوپېرا — مۇزىكا، ئۇسسۇل، ناخشا بىرلەشتۈرۈلگەن بىر خىل تىياتىر شەكلى. ئۇ ئۇسسۇللۇق تىياتىر، مۇزىكىلىق تىياتىر قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئاغزاكى بايان ئەمەس، بەلكى، ۋەقەلىك ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭدا يەنىلا يوشۇرۇن ياكى ئاۋازسىز تىل بولغان بولىدۇ.

ئۇسسۇللۇق تىياتىر ياكى ئۇسسۇللۇق ئوپېرا — ئۇسسۇل ئارقىلىق مۇئەييەن ئۆي-پىكىر ياكى ۋەقەلىكنى ئىپادە قىلىدىغان سەھنە ئەسىرى. بۇنىڭدا پەقەت ئۇسسۇل ۋاستىسى ئارقىلىلا مەلۇم ۋەقەلىك ئىپادىلىنىدۇ، مۇزىكا تەڭكەش قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىمۇ يوشۇرۇن تىل ئىپادىسى بولىدۇ.

مۇزىكىلىق تىياتىر — مۇزىكا ئارقىلىق مۇئەييەن ۋەقەلىك ئىپادە قىلىنىدىغان سەھنە ئەسىرى. بۇنىڭدا ۋەقەلىك پەقەت مۇزىكا ۋاستىسى ئارقىلىلا بايان قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىمۇ يوشۇرۇن تىل ئىپادىسى بولىدۇ.

كۈلدۈرگە — كۈلدۈرۈش ۋاستىسى ئارقىلىق مۇئەييەن ئۆي-پىكىر ياكى قىسقا ۋەقەلىك ئىپادە قىلىنىدىغان، مەزمۇنى ئىخچام ، ئورۇنلىغۇچى بىردىن ئۈچكىچە ئادەم بىلەن چەكلىنىدىغان سەھنە ئەسىرى.

ئېپىزوت — ئەسلىي ئېپىك ئەسەرلەر(بولۇپمۇ ھېكايە، پوۋېست، رومان، داستان، دراما قاتارلىقلار) نىڭ سۈژىتىدا ئۆزئارا باغلىنىپ كەلگەن ۋە مەلۇم دەرىجىدە مۇستەقىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە ۋەقە پارچىسى بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ۋاقىت قارىشىنىڭ ئېزىلىشى بىلەن درامىنىڭ قىسقا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىخچام تۈرى قىزغىنلىقى ئېشىپ بارغان. بۇنىڭ بىلەن، دىراماتورگلار كىشىلەرنىڭ جىددىي ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئېپىزوتلارنى ئىجاد قىلىشقا يۈزلەنگەن. شۇنداق بولغاندا ئېپىزوت قىسقا، ئىخچام بىر ۋەقەلىك بىرقانچە پېرسوناژ ئوبرازى ئارقىلىق قىزىقارلىق، جانلىق، ئويلاندۇرارلىق شەكىل، ھەرىكەتچان قىياپەتتە سەھنىلەشتۈرۈلگەن ئەسەر. ئۇنى تىياتىرنىڭ ئەڭ كىچىك تۈرى دېيىشكە بولىدۇ.

ئېتۇت ـ قىسقا بىر ۋەقەلىكنى بىر ياكى ئىككى پېرسوناژ ئوبرازى ئارقىلىق قىزىقارلىق، جانلىق، ھەرىكەتچان ئۇسلۇبتا كۆرسىتىدىغان سەھنە ئەسىرى. ئېپىزوت بىلەن ئېتۇتنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى ھەجىمدە ئىپادىلىنىدۇ. ئېپىزوت قىسقىراق، ئېتۇت ئۇزۇنراق بولىدۇ. ئادەتتە ئېپىزوتنى ھېكايىگە، ئېتۇتنى پوۋېستقا تەڭلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

ئېيتىشىش ـ كەسكىن دىيالوگ، ئۆتكۈر مۇنازىرە ئارقىلىق مەلۇم بىر ئىخچام ۋەقەلىكنى سەھنە ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىر خىل تۈر. بۇ ئېتۇت، ئېپىزوتلار بىلەن ئوخشاشتەك قىلسىمۇ، بىراق، كەسكىن دىيالوگ، ئۆتكۈر مۇنازىرە خۇسۇسىيىتى بىلەن ماھىيەتلىك پەرقلىنىدۇ.

كىنو سىنارىيەسى ـ بۇ تىياتىر-دىرامىنىڭ يېڭى دەۋردىكى تەرەققىي قىلغان تۈرى. ئۇ ئادەتتە كىنو ئەدەبىياتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كىنو سىنارىيەسى سىنارىستلار تەرىپىدىن ئاساسەن كىنوغا ئېلىش مەقسىتىدە يېزىلىدىغان ياكى ئۆزگەرتىلگەن، بىر ياكى بىر قانچە ماسلىششچان ۋەقەلىكنى پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ ياردىمى بىلەن بەدىئىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرىدىغان، كۆرۈنۈش، ئاۋاز ۋە مونتاژ قاتارلىق ئامىللار ئارقىلىق ھېسسىي ئوبرازلار ياكى بىۋاستە سېزىملىق ئوبرازلارنى يارىتىپ، تۇرمۇشنى قايتا نامايان قىلىدىغان ۋە ئىپادىلەيدىغان بىر خىل ئەدەبىي ئەسەر ياكى سەنئەت تۈرى.

كىنو سىنارىيەسى تۇرمۇش ۋەقەلىكىنى بەدىئىي يوسۇندا تىپىكلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە پېرسوناژلارنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىش جەھەتتە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بايان شەكلى بىلەن تامامەن ئوخشاش، ھەمدە، كۆرۈنۈش، ئاۋاز ۋە مونتاژلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى شۇنداقلا ئېكرانغا ئېلىپ چىقىش مۇددىئاسى بىلەن رويابقا چىقىشى ئۇنى سەنئەتنىڭ بىر تۈرىگە تەۋە قىلدۇرىدۇ. ۋەھالەنكى، كىنو سىنارىيەسىنىڭ ئاساسىي ماتېرىيالى ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ، ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژنىڭ بولۇشى ئۇنىڭ دەسلەپكى ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئالدى بىلەن ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بايان تۈرىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئېپىك پىروزا تۈرىگە تەۋە قىلىپ مۇھاكىمە قىلىش ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

تېلېۋىزىيە تىياترى ـ بۇ كىنو سىنارىيەسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. پەرقى، تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ ئېكرانى كىچىك، كۆرۈنۈشلىرى نىسبەتەن كۆپ، ئۇزارتىشقا بولىدۇ ھەمدە كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى.

رادىيو دىرامىسى ۋە ئۈن-سىن دىرامىسى ـ يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان تۈرلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسلىي ھالىتىنىڭ ئېپىك نەسرىي ئەسەر ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. پەرقى ، تېلېۋىزىيە، رادىيو مۇھەررىرلىرىنىڭ بىرەر ئېپىك نەسرىي ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى، سۆز-جۈملىلىرىنى تەھرىرلەپ، دىكتورلارنىڭ ئۆلچەملىك ۋە سەنئەتلىك تەلەپپۇزى بىلەن ئوقۇشىغا ئورۇنلاشتۇرۇشىدىنلا ئىبارەت.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىدە مۇئەييەن بىر ۋەقەلىك، مەيلى ئۇ قانداق ئۇسۇل ياكى شەكىل بىلەن بولمىسۇن ئوقۇرمەن ۋە كۆرۈرمەنگە تەسىر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئارتقۇزىدۇ. دېمەك، پىروزىنىڭ ئېپىك تۈرىگە تەۋە ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ۋەقەلىك ياكى ئېپىك بايانىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنداق ۋەقەلىك نەسرىي شەكىلدە، پېرسوناژلارنىڭ ماسلىششى بىلەن قاپىيەسىز جۈملە شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. باشقىچە ئۇسۇلدا بولسا تەبىرنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ.

## 5. پىروزا ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ھەققىدىكى قاراشلار

نۆۋەتتە پىروزا ساھەسىدە بەزى مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ ھەم يېڭى- يېڭى مەسىلىلەر پەيدا

بولىۋاتىدۇ، ھەتتا بەزى مەسىلىلەر ئىبغىرلاپ كېتىۋاتىدۇ.

شېئىرىي چۆچەك. شېئىرىي چۆچەكنىڭ ئەسلىي شەكلى چۆچەك بولۇپ، كېيىنكىلەر ياكى شائىرلار بەدىئىي ئىش قوشۇش ئارقىلىق نەسرىي باياندىن نەزمىيلەشتۈرۈپ داستان شەكلىگە كىرگۈزگەن. بۇ خاراكتېر جەھەتتە يەنىلا داستان تۈرىگە تەۋە بولىدۇ. چۈنكى چۆچەكتە ۋەقەلىك نەسرىي شەكىلدە ئىپادە قىلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئۇ پۈتۈنلەي ئاغزاكى ئەدەبىياتقا تەئەللۇق. شېئىرىي چۆچەك دېيىش مۇنداقچە ئاتاپ قويۇلغان ئاتاش ئادىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، شېئىرىي چۆچەك دېگەن ئاتالغۇ تېرمىنولوگىيە پېنىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. يەنى ئۇ قارمۇ-قارشى ئىككى ئاتالغۇدىن ياسالغان تېرمىن بولۇپ، نەزمىي ئەسەر ھېسابلىنىدىغان شېئىر بىلەن نەسرىي ئەسەر تۈرىگە تەۋە چۆچەكنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان. بۇنداق قارمۇ-قارشى ئۇقۇملارنى جۈپلەپ خاس بىر پۈتۈن ئاتالغۇ ياساش ناتوغرا ئۇسۇلدۇر.

شېئىرىي مەسەل. بۇمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئەھۋال بولۇپ، يېقىنقى زامانغا كەلگەندە يازغۇچىلار خەلق چۆچەكلىرى ۋە مەسەللىرى ئاساسىدا بىر تۈركۈم يازما چۆچەكلەر ۋە مەسەللەرنى ئىجاد قىلىپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تۈرىنى كېڭەيتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا خەلق ھېكايىلىرى، مەسەللىرى ئۇسلۇبىدا بولغاچقا خاس تۈر تۈرغۇزۇپ مۇھاكىمە قىلىش ھاجەتسىز. مۇبادا چوقۇم مۇلاھىزە قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنى چۆچەك ياكى خەلق ھېكايە ۋە مەسەللىرى دائىرىسىدىن ئايرىپ، يازما ئەدەبىياتنىڭ ھېكايە تۈرى دائىرىسىدە مۇلاھىزە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى چۆچەك ۋە مەسەللەر ئەسلىي ئاغزاكى نەسرىي ئەسەرلەر بولۇپ، يازغۇچىلارنىڭ ئىش قوشۇشى بىلەن شەكىل ۋە ئۇسلۇبتا تۈپتىن ئۆزگىرىش ياساپ ئىمزالىق ئەدەبىياتقا ئايلىنىدۇ. مەلۇمكى، ئىمزا(ئاپتورى)نىڭ بولۇش-بولماسلىقى بىلەن بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر خاراكتېر جەھەتتە ئۆزگىرىپ، ئاغزاكى ئەدەبىيات ۋە يازما ئەدەبىيات دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىلغان.

شېئىرىي رومان. بۇ ئەسلىدە داستان چۈشەنچىسىنى بېرىدىغان ئاتالغۇ. ئۇ خۇددى شېئىرىي چۆچەككە ئوخشاش قارمۇ-قارشى مەنىلىك ئىككى سۆز (ئۇقۇم) دىن بېرىكتۈرۈلگەن. بۇنىڭ ئاتالغۇ سۈپىتىدە ياسىلىشىمۇ ئوخشاشلا ئاتالغۇشۇناسلىق ئىلمىگە ئۇيغۇن ئەمەس. شۇڭا بۇنداق ئاتالغۇنى ئىشلەتمەي، داستان ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىش ئەڭ توغرا ئۇسۇل.

شېئىرىي نەسر ۋە نەسرىي شېئىر. بۇلار خۇددى شېئىرىي چۆچەك، شېئىرىي رومان دېگەنلەرگە ئوخشاشلا ئىلمىي يوسۇندا قوللىنىلمىغان ئاتالغۇ بولۇپ، توغرىسى يەنىلا نەسر دەپ ئاتىلىشى كېرەك.

ھېكايە. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدا ھېكايە، كەڭ ۋە تار مەنىلەردە ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن خەنزۇ تىلىدىكى«小说» نىڭ ئىستېمال مەنىسىگە پۈتۈنلەي ئوخشاش. يەنى،كەڭ مەنىدە، بارلىق نەسرىي ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ، تار مەنىدە پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغان، مەزمۇن ۋەقەلىك ئاساسىدا قانات يايدۇرۇلىدىغان، چاققان ھەجىمدىكى بەدىئىي ئەسەر مەنىسىنى بېرىدۇ.

قىسقا ھېكايە( مىكرو ھېكايە )، بىر مىنۇتلۇق ھېكايە، ئۈچ مىنۇتلۇق ھېكايە قاتارلىقلار. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئامېرىكىدا ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ قىسقا ھېكايە «يەر شارىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئادەم ئولتۇراتتى، بىرى ئىشىكنى چەكتى»دېگەن بىر پارچە ھېكايە ئېلان قىلىنغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، 1984ـ يىلى يەنە ئامېرىكىدا تېكىستى«تور»دېگەن بىر سۆزدىن ئىبارەت ھېكايە مەيدانغا كەلگەن، ھەم بۇ ھېكايە ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ قىسقا ھېكايە دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. شۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇكى، يۇقىرىقى ئىككىلا ھېكايە غەلىتە بىر خىل ھادىسە بولۇپ، ھېكايە ئۇنداق ئاددىي بولىدىغان بولسا، ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ھەم ئۇنى ئوقۇپ يورۇشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايدۇ. بۇنى پەقەت غەرب دۇنياسىدا ئۇلۇغ كەشپىياتلارنىڭ بولۇپ تۇرۇشى بىلەن بىرگە، غەلىتە ئىشلارنىڭمۇ بارلىققا كېلىپ تۇرۇش ھادىسىسى بىلەن ئوخشاش بىر ئىش دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

بىر مىنۇتلۇق ھېكايە، ئۈچ مىنۇتلۇق ھېكايە ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈش بولۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت مەسىلىسىدە قالايمىقانچىلىق تېپىپ بەرگەنلىكتىن ئىبارەت. چۈنكى، بۇنداق كەلسە-كەلمەس ئىسىم قويغاندا، ئۇ خىل ئەسەرلەر توغرىلىق ئايرىم-ئايرىم مۇلاھىزە قىلىشقا ياكى مۇنداق ئاتالغۇلارغا قوللانمىلار،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

لۇغەتلەر ياكى دەرسلىكلەردە ئىزاھات بېرىشكە، مەزمۇننى تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. خاسلىقى بولمىغان بۇنداق ئۇقۇم ۋە شەيئىلەرگە تەبىر بەرگىلى ياكى مەزمۇننى ئالاھىدە ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ، زورىغا تەبىر بېرىپ، ئىزاھلىغاندا كېلەڭسىزلىك، تەكرارلىق، مۈجمەللىك كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئاتالغۇلارنى ئامال بار ئىشلەتمەسلىك ياكى مۇلاھىزە مەيدانلىرىغا ئېلىپ كىرمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىش لازىم.

شېئىرىي دىراما. دىراما ئەسەرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئادەتتە نەسرىي شەكىلدە يېزىلىدۇ. شېئىر شەكلىدە يېزىلغان دىراما ئەسەرلىرى تولىمۇ ئاز، بۇ خىل ئەسەرلەرنى سەھنىلەشتۈرگەندە ئۇنىڭ ئاممۇۋىلىقىنى كۈچەيتىش قىيىنغا توختايدۇ ھەم بازىرى بولمايدۇ. چۈنكى، كۆرۈرمەنلەرنىڭ تولىسى ئادەتتە شېئىرىي تىلنى دېگەندەك چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا شېئىرىي دىراما ئەسەرلىرىنى يېزىش ۋە سەھنىلەشتۈرۈشنى تەكىتلەش ھاجەتسىز.

تېلېۋىزىيە تىياتىرى، رادىيو دىرامىسى، ئېپىزوت، ئېتۇت، ئېيتىشىش (كومېدىيە، تىراگېدىيە، ئوپېرا) قاتارلىقلار. بۇلار چوڭ جەھەتتە سەھنە ئەسەرلىرى تۈرىگە تەۋە بولۇپ، ئۇلارغا ئايرىم تەبىر بەرگەندە ئىنچىكە پەرقىنى كۆرسىتىش بىر قەدەر قىيىنغا توختايدۇ. شۇڭا سەھنە ئەسەرلىرى تۈرى دائىرىسىدە مۇھاكىمە قىلىش ئىلمىيلىككە ئىگە يول بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەتقىقاتنىڭ ئىلمىيلىشىشى ۋە بۇ تۈرلەر تەرەققىياتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن خاس تەبىرلەر بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. يۇقىرىدا، بۇ ژانىرلار توغرىلىق تەبىرلەرنىڭ مەزمۇنى مۇھاكىمە نۇقتىسى بولۇپ قالسۇن ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈم.

تىراكومېدىيە. بۇ ھەم تىراگېدىيە ھەم كومېدىيە خاراكتېرىگە ئىگە سەھنە ئەسىرى بولسىمۇ، بىراق، ئۇ ئاتالغۇشۇناسلىق پېنىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئاتالغۇ بولۇپ، بۇنداق ئىسىم بىلەن بىرەر ئۇقۇمنى، يەنى يا تىراگېدىيەنى يا كومېدىيەنى ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. ياكى ئۇنىڭدا تۇرۇش ياكى بۇنىڭدا تۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ تىراگېدىيەلىك خاراكتېرى كۈچلۈكرەكلىرىنى، قوشۇمچە ئالاھىدىلىكىگە قارىماي، تىراگېدىيە دەپ، كومېدىيەلىك ئالاھىدىلىكى كۈچلۈكرەكلىرىنى كومېدىيە دەپ ئاتاش لازىم. ئايرىم خۇسۇسىيىتىنى تۇتۇۋېلىپ، ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا تەۋە قىلىپ يۈرۈشكە بولمايدۇ. دۇنيادا بەزى شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى يەنە بەزى شەيئىلەردە بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. مەسىلەن، بەزى ھايۋانلارنىڭ كۆرۈش، ئاڭلاش، پۇراش سېزىمى ئادەمنىڭكىدىن ئۈستۈن، ئەمما، بۇنىڭغا قاراپ ئۇنداق ھايۋانلارنى ئادەملەرگە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. يۇقىرىدا مەن باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭ تىراكومېدىيەگە بەرگەن تەبىرىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىلىپ قېلىشى ئۈچۈن تىلغا ئېلىپ ئۆتتۈم. مېنىڭ قايتا تەۋسىيەم، ئىككى بىسلىق ئۇقۇم، جۈملىدىن، تىراكومېدىيىگە ئوخشاش ئۇقۇملارغا تەبىر بەرگىلى ۋە ئۇنداق شەيئىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولمايدۇ، دېيىشتىن ئىبارەت.

ئېپىك ئەدەبىيات. يېقىنقى بىر قانچە ئون يىل مابەينىدە ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك سۈپىتىدە تۈزۈلگەن بەزى كىتابلاردا «ئېپىك ئەدەبىيات» ھەققىدە بايانلار بېرىلگەن بولۇپ، بۇلارنى تەھلىل قىلىپ كۆرگەندە بەزى مۈجمەللىكلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: «ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «ئېپىك ئەسەرلەر ــ تىل سەنئىتىگە مەنسۇپ بولغان ھەر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىش ئارقىلىق، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل ئەدەبىي ژانىر. ئۇنىڭ مەنبەسى قەدىمكى زامانىدىكى ئەپسانە، رىۋايەتلەر... يېقىنقى زامانىدىكى ‹ئېپىك ئەسەر› ــ ھېكايە سۆزلەشنى ۋە پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشنى ئاساس قىلغان ئەدەبىي ژانىرنى كۆرسىتىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ئېپىك ئەسەرلەر تەرەققىيات تارىخىدىن قارىساق، ئۇ ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردىن تارتىپ، ئالتە سۇلالىدىكى غەلىتە چۆچەكلەر، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ رىۋايەتلەر، سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئېغىز ئەدەبىياتى، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى بابلىق رومانلار ۋە ‹4-ماي› ھەرىكىتىدىن بۇيانقى ھازىرقى زامانىدىكى ھېكايە- رومانلارغىچە بولغان ئۇزۇن تارىخىي جەرياننى بېشىدىن كەچۈرگەن»[4]. «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسلىرى» ناملىق كىتابتا مۇنداق يېزىلغان:«...بەزىلەر ئەدەبىياتنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ (ئەدەبىياتنى)، نەزم ۋە نەسر(پوئېزىيە ۋە پىروزا) دەپ ئىككى چوڭ ژانىرغا بۆلسە،

يەنە بەزىلەر ئاساسەن ئەدەبىياتنىڭ ئوبراز يارىتىش شەكلىنى نەزەردە تۇتۇپ، شېئىر، ئېپىك ئەسەر(پىروزا)، تىياتىر(سەھنە ئەسەرلىرى)، نەسر قاتارلىق تۆت ژانىرغا بۆلىدۇ...»[5]. يەنە شۇ كىتابتا «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى بويىچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى «تۆتكە بۆلۈش ئۇسۇلى»غا كەلسەك، بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۆزىنىڭ ئوبراز يارىتىش، تەشكىلىي قۇرۇلمىسى، تىل ئىشلىتىش ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاش بولمىغان ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ، بۇلارنى يىغىنچاقلاپ تۈرگە ئايرىغاندا مۇنداق تۆت تۈرگە بۆلىنىدۇ: شېئىرىيەت، ئېپىك ئەسەر، نەسر ۋە دىراما ـ تىياتىر ئەدەبىياتى»[6]. «يېزىقچىلىق ئاساسلىرى» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «ئېپىك ئەسەرلەردە پېرسوناژلار ئوبرازى ھەر تەرەپلىمە ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. روشەن بولغان پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. كىتابخانلار تەربىيەگە ئىگە قىلىنىدۇ...ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ تۈرلىرى كۆپ ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، تەرجىمىھال شەكلىدىكى ئېپىك ئەسەر، خاتىرە شەكلىدىكى ئېپىك ئەسەر ، خەت-چەك شەكلىدىكى ئېپىك ئەسەر ، باب ۋە پىراگرافلىق ئېپىك ئەسەر دەپ تۆت تۈرگە... بۆلىنىدۇ» [7] دېيىلگەن.

بۇ نەقىللەردىن، ئېپىك ئەسەرنىڭ ئاساسەن نەسرىي ئەسەر ياكى پىروزىنى كۆرسىتەتكەنلىكى بىلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، يۇقىرىقى ئۈچ كىتابنىڭ ھەممىسىدە «ئېپىك»سۆزى يەنە «شېئىر»نىمۇ ئىنقىلاپ «ئېپىك شېئىر» دېگەن ئۇقۇم شەكلىدىمۇ قوللىنىلغان. بۇنىڭدىن، بۇ كىتابلارنى تۈزگۈچىلەرنىڭ «ئېپىك»سۆزىنىڭ مەنىسىگە ئىنچىكە دىققەت قىلمايلا ئىشلەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئورۇندا ئېپىك سۆزىنى ئىشلەتمەكچى بولغاندا «ئېپىك پىروزا»ياكى ئېپىك ھېكايە، ئېپىك نەسر (ئېپىك نەسرىي ئەسەر) دېيىلسە ئۇقۇم مۇجمەللىكى كېلىپ چىقمىغان بولاتتى. چۈنكى، «ئېپىك» سۆزى ئەسلىي مەنىسى بويىچە«ۋەقەلىك»دېگەنلىك بولۇپ، بۇنداق ۋەقەلىك مەيلى ھېكايىنىڭ ئېپىك تۈرىدە بولسۇن، مەيلى شېئىرنىڭ ئېپىك تۈرى(جۈملىدىن داستانچە، باللادا، داستان، ئېپوسلار) دە بولسۇن، ئوخشاشلا تەدبىقلىنىدۇ ياكى رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

## 6. ئەدەبىي تۈر ۋە ژانىرلارنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدە

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي تۈر، ژانىرلار جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان، ئازلىقتىن كۆپىيىپ تەرەققىي قىلغان. ئەمما ئۇ مەيلى قانچىلىك كېڭىيىپ، تەرەققىي قىلىپ كۆپەيسۇن، قانۇنىيەتلىك يوسۇندا كۆپىيىپ، كېڭىيىپ، تەرەققىي قىلغان. كەلسە-كەلمەس يول بىلەن ماڭغان ئەمەس. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى چوقۇم ئەدەبىيات پېنىنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرى ئاساسىدا ئۆگىنىشكە، مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بەزىلەر يۇقىرىدا ئېيتىلغان بەزى تەلەپ ياكى تەلەپ خاراكتېرىدىكى تەبىرلەرنى تار رامكا دائىرىسىگە كىرىپ قالغانلىق دەپ قارىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، دۇنيادىكى بارلىق شەيئى-ھادىسىلەر، ئىش- ھەرىكەتلەر مۇئەييەن قائىدە -قانۇنىيەت ئاساسىدا مەۋجۇدلىقىنى ساقلايدۇ. قائىدىسىز، قانۇنىيەتكە بويسۇنمايدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق. مۇبادا بەزى نەرسىلەر قائىدىدىن چىقىپ، قانۇنىيەتكە بويسۇنمايدىغان بولسا، بۇنى قائىدىگە چۈشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەزى مۇكەممەل بولمىغان قائىدە-قانۇنىيەتنى قېلىپلاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

ئەدەبىياتمۇ باشقا بارلىق پەن ھادىسىلىرىگە ئوخشاش قائىدە- قانۇنىيەتلىك پەن. ئۇنداق بولمايدىكەن ئۇنى تەپەككۇر جەھەتتە نورمال ئادەملەرنىڭ پائالىيىتى دېگىلى بولمايدۇ، ھەم ئۇنى پەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. ئەدەبىياتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاش ھەم تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ قائىدە- قانۇنىيىتىنى كونكرېتلاشتۇرۇش، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش لازىم. ھەرقانداق تۈر، ھەرقانداق ژانىر، ھەرقانداق شەكىلنى چوقۇم تۇراقلاشقان ياكى بەلگىلەنگەن قائىدە-قانۇنىيەت ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېزىقچىلىق ئاساسلىرى، ئەدەبىيات سەنئەت

www.uyghurkitap.com



نەزەرىيەسى ئاساسلىرى دېگەندەك كىتاب، قوللانمىلارنى يازغاندا ياكى تۈزگەندە چوقۇم قائىدە-قانۇنىيەتكە بويسۇنۇش لازىم. ئۇنىڭدىكى ھەر بىر ئۇقۇم، ھەر بىر چۈشەنچە، ھەر بىر ئاتالغۇنىڭ قائىدە- قانۇنىيەتكە بويسۇندۇرۇلغان. ھېچ بولمىدى دېگەندە، ھېكايە مىڭ خەتتىن ئون مىڭ خەتكىچە، پوۋېست ئون مىڭ خەتتىن يۈزمىڭ خەتكىچە، رومان يۈز مىڭ خەتتىن ئارتۇق بولىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم بولۇشى كېرەك. مۇبادا مۇشۇنداق ئاددىي ئۆلچەممۇ بولمىغاندا، بۇ ئۈچ ژانىرنىڭ ئېنىق ياكى ماھىيەتلىك پەرقىنى ئېنىق كۆرسەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بۇلار تىل ئىشلىتىش، بايان ئۇسۇلى، ۋەقەلىك تەسۋىرى، پېرسوناژلار ئوبرازى قاتارلىق تەرەپلەردە روشەن پەرقە ئىگە ئەمەس. مەلۇمكى، ئۇقۇملارنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ بەلگىسى ئۇنىڭ ھەجمى ۋە مېغىزى بولۇپ، بۇنىڭ بىرى كەم بولسا، ئۇقۇملارنى خاسلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ھېكايە، پوۋېست، رومانلارنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى ئۇلارنىڭ ھەجىم ئۆلچىمى بولۇشى ھەمدە ئەدەبىياتقا، بولۇپمۇ پىروزا تۈرىنىڭ ھەر قايسى ژانىرلىرىغا تەتبىقلىنىشى لازىم. شۇندىلا ئەدەبىياتنىڭ قائىدە- قانۇنىيەتلىرى ھەممە ئادەمنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا، باشقا كەسىپتىكىلەرنىڭ توغرا باھاسىغا ئېرىشەلەيدۇ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەدەبىيات ئوڭاي كەسىپ، ، ئەدەبىياتنىڭ قائىدە-قانۇنىيىتى يوق، دېگەندەك بىمەنە باھالىرىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئەدەبىيات قوشۇنىنىڭ پاكلىقىنى قوغداپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ پاخاللىشىپ كېتىشىنى توسقىلى، ئىجتىمائىي قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى، جاپاكەش ئەدىبلەرنى قەدىرلىنى رۇسلاپ، دەۋرنىڭ تەلىپى، خەلقنىڭ ئېھتىياجى، بازار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇنلىشالايدىغان قىلغىلى، باشقا يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

## خۇلاسە

يۇقىرىدا ئەدەبىيات پېنى (بۇ يەردە ئاساسەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) نى يالغۇز ئەدەبىياتشۇناسلىق نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى مېتودولوگىيە، لوگىكا، پەلسەپە ۋە تېرمىنولوگىيە (ئاتالغۇشۇناسلىق) پەنلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىلمىي قاراشلىرى ئاساسىدا بەزى ئۆزگىچە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈم. بۇنداق قىلىشتىن مەقسىتىم ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىنى تېخىمۇ ئىلمىيلاشتۇرۇشقا، سىستېمىلاشتۇرۇشقا ۋە توغرا ئىزغا سېلىشقا كۈچ قوشۇشتىن ئىبارەت. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆتمۈشتىكىلەر، ئۇستازلار ۋە كەسىپداشلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن قۇسۇر تېپىش ياكى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇچۇغدېۋېلىش، تەنقىدلىۋېلىش ئەمەس. كەسىپداشلارنىڭ بۇنى چوقۇم توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. كەسىپداشلار، ئۇستازلار ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ يەنە باشقىچە پىكرى بولسا بىرلىكتە ئورتاق مۇھاكىمە قىلىشنى خالايمەن.

## ئىزاھلار

[1] بۇ ھەقتە ئاپتورنىڭ«پىروزا ۋە پوئېزىيە»(«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2007-يىللىق 3-سانى) ۋە«لىرىكا ۋە ئېپىكا» («تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2005-يىللىق 11-سانى)ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن.

[2] غەيرەتجان ئوسمان باشچىلىقىدا يېزىلغان«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، 1-قىسىم، 354 -بەت، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2002.

[3] بۇ ھەقتە مەن « نەسر ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە» («تارىم»2004-يىللىق 8-سان) دېگەن بىر پارچە ماقالە يازغان ئىدىم، مەزكۇر تېمىغا قىزىققۇچىلارنىڭ شۇ ماقالىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

[4] [6] يې چۈن يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن «ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى»، 682-، 664-بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1983.

[5] ئابلەت ئۆمەر باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسلىرى» ، 536 -بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1997.
[7] ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن « يېزىقچىلىق ئاساسلىرى» ، 373ـ،374 ـ، 375 ـبەتلەر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2006.

## پايدىلانمىلار

1. « ئەدەبىيات لۇغىتى»، مەكتەپ نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى ئالمۇتا، 1974.
2. «سىخەي» (ئوكيانۇس)، خەنزۇچە، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى، شاڭخەي، 1979.
3. «قىسقىچە پەلسەپە لۇغىتى»، م.روزىنتال، يۇدىن(رۇسىيە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1984.
4. «پەلسەپە ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1984.
5. «قىسقىچە ئەدەبىيات لۇغىتى»، جۇۋ خوڭشىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، يازغۇچىلار نەشرىياتى، بېيجىڭ،1987.
6. مەھمۇد زەئىدى، سەمەت دۇگايلىنلار تۈزگەن «ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1988.
7. راززاق مەتنىياز باش تۈزگۈچىلىكىدە تەييارلانغان «ئومۇمىي لوگىكا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1996.
8. مۇھەممەتئىمىن جاپپار تۈزگەن«ئەدەبىيات لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1996.
9. يىن دېگاڭ، جۇۋشىڭ: «بۈگۈنكى دەۋر ئاخبارات يېزىقچىلىقى»، فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، شاڭخەي، 1997.
10. ئوسمان ئىسمائىل:«خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1998.
11. پىڭ جىشياڭ: «سەنئەتشۇناسلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن سەنئەت نەزەرىيەسى دەرسلىكى، شىنجاڭ رادىيو-تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۈرۈمچى، 2005.
12. تۇرسۇن قۇربان تۇركەش قاتارلىقلار تۈزگەن«يېزىقشۇناسلىق»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2005.
13. ئازاد سۇلتان قاتارلىقلار تۈزگەن«ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيەسىدىن ئاساسلار»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2005.
14. مۇختەر مەخسۇت: «ئەسىر بوسۇغىسىدا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2009.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 8 _ 017 _ 02 (2011) 5878 _ 1005

# ۋالېنت ئاساسىدىكى ئۇيغۇر تىلى رامكا تورىنىڭ سېمانتىكىلىق رولچىلار سىستېمىسى تەتقىقاتى*

ئۆمەرجان قۇربان[1]، غالىپ قۇربان[2]

(1.شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)
(2.شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇچۇر ئىلمى ۋە تېخنىكىسى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** سېمانتىكىلىق رولچىلار مۇئەييەن سېمانتىكىلىق ۋەزىپە ئۆتەيدىغان سېمانتىكىلىق تەركىبلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى رامكا تورى( UFN ) دىكى رامكا، سۆزلەملەرنىڭ تەسۋىرلىنىشى، شۇنداقلا جۈملىلەرنىڭ ئىزاھلىنىشى دەل ۋالېنت ئاساسىدىكى سېمانتىكىلىق رولچىلار ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. مەزكۇر ماقالىدە، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەمەلىي تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا UFN رامكا بۆلەكلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ سېمانتىكىلىق- سىنتاكسىس قۇرۇلمىسىدىكى سېمانتىكىلىق رولىغا ئاساسەن بېكىتىلگەن سېمانتىكىلىق رولچىلار سىستېمىسى بايان قىلىنىدۇ.

**摘要：**语义角色是指承担特定的语义任务的语义元素。维吾尔语框架网络中框架和词元的描写以及句子的描述只能通过语义角色的手段体现出来。本文提出基于维吾尔语实际语料库和的语义–句法结构的语义角色的系统。

**Abstract:** The semantic roles refer to those semantic elements which bear specific semantic task. The depiction of frames, lexemes as well as description of sentences of UFN in Uyghur language can emerge only by means of semantic roles. This paper puts forward the semantic roles system based on actual corpus and semantic –syntactic structures of Uyghur language

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G122　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

سېمانتىكىلىق رولچىلار(Semantic Roles) ئۇقۇمى ئەڭ دەسلەپتە گرۇبېر (Gruber 1965) ۋە فىلمور(Fillmore 1968) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ ئادەتتە پېئىل بىلەن ئىسىملار بىرىكىپ سېمانتىكىلىق قۇرۇلما ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئىسىملارنىڭ مۇشۇ قۇرۇلمىدىكى سالاھىيىتى ياكى ئوينايدىغان رولىنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سېمانتىكىلىق رولچىلار سېمانتىكىلىق قۇرۇلمىدا ئوبيېكت، سۇبيېكت قاتارلىق ھەر خىل رولغا ئىگە ئەزالار(argument) دىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار پېئىلغا باغلىنىشلىق بولغان ئوبيېكت، سۇبيېكت، ئورۇن، مەنزىل، سەۋەب، نەتىجە قاتارلىق ئېلېمېنتلاردىن تۈزۈلىدۇ. سېمانتىكىلىق رولچىلار ئۇقۇمى بىر قاتار سېمانتىكىلىق ـ سىنتاكسىسلىق تىل ھادىسىلىرىگە باغلىنىشلىق، ھەم سېمانتىكا قاتلىمىدىكى تىل ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئاساسى بولغاچقا، بۇ ھەقتىكى تەتقىقات گرۇبېر ۋە فىلمور قاتارلىق تىلشۇناسلارنىڭ سېمانتىكا تەتقىقاتىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن.

## 1 . نەزەرىيە ئاساسلىرى

### 1) سېمانتىكىلىق رولچىلار تەتقىقاتى

* بۇ ماقالە 2010-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە، مائارىپ مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات فوندى، (نومۇرى: 10XJJC740003 )، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتور تەتقىقات فوندى (نومۇرى:07020428065) ۋە دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات فوندىنىڭ ( 07 B YY056) ياردىمىگە ئېرىشكەن.
**ئاپتورلار:** ئۆمەرجان قۇربان (1972-يىلى 3- ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، دوكتور، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇچۇر ئىلمى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
غالىپ قۇربان (1967 - يىلى 8- ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، دوكتورانت، كومپيۇتېر ۋە ئۇچۇر ئىلمى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

سېمانتىكىلىق روللار (Semantic Roles) سېمانتىكا قاتلىمىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار سىنتاكسىسلىق قاتلامدا ئىگە، خەۋەر قاتارلىق جۈملە بۆلەكلىرى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بىراق ئەمەلىي تىل ئىستېمالى جەريانىدا سېمانتىكىلىق قاتلامدىكى ھەرقايسى روللار بىلەن سىنتاكسىسلىق قاتلامدىكى جۈملە بۆلەكلىرى بەزىدە بىرگە بىر ماس كەلسە بەزىدە سېمانتىكىلىق روللار سىنتاكسىسلىق قاتلامغا ئۆتۈش جەريانىدا سېمانتىكا قاتلىمىغا تەۋە بولمىغان تىل ئامىللىرى مەسىلەن، زامان، تۈس، كېلىش قاتارلىق گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ سېمانتىكىلىق روللار بىلەن سىنتاكسىسلىق قاتلامدىكى جۈملە بۆلەكلىرى ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە ماس كەلمەيدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، سېمانتىكىلىق روللار بىلەن سىنتاكسىسلىق تەركىبلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتى ئەزەلدىن تىلشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلگەن.

گرۇبېر سېمانتىكىلىق قاتلامدىكى ھەر قايسى ئەزالارنىڭ پېئىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن ئەڭ دەسلەپتە سېمانتىكىلىق روللارنى 6 گە بۆلگەن بولۇپ، ئۇلار ئىجراچى (agent)، سۇبيېكت (theme)، ئورۇن (location)، مەنبە (source)، نىشان ( goal) دىن ئىبارەت. فىلمور 1968ـ يىلى «سېمانتىكىلىق كېلىش» (يەنى سېمانتىكىلىق رولچى) ئۇقۇمىنى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىل مابەينىدە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ سېمانتىكىلىق روللاردىن 13 نى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە چوڭقۇر قاتلام (Deep structure) دىكى سېمانتىكىلىق روللار تەرتىپلىك ھالەتتە بولمايدۇ ھەم سىنتاكسىسلىق قاتلامدىكى جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن بىرمۇ-بىر ماسلاشمايدۇ، شۇنداقلا سىنتاكسىسلىق قاتلامغا ئۆتكەندە پېئىل بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تاللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. خېلبىگ (Helbig 1982) لوگىكىلىق ۋالېنت نەزەرىيەسى ئاساسىدا سېمانتىكىلىق قاتلامدىكى پېئىل بىلەن باشقا تەركىبلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، سېمانتىكىلىق روللارنى « لوگىكىلىق ـ سېمانتىكىلىق ۋالېنت » دەپ قارىغان[1]. جەكېندوف(Jackendoff 1990) « لېكسىكىلىق ئۇقۇم قۇرۇلمىسى» نەزەرىيەسىنى چىقىش قىلىپ، سېمانتىكىلىق روللار دەل لېكسىكىلىق ئۇقۇم قۇرۇلمىسىنىڭ كونكرېت مەۋجۇت بولۇش شەكلى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇقۇم قۇرۇلمىسى بىلەن سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىنىڭ ماسلىشىش مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ؛ دەپ قارىغان. ئۇ يەنە سېمانتىكىلىق روللار پېئىل بىلەن باغلانغاندا قاتلام پەرقىگە ئىگە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ[2]. دوۋتى (Dowty 1991 ) « ئەسلىي تىپلىق ئىجراچى » (proto_agent ) ۋە « ئەسلىي تىپلىق قوبۇلدار» (proto_patient ) دىن ئىبارەت ئىككى ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە، سېمانتىكىلىق روللار تارقاق ھالەتتىكى سېمانتىكىلىق ئەزالار( semantic argument)بولماستىن بەلكى چېگرىسى ئېنىقسىز بولغان زەنجىرسىمان تۈپلام ھاسىل قىلىدىغان سېمانتىكىلىق تەركىبلەردىن ئىبارەت[3].

يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈلگەنىدەك، چوڭقۇر قاتلام (deep structure)دىكى سېمانتىكىلىق قۇرۇلما بىلەن سىرتقى قاتلام(surface structure) دىكى سىنتاكسىسلىق قۇرۇلما ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتى تىلدىكى مۇئەييەن ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سۆز ياكى سۆز- ئىبارىلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن پەرقلىق بولغاچقا، فىلمور كونكرېت لېكسىكىلىق بىرلىكلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا سېمانتىكىلىق قۇرۇلما بىلەن سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا «رامكا سېمانتىكا » (frame semantics) نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇئەييەن ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كونكرېت «رامكا» (frame) [4] ئارقىلىق سېمانتىكىلىق قۇرۇلما بىلەن سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ يەردىكى «رامكا» سۆز ياكى جۈملە بولماستىن ماھىيەتتە سۆز ياكى سۆز-ئىبارىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مۇرەككەپ ئۇقۇم سىستېمىسى بولغاچقا ھەرقايسى تەبىئىي تىللارنى تەسۋىرلەشتە خېلى زور ئورتاقلىققا ئىگە، ھەم نۇرغۇن رامكىلارنى ھەرقايسى تىللاردا ئورتاق ئىشلەتكىلى بولىدۇ. بىراق ھەر قايسى تىللارنىڭ لېكسىكىلىشىش (مۇئەييەن ئۇقۇمنىڭ سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىنىش ) دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئوخشاش « ئۇقۇم » دىن تۈزۈلگەن رامكىلار ھەرقايسى تىللاردا بەزىدە ئوخشاش، بەزىدە پەرقلىق ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. ھەر بىر رامكا بىر قاتار رامكا بۆلەكلىرى ( frame elements) دىن تەركىب تاپقان ، رامكا بۆلەكلىرى بولسا مۇئەييەن رامكا ئىپادىلىگەن ۋەقە، ھادىسە ياكى ھەرىكەت ئىشتىراكچىلىرى(participants) بولۇپ، مەلۇم سېمانتىكىلىق رول ئوينايدىغان ئەزالار(argument) دىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەرقايسى رامكا بۆلەكلىرى بىلەن پېئىل ئوتتۇرىسىدىكى سېمانتىكىلىق مۇناسىۋەت ئوخشاش بولمىغاچقا، فىلمور رامكا تورىدا رامكا بۆلەكلىرىنى يادرولۇق بۆلەك ۋە يادروسىز بۆلەك دەپ ئىككىگە بۆلگەن. يادرولۇق بۆلەك بولسا مەلۇم رامكىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈچۈن چوقۇم زۆرۈر بولغان سېمانتىكىلىق رولچىلار( مەسىلەن: ئىجراچى، قوبۇلدار، ھاسىلات قاتارلىقلار ) بولۇپ، ھەرقانداق شارائىتتا جۈملىدە پېئىل بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىپ كېلىدىغان تەركىبلەردىن ئىبارەت. يادروسىز بۆلەك بولسا مەلۇم رامكىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈچۈن زۆرۈر بولمىغان سېمانتىكىلىق رولچىلار( مەسىلەن: قورال، ئورۇن، ۋاقىت قاتارلىقلار ) بولۇپ، ئۇلارنىڭ بولۇش- بولماسلىقى جۈملە قۇرۇلمىسىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. دېمەك، يادرولۇق بۆلەكلەر مەلۇم رامكىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئاساسىي بۆلەك ھېسابلانسا، يادروسىز بۆلەكلەر مەلۇم رامكا ئۈچۈن زۆرۈر بولمىغان قوشۇمچە بۆلەك ھېسابلىنىدۇ. فىلمورنىڭ رامكا سېمانتىكا نەزەرىيەسى ۋە رامكا تورىدا بەرپا قىلغان سېمانتىكىلىق رولچىلار سىستېمىسى سېمانتىكىلىق قۇرۇلما بىلەن سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە مۇئەييەن سۆزنىڭ سېمانتىكىلىق – سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىشتا بىر قەدەر ئۈنۈملۈك بولغاچقا نۆۋەتتە نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەردە ھەرقايسى تىللارنىڭ رامكا تور سىستېمىسى ئىشلەنمەكتە.

**2) ۋالېنت – ئۇيغۇر تىلى رامكا تورى سېمانتىكىلىق رولچىلار سىستېمىسىنىڭ يادروسى**

ۋالېنت – لاتىنچە valentia دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى «كۈچ» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ سۆز 19-ئەسىردە دەسلەپتە لوگىكا ئىلمىدە كەڭ قوللىنىلغان بولۇپ، كېيىنچە خىمىيە ساھەسىگە كىرىپ ئېلېمېنتلاردىكى ئاتوملارنىڭ سانى ۋە ئۇلارنىڭ بىرىكىش ھالىتىنى كۆرسىتىشتە ئىشلىتىلگەن. تىل بەلگىلىرىنىڭ بىرىكىشى ئاتوملارنىڭ بىرىكىشىگە ئوخشاپ كەتكەچكە 20-ئەسىرنىڭ 40 -يىللىرى بۇ ئاتالغۇ تىلشۇناسلىق ساھەسىگە كىرگەن. يەنى«ۋالېنت» دېگەن بۇ ئاتالغۇ فرانسىيەلىك تىلشۇناس تېسنىئېر (Lucien Tesniere) نىڭ «بېقىندىلىق مۇناسىۋەت گىراماتىكىسى» (Dependency Grammar) دىن كەلگەن بولۇپ، بىر سۆزنىڭ مۇئەييەن سېمانتىكىلىق – سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىدىكى باشقا سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن بىرىكىش ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ[5]. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مۇئەييەن ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر سۆز (بولۇپمۇ پېئىل) سېمانتىكىلىق – سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىغا كىرگەندە مەزكۇر سۆز ياكى پېئىلغا بېقىنىپ كەلگەن باشقا سۆزلەر دەل شۇ سۆز ياكى پېئىلنىڭ ۋالېنتى بولىدۇ. بىراق تىلدىكى ھەر خىل ئىش- ھەرىكەت، ۋەقە، ھادىسىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئۇقۇملارنىڭ مەزمۇنى پەرقلىق بولغاچقا، شۇ ئۇقۇملارنى ئىپادىلىگەن سۆزلەرنىڭ ۋالېنتلىرىنىڭ سانى ھەم ئۇلارنىڭ مەزكۇر سۆزلەر بىلەن بىرىكىش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ.

بىلىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىش- ھەرىكەت ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشتىراكچىلىرى(participants) بولىدۇ، بۇلار ئەمەلىيەتتە سېمانتىكىلىق رولچىلار بولۇپ، سېمانتىكىلىق – سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىدا پېئىل بىلەن بىرىكىپ ئىش- ھەرىكەت ۋە ھادىسىلەر ئۇقۇمىنى ئىپادىلىگەن سۆزنىڭ ۋالېنت قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. مۇشۇ سۆزنىڭ سېمانتىكىلىق – سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسىدا شۇ قۇرۇلمىنى ھاسىل قىلىشتا زۆرۈر بولغان سېمانتىكىلىق رولچىلار مەزكۇر سۆزنىڭ يادرولۇق ۋالېنتى ھېسابلىنىدۇ، ئاشۇ قۇرۇلما ئۈچۈن ئانچە زۆرۈر بولمىغان سېمانتىكىلىق رولچىلار مەزكۇر سۆزنىڭ يادروسىز ۋالېنتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ رامكا تورىدا ھەر بىر رامكا مۇئەييەن ئىش- ھەرىكەت ۋە ھادىسىلەر ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدۇ، مۇشۇ ئىش- ھەرىكەت ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئىشتىراكچىلىرى بولسا دەل شۇ رامكىنىڭ بۆلەكلىرى بولۇپ، يادرولۇق بۆلەك ۋە يادروسىز بۆلەك دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. رامكا ئۇقۇم سىستېمىسى بولغاچقا تىلدا كونكرېت سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، يادرولۇق بۆلەك ۋە يادروسىز بۆلەك بولسا ئايرىم- ئايرىم ھالدا مۇشۇ رامكىنى ئىپادىلىگەن سۆزنىڭ سېمانتىكىلىق – سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسىدىكى يادرولۇق ۋالېنتى ۋە يادروسىز ۋالېنتى ھېسابلىنىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ ۋالېنتنى سېمانتىكا رولچىلار سىستېمىسىنىڭ يادروسى دېيىشىمىزدە مۇنداق ئىككى سەۋەب بار: بىرى، ھەر بىر رامكىنى تەشكىل قىلغۇچى رامكا بۆلەكلىرى ئەمەلىيەتتە ۋالېنتلاردىن تۈزۈلىدۇ؛ يەنە بىرى، ھەر بىر رامكىغا تەۋە بولغان سۆزلەملەرنىڭ سېمانتىكىلىق – سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيىتى دەل ئۇنىڭ ۋالېنت خاراكتېرىدە ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، ۋالېنت ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئۇقۇم قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇ مەلۇم ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان رامكا بۆلەكلىرىنى تەشكىل قىلسا، شۇ رامكىغا

ۋەكىللىك قىلىدىغان سۆزنىڭ سېمانتىكىلىق ـ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسىدىكى سېمانتىكىلىق رولچىلارنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ۋالېنت ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى رامكا تورىنىڭ سېمانتىكىلىق رولچىلار سىستېمىسىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ.

## 2. ئۇيغۇر تىلى رامكا تورىنىڭ سېمانتىكىلىق رولچىلار سىستېمىسى

### 1) ئۇيغۇر تىلى رامكا توردا سېمانتىكىلىق رولچىلارنى بېكىتىش پرىنسىپى

ئۇيغۇر تىلىنىڭ رامكا تورى(UFN) كىرگۈزۈلگەن ھەر خىل ئۇچۇرنى كومپيۇتېر ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان تورلاشقان ھالەتتىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ سېمانتىكىلىق لۇغىتى بولۇپ، ئۇنى ئىشلەتكۈچىلەر مېخانىك ۋە ئاپتوماتىك تەرتىپلەر ئارقىلىق چوڭ تىپتىكى ئېلېكترونلۇق ماتېرىياللار ئامبىرىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرىلگەن ھەر بىر سۆزلەمنىڭ سېمانتىكىلىق ۋە سىنتاكسىسلىق ئۇچۇرلىرىغا ئېرىشەلەيدۇ ھەم بۇ ئۇچۇرلارنى توردا كۆرستەلەيدۇ. ھەر بىر سۆزلەم ۋە ئاشۇ سۆزلەم تەۋە بولغان رامكىنىڭ سېمانتىكىلىق ۋە سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتلىرى پەقەت ھەر بىر رامكىدىكى سېمانتىكىلىق رولچىلار ئارقىلىق ئەڭ روشەن گەۋدىلىنىدۇ. بىراق ھەر قايسى تىللاردا سېمانتىكىلىق رولچىلارنى بېكىتىش ۋە ئۇلارنى تۈرگە ئايرىش بىر قەدەر مۇرەككەپ خىزمەت بولۇپ، بۇنداق بولۇشىدا تۆۋەندىكىدەك ئىككى سەۋەب بار: بىرى، سېمانتىكىلىق رولچىلارنىڭ سانى ۋە ئۇلارنىڭ يادرولۇق ياكى يادروسىز دەپ ئايرىلىشى چوڭقۇر قاتلام (deep structure) دىكى سېمانتىكىلىق قۇرۇلمىدا پېئىلنىڭ سېمانتىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە بىۋاستە باغلىنىشلىق بولىدۇ.

سېمانتىكا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، پېئىلنىڭ مەنىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئادەتتە ئۆزئارا پەرقلىق ھەم باغلىنىشلىق بولغان بىرقانچە مەنە بۆلەكلىرىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. M. Rappaport ۋە B. Levin (1995) نىڭ قارىشىچە پېئىلنىڭ بىرقانچە مەنىسى ئىچىدە «قۇرۇلما مەنىسى»( structural meaning ) بىلەن«خاسلىق مەنىسى»( idiosyncratic meaning) ئەڭ مۇھىم بولۇپ، بۇ ئىككىسى پېئىللارنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈشتە ھەم پېئىلنىڭ سېمانتىكىلىق ۋە سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىلىرىنى بېكىتىشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پېئىلنىڭ «قۇرۇلما مەنىسى» پېئىلنى تۈرگە بۆلۈش (مەسىلەن: ھەرىكەت پېئىللىرى، ھالەت پېئىللىرى، پېسخىك پېئىللار دېگەندەك) ۋە ئۇنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسىنى بەلگىلەيدىغان مەنە بۆلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ پېئىلنىڭ سېمانتىكىلىق قۇرۇلمىسى بىلەن ئانچە زور باغلىنىشى بولمايدۇ. پېئىلنىڭ «خاسلىق مەنىسى» بولسا ئوخشاش تۈردىكى پېئىللارنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرىدىغان ھەم پېئىلنىڭ سېمانتىكىلىق قۇرۇلمىسىدىكى سېمانتىكىلىق رولچىلارنىڭ سانى ۋە تۈرىنى بەلگىلەيدىغان مەنە بۆلىكى بولۇپ، پېئىلنىڭ مۇشۇ مەنىسى ئۇنىڭ بارلىق مەنىلىرى ئىچىدىكى يادرولۇق مەنىسى ھېسابلىنىدۇ. پېئىلنىڭ مەنە ئايرىمىسى بويىچە سېمانتىكىلىق رولچىلارنى بەلگىلەش ۋە ئۇلارنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلىش ئۇنۇملۇك ئۇسۇل بولسىمۇ ھەرقايسى تىللار ئوتتۇرىسىدا يەنىلا مۇئەييەن پەرق مەۋجۇت بولغاچقا، ھازىرغا قەدەر بارلىق تىللارغا ماس كېلىدىغان ھەممىباب چارە تېپىپ چىقىلغىنى يوق.

يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، چوڭقۇر قاتلام (deep structure) دىكى سېمانتىكىلىق رولچىلار پېئىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىن ـ يىراقلىقىغا ئاساسەن يادرولۇق ياكى يادروسىز دەپ بۆلۈنگەنچىكە، ئۇلار سىنتاكسىسلىق قاتلامغا ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ سىنتاكسىسلىق قاتلامدىكى كۆرۈلۈش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. يادرولۇق رولچىلار پېئىل بىلەن بىۋاستە باغلانغاچقا سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىدا ئاساسەن تولۇق كۆرۈلىدۇ، بىراق ئۇلارمۇ جانلىق تىلدىكى ئالاقە ۋە تىل ئىشلىتىش(pragmatics) ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، بەزىدە سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىغا چىقالمايدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئالايلۇق، ئۇيغۇر تىلىدىكى مەجھۇل جۈملىلەرنىڭ چوڭقۇر قاتلامدىكى سېمانتىكىلىق رولچىلىرى ئىككى (يەنى ئىجراچى ۋە قوبۇلدار) بولسىمۇ، سىنتاكسىسلىق قاتلامدا ئادەتتە پەقەت ھەرىكەتنىڭ قوبۇلدارى كۆرۈلۈپ، ئىجراچىسى كۆرۈلمەيدۇ. يادروسىز رولچىلارنىڭ پېئىل بىلەن بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باغلىنىشى ئانچە قويۇق بولمىغاچقا، ھەممە تىلدىكى گىراماتىكىلىق ئامىللار ۋە تىل مۇھىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن سىنتاكسىس قاتلىمىدا كۆرۈلۈش نىسبىتى تۆۋەنرەك بولىدۇ. يۇقىرىقى سەۋەبلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۇيغۇر تىلى رامكا تورىنىڭ سېمانتىكىلىق رولچىلىرىنى بېكىتىشتە بىز تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل پرىنسىپنى تۈزۈپ چىقتۇق.

(1) تىل ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىش پرىنسىپى

نۆۋەتتىكى ئۇچۇر دەۋرىدە ھەر قايسى كونكرېت تىللارنىڭ چوڭ تىپتىكى تىل ماتېرىياللار ئامبىرىنى قۇرۇش، شۇنىڭدەك مۇئەييەن نەزەرىيە سىستېمىسى بويىچە ئاشۇ تىل ماتېرىياللىرىنى قاتلام ۋە تىپلار بويىچە تۈرگە ئايرىپ، ئۇلارنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ بېرىش كومپيۇتېردا ئۇچۇر بىرتەرەپ قىلىش، تىلنىڭ لېكسىكىلىق ماتېرىياللار ئامبىرىنى قۇرۇش، ماشىنا تەرجىمىسى، تىلنىڭ تورلاشقان ئۇچۇر سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش قاتارلىق ساھەلەردە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇيغۇر تىلى رامكا تورىنىڭ سېمانتىكىلىق رولچىلار سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ دەۋرگە يۈزلەنگەن چوڭ تىپتىكى تىل ماتېرىياللار ئامبىرىنى قۇرۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

UFN ــ رامكا ئامبىرى، جۈملە ئامبىرى ۋە سۆزلەم ئامبىرى قاتارلىق ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان مول مەزمۇنلۇق بىر قامۇستىن ئىبارەت بولۇپ، رامكا ئامبىرىدا رامكا بىرلىك قىلىنىپ، رامكىغا ئېنىقلىما بېرىلىپ، رامكا بۆلەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سېمانتىكىلىق رولى كۆرسىتىلىدۇ، شۇنىڭدەك مەزكۇر رامكا بىلەن باشقا رامكىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت چۈشەندۈرۈلىدۇ. جۈملە ئامبىرى ھەر بىر كونكرېت رامكىغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەمەر ئىزاھلانغان كەڭ دائىرىلىك جۈملىلەر توپلىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، رامكا ئامبىرى تەمىنلىگەن رامكا ۋە رامكا بۆلەكلىرىنىڭ تىپلىرىغا ئاساسەن، جۈملىنىڭ سېمانتىكىلىق ۋە سىنتاكسىسلىق ئۇچۇرلىرى ئىزاھلىنىدۇ. جۈملە ئامبىرى ئۇيغۇر تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش تەتقىقاتى ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىيال مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. سۆزلەم ئامبىرىدا جۈملە ئامبىرى تەمىنلىگەن ئىزاھلانغان جۈملىلەرگە ئاساسەن ھەر قايسى رامكىلارغا تەۋە بارلىق سۆزلەملەرنىڭ ۋە رامكا بۆلەكلىرىنىڭ سېمانتىكىلىق ۋە سىنتاكسىسلىق بىرىكىش شەكىللىرى كۆرسىتىلگەن بولىدۇ. UFN چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ ئابستراكت ئۇقۇم سىستېمىسى ئۈستىگە قۇرۇلغاچقا مەيلى رامكا ياكى رامكىدىكى سېمانتىكىلىق رولچىلارنى ئىزاھلاش بولسۇن، مەيلى رامكا ئۈچۈن يېتەرلىك جۈملە توپلاپ ئۇلارنى ئىزاھلاش بولسۇن ۋە ياكى ھەر قايسى رامكىلارغا تەۋە سۆزلەملەرنىڭ سېمانتىكىلىق ۋە سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش بولسۇن تىل پاكىتلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەر ساھەگە چېتىشلىق مول مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرىلىك يازما ماتېرىياللار توپلىمى ئىچىدىن ئېلىنغان بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. UFN نىڭ سېمانتىكىلىق رولچىلىرىنى تاللاپ بېكىتىشتە يۇقىرىقى تەلەپ كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئوبيېكتىپ تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا بارلىق رامكىدا كۆرۈلگەن سېمانتىكىلىق ئەزالار تەھلىل قىلىنىپ ۋە سېلىشتۇرۇلۇپ، مەنە جەھەتتىن ئۆزئارا پەرقلەنگەن بولسىلا ئۇلار سېمانتىكىلىق رولچىلار دەپ قارالدى ھەم ئۇلارغا مۇۋاپىق بەلگە ھەم رەڭ بېرىلدى.

(2) سېمانتىكا ۋە سىنتاكسىسنى بىرىكتۈرۈش پرىنسىپى

چوڭقۇر قاتلام (Deep structure) دا پېئىل بىلەن باغلىنىپ ئوبيېكت، سۇبيېكت قاتارلىق ھەر خىل سېمانتىكىلىق رولچىلارنى ھاسىل قىلىدىغان سېمانتىكىلىق ئەزالار(argument) سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىدىن ئىبارەت سىرتقى قاتلام (surface structure) غا ئۆتۈپ، ئىگە، خەۋەر قاتارلىق جۈملە بۆلەكلىرىنى ھاسىل قىلغاندىلا ئاندىن تىلدا ھەقىقىي ئىستېمال قىلىنىدۇ. بىراق سېمانتىكىلىق قۇرۇلمىدىكى سېمانتىكىلىق ئەزالار سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىغا ئۆتۈش جەريانىدا بەزىدە تولۇق كۆرۈلىدۇ، بەزىدە ھەر خىل ئوبيېكتىپ ياكى سۇبيېكتىپ ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تولۇق كۆرۈلمەيدۇ. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا مۇنداق ئىككى سەۋەب بار: بىرى، سېمانتىكىلىق رولچىلار سىنتاكسىسلىق قاتلامغا ئۆتۈش جەريانىدا سېمانتىكا قاتلىمىغا تەۋە بولمىغان تىل ئامىللىرى

مەسىلەن، زامان، تۈس، كېلىش قاتارلىق گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيەلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ سىنتاكسىس قاتلىمىغا تولۇق چىقالماي قالىدۇ؛ يەنە بىرى، سېمانتىكىلىق رولچىلار سىنتاكسىسلىق قاتلامغا ئۆتۈش جەريانىدا پېئىلنىڭ سىنتاكسىس قۇرۇلمىغا بىۋاستە تەسىر قىلىدىغان مەنە بۆلىكى « قۇرۇلما مەنىسى» نىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ سىنتاكسىسلىق قاتلامدا ئۆز ئورنىنى تاپالمايدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چوڭقۇر قاتلامدىكى سېمانتىكىلىق رولچىلار بىلەن ئۇلارنىڭ سىرتقى قاتلام ھېسابلىنىدىغان سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىدىكى ئىپادىلىنىش شەكلى بولغان جۈملە بۆلەكلىرى ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە ماس كەلمەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، سېمانتىكىلىق رولچىلار سىنتاكسىسلىق قاتلامغا ئۆتۈش جەريانىدا تىل ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى، تىل ئىشلىتىش ئادىتى، تىل ئۇسلۇبى، شۇنىڭدەك ئەينى چاغدىكى تىل مۇھىتى(context) قاتارلىق ھەر خىل ئامىللارنىڭ تەسىرى ھەم چەكلىمىسىگە ئۇچراپ ، سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىدا كۆرۈلمەيدىغان ياكى جۈملىدىكى ئورنى ئالمىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدا يۇقىرىقى ئامىللار ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولغانلىقتىن، UFN دىكى سېمانتىكىلىق رولچىلارنى بېكىتكەندە سېمانتىكىلىق ۋە سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىنى تولۇق نەزەرگە ئالغاندىلا ئاندىن سېمانتىكىلىق رولچىلارنىڭ تولۇق ۋە ھەقىقىي بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

**2) ئۇيغۇر تىلى رامكا تورىنىڭ سېمانتىكىلىق رولچىلار سىستېمىسى**

لوگىكا نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ھەر قايسى تىللارنىڭ سېمانتىكا قاتلىمىدا مۇئەييەن ئورتاقلىق بولىسمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ سىنتاكسىس قاتلىمىدا روشەن پەرق بولغانلىقتىن، سېمانتىكا تەتقىقاتىدا ھازىرغا قەدەر سېمانتىكىلىق رولچىلارنىڭ ئېنىق سانى ۋە ئۇلارنى بېكىتىشنىڭ پرىنسىپلىرى ھەققىدە بىردەك پىكىر ياكى ئورتاقلىق مەيدانغا كەلگىنى يوق. ئالايلۇق، Penn TreeBank نى سىنتاكسىسلىق ئانالىز قىلىش ئاساسىدا Propbank تا 50 تىن ئارتۇق سېمانتىكىلىق رولچىلار بېرىلگەن[6]، تەيۋەندە قۇرۇلغان خەنزۇچە ماتېرىيال ئامبىرى Sinica Treebank تا جەمئىي 63 سېمانتىكىلىق رولچى كۆرسىتىلگەن[7]، Hownet تا بولسا 42 سېمانتىكىلىق رولچى بېكىتىلگەن[8].

1 ـ جەدۋەل سېمانتىكىلىق رولچىلار ئىستاتىستىكا جەدۋىلى

| رامكا بۆلەكلىرى تۈرى | سېمانتىكىلىق ساھە | سېمانتىكىلىق رولچىلار نامى | ئىنگلىزچە قىسقارتىلمىسى | ئېنىقلىمىسى |
|---|---|---|---|---|
| | | ئىجراچى | agt | ئىش-ھەرىكەتنى قىلغۇچى |
| | | قوبۇلدار | pat | ئىش-ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى |
| | | ھاسىلات | prod | ئىجراچى ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى |
| | | نىشان | goal | ئىجراچى يەتمەكچى بولغان نىشان |
| | ھەرىكەت | مەنبە | sour | ئىجراچى ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى |
| | | مەنپەئەتدار | benf | ئىش-ھەرىكەتتىكى مەنپەئەتلەنگۈچى |
| يادرولۇق بۆلەك | | ئىجراچى-قوبۇلدار | ref | ھەرىكەتنىڭ ئىجراچىسى ۋە قوبۇلدارى |
| | | ھەمدەمچى | co_part | ئىش-ھەرىكەتكە ھەمكارلاشقۇچى |
| | | ياردەمچى | ass | ئىش-ھەرىكەتكە ياردەملەشكۈچى |
| | | قاراتما | tar | ئىجراچى ھەرىكىتىنىڭ ئوبيېكتى |
| | | زىياندار | malef | ئىش-ھەرىكەتتىكى زىياندار |
| | پسىخىكا | سەزگۈچى | exp | پسىخىك پائالىيەتنىڭ سۇبيېكتى |
| | | سېزىلگۈچى | con | پسىخىك پائالىيەتنىڭ ئوبيېكتى |
| | قوزغىتىش | قوزغاتقۇچى | cau | ئىش-ھەرىكەتكە سەۋەب بولغۇچى |
| | | قوزغالغۇچى | cae | ئىش-ھەرىكەتتىكى ئۆزگەرگۈچى |
| | | ئىگىدار | eve_poss | مەلۇم ھالەتنىڭ ئىگىدارى |
| | ھالەت | باغلانغۇچى | phen | ئىگىدارغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقە، ھادىسە |
| | | تولۇقلىما | comp | مەلۇم ۋەقە، ھادىسىگە بېرىلگەن تولۇقلىما |
| | | سېلىشتۇرۇلما | cont | ئىگىدارغا سېلىشتۇرۇلغان ئوبيېكت |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ۋەقە، ھادىسىدىكى ئىزاھلاش ئوبيېكتى | intr | ئىزاھلانغۇچى | مۇناسىۋەت | |
| ۋەقە، ھادىسىدىكى ئىزاھلىغۇچى | elu | ئىزاھلىغۇچى | | |
| ھەرىكەتكە زۆرۈر بولغان سايمانلار | inst | قورال | | |
| ھاسىلاتقا لازىم بولغان لاۋازىمەتلەر | matr | ماتېرىيال | | |
| ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنلاشتىكى مېتود | mth | ئۇسۇل | تايانچ | |
| ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنلاشتىكى ئاساس | evd | دەلىل | | |
| ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنلاشتىكى ۋاستە | mns | ۋاستە | | |
| ئىش-ھەرىكەت يۈز بېرىشنىڭ سەۋەبى | rea | سەۋەب | سەۋەب- | |
| ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنلاشتىكى مۇددىئا | pur | مەقسەت | نەتىجە | |
| مەلۇم ئىش-ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى | res | نەتىجە | | |
| ئىش-ھەرىكەت يۈز بەرگەن ماكان | loc | ئورۇن | | |
| ئىش-ھەرىكەت يۈز بەرگەن ۋاقىت | time | ۋاقىت | مۇھىت | |
| ئىش-ھەرىكەت يۈز بەرگەن دائىرە | scp | دائىرە | | |
| ئىش-ھەرىكەت يۈز بەرگەن شارائىت | circ | شارائىت | | |
| ئىش-ھەرىكەتكە ئالاقىدار قىسمەن ئورۇن | subr | قىسمەن دائىرە | | |
| سۇبيېكتلارغا بېرىلگەن تەسۋىر | depic | تەسۋىر | | يادروسىز |
| سۇبيېكتلارغا بېرىلگەن قىياس | eve_desc | مۆلچەر | | بۆلەك |
| ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ دەرىجىسى | deg | دەرىجە | تەسۋىر | |
| ئىش-ھەرىكەتنىڭ ھالىتى | sta | ھالەت | | |
| سۇبيېكتنىڭ ئىش-ھەرىكەتتىكى ھالىتى | mann | تۇس | | |
| سۇبيېكتنىڭ ھەرىكەتتىكى خاسلىقى | attr | خۇسۇسىيەت | | |
| ئىش-ھەرىكەتنىڭ تېمىسى | top | تېما | | |
| سۇبيېكتلارنىڭ سالاھىيىتى | role | سالاھىيەت | | |
| شەيئىلەرنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى | meas | ئۆلچەم | | |
| شەيئىلەرنىڭ ئېغىرلىق بىرلىكى | quan | مىقدار | ئۆلچەم- | |
| ئىش-ھەرىكەتنىڭ سۈرئىتى | speed | سۈرئەت | مىقدار | |
| ئىش-ھەرىكەت داۋاملاشقان مەزگىل | dur | مەزگىل | | |
| ھەرىكەتنىڭ مەلۇم ۋاقىتتىكى تەكرارلىنىشى | freq | دەۋرىيلىك | | |
| يۆتكىلىش ھەرىكىتىنىڭ باش نۇقتىسى | str_pnt | مەنبە نۇقتا | | |
| يۆتكىلىش ھەرىكىتىنىڭ يۆنىلىشى | dir | يۆنىلىش | يۆنىلىش | |
| يۆتكىلىش ھەرىكىتىنىڭ يولى | path | لىنىيە | | |
| يۆتكىلىش ھەرىكىتىنىڭ مۇساپىسى | dist | مۇساپە | | |
| يۆتكىلىش ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى | ter | مەنزىل | | |

FrameNet تا ھەر بىر رامكا ئايرىم بىر گەۋدە سۈپىتىدە تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىنغاچقا، ئۆزئارا پەرقلىق رامكىلاردىكى سېمانتىكىلىق رولچىلارنىڭ سانى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بۇنداق بولغاندا، رامكا سانىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ رامكا بۆلەكلىرى ئىپادىلىگەن سېمانتىكىلىق رولچىلارنىڭ سانىمۇ ئېشىپ بارىدۇ. ئەمما UFN دىكى سېمانتىكىلىق رولچىلارنى بېكىتكەندە FrameNet تىن پەرقلىق ھالدا رامكا بىرلىك قىلىنماي ھازىرغىچە تاماملانغان 400 رامكىدا كۆرۈلگەن بارلىق سېمانتىكىلىق رولچىلار ئىستاتىستىكا قىلىنىپ ۋە سىپلىشتۇرۇلۇپ، ئاخىرىدا سېمانتىكا جەھەتتىن 11 چوڭ ساھەگە بۆلۈنىدى ھەم دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزئارا پەرقلىق بولغان 52 سېمانتىكىلىق رولچى بېكىتىلدى ۋە ئۇلار ئۆزئارا پەرقلىق 52 خىل رەڭ بىلەن ئىپادىلەندى. بۇلار 1- جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

## خۇلاسە

UFN دىكى رامكا ۋە رامكا بۆلەكلىرىنى تەسۋىرلەش بولسۇن ياكى مۇئەييەن رامكىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان سۆز

ياكى جۈملىلەرنى ئىزاھلاش بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە سېمانتىكىلىق رولچىلارغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. UFN دىكى سېمانتىكىلىق رولچىلار ھەر بىر رامكىنى بىرلىك قىلىپ بېكىتىلگەن بولماستىن بەلكى بارلىق رامكىلاردىكى سېمانتىكىلىق رولچىلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بېكىتىلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە ئىشلەنگەن بارلىق رامكىلارنىڭ سېمانتىكىلىق- سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئەلۋەتتە، نۆۋەتتىكى سېمانتىكىلىق رولچىلار سىستېمىسى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس. رامكا ئەمەلىيەتتە مۇئەييەن ئۇقۇم سىستېمىسى بولغاچقا، كىشىلەر تەپەككۇرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ۋە يېڭى شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ يېڭى رامكىلارنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى مۇقەررەر. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىلگىرى كۆرۈلمىگەن سېمانتىكىلىق رولچىلارمۇ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

## ئىزاھلار


[1] 韩万衡：德国配价论主要学派在基本问题上的观点和分歧 《国外语言学》1997 年，第三期.

[2] Jackendoff, Ray S.： *Semantic Structures.* Cambridge, MA: The MIT Press, 1990: p 32

[3] Dowty： *Thematic Proto_role and Argument Selections*(Language), 1991,Vol.67, No.3 p547_619.

[4] ئۆمەرجان قۇربان، غالىپ قۇربان، رامكا سېمانتىكىسى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ رامكا سېمانتىكا قامۇسى تەتقىقاتى توغرىسىدا [J]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2010 ـ يىللىق 1 ـ سان.

[5] Fillmore, C.J. : Background to FrameNet. International Journal of Lexicography, 2003： 235_250.

[6] M. Palmer, D. Gildea, P. Kingsbury： The Proposition Bank: An Annotated Corpus of Semantic Roles, Computational Linguistics, 2005: 31(1).

[7] 陳鳳儀、蔡碧芳、陳克健、黄居仁. 中文句結構樹資料庫 (Sinica Treebank)的構建. Computational Linguistics and Chinese Language Processing, 1999: Vol.4, No. 2.p87_104

[8] HowNet, http://www.keenage.com/html/c_index.html.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

www.uyghurkitap.com

32 ـ يىللىق 2 ـ سان    شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)    第 32 卷第 2 期
2011 ـ يىلى 6 ـ ئاي    新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)    2011 年 6 月

ماقالە نومۇرى: 10 ـ 025 ـ 02 (2011) 5878 ـ 1005

# بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر يېڭى پىروزىچىلىقىدا بايان ئەندىزىسى*

مەتتۇرسۇن ئېلى

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، ئۈرۈمچى. 430046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 90-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئون نەچچە يىل ئۇيغۇر يېڭى پىروزىچىلىقىنىڭ بىخلىنىش، گۈللىنىش باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، نىسبەتەن يۇقىرى ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن مەزگىلى بولدى. يېڭى پىروزىچىلار ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا كۆپ خىل بايان ئەندىزىلىرىنى شەكىللەندۈردى. بۇ بايان ئەندىزىلىرىنى پسىخىكا-كەيپىيات ئەندىزىسى، تۇيغۇ ـ ئىماگ ئەندىزىسى، مەنە ـ سىمۋول ئەندىزىسى ۋە شېئىرىي كەيپىيات - مەنىۋى مۇھىت ئەندىزىسى قاتارلىقلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

**摘要:** 20 实际 80 年代中期至 90 年代末的十几年，是维吾尔族新潮小说萌芽、繁荣和取得较大艺术成就的时期。新潮小说作家们在创作实践中形成了多种多样的叙述模式。这些叙述模式可以归纳为心理——情绪模式、感觉——意象模式、意蕴——象征模式、诗情意境模式等。

**Abstract:** From the mid 1980s to the end of the 1990s was a time that the Uighur new-tide novels had been initiated, prospered and gained greater artistic achievements. The new-tide novelists created various narrative patterns in their literary writing activities such as Psychological – emotional mode, feeling -image mode, Implication - symbol mode and Poetic sentiment mode.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: **G122**    ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇر يېڭى پىروزىچىلىقى مەزگىلىدە يېڭى پىروزىچىلار ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا نوقۇل سۇژېت بايان قىلىشنى قوغلىشىش ياكى سۇژېت بايانى ئارقىلىق خاراكتېر يارىتىشنى كۆزلەشتەك ئىجادىيەت ئەندىزىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. ئۇلار بەزى ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ كەيپىيات ۋە خىيالىي تۇيغۇلىرىنى، باغلىما تەسەۋۋۇرلىرىنى، چۈشىسىمان كەچمىشلىرىنى، ئەسلىمىلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئاڭ ۋە يوشۇرۇن ئاڭ قاتلاملىرىنى بايان ئوبيېكتى قىلدى. يەنە بەزى ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ بىۋاسىتە سېزىملىرىنى، تۇيغۇ-تەسىراتلىرىنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلىپ، ۋەقەلەرنى ھېس-تۇيغۇ ۋە سۇبيېكتىپ تەسىراتلارنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاستىسى قىلدى. ۋەقەنى يېزىش قوشۇمچە ئورۇنغا، تۇيغۇ ئىپادىلەش ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتتى. ئۇلار بەزىدە سىمۋوللۇق ئوبرازلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئەسەرنى سىمۋوللۇق مەنىلەرگە ئىگە قىلدى. ئەسەردىكى ئىماگ-ئوبرازلارنى ئەسلىي مەنىسىدىن ئاشۇرۇپ تۈرلۈك سىمۋوللۇق مەنىلەرنى ئىپادىلىدى. يەنە بەزىدە ئەسەرنى بىر خىل شېئىرىي تۇيغۇغا ئىگە قىلىپ، شېئىرىي ھېسسىياتقا تويۇنغان، ھېس-تۇيغۇ بىلەن مەنزىرە گىرەلەشكەن ھەم يۇغۇرۇلغان مەنىۋى مۇھىت ياراتتى. نەتىجىدە شېئىرىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە پىروزا ئەسەرلىرى بارلىققا كەلدى. شۇنداق قىلىپ يېڭى پىروزىچىلىقتا كۆپ خىل بايان

---

* بۇ ماقالە 2010-يىلى 10-ئاينىڭ 20-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات فوندىنىڭ ياردەم تۈرى«ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان يېڭى پىروزىچىلىقى ھەققىدە» (تەستىق نومۇرى:09BZW041) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

**ئاپتور:** مەتتۇرسۇن ئېلى (1965-يىلى12-ئايدا تۇغۇلغان) دوتسېنت، دوكتور، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئەندىزىلىرى شەكىللەندى. يېڭى پىروزىچىلار شەكىللەندۈرگەن بۇ بايان ئەندىزىلىرىنى پسىخىكا ـ كەيپىيات ئەندىزىسى، تۇيغۇ ـ ئىماگ ئەندىزىسى، مەنە ـ سىمۋول ئەندىزىسى ۋە شېئىرىي كەيپىيات ـ مەنىۋى مۇھىت ئەندىزىسى قاتارلىقلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

## 1. پسىخىكا ـ كەيپىيات ئەندىزىسى

«بۇ خىل بايان ئەندىزىسىنىڭ باشلانمىسى ۋە تىپىك ۋەكىلى ھازىرقى زامان غەرب ئاڭ ئېقىمى پىروزىچىلىقى». «فرانسىيەنىڭ سىمۋولىزمچى شائىرى ئېدۋارد دۇياردىنىڭ 1887 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ‹دەپنە دەرىخى كېسىپ تاشلاندى› رومانىنى ئاڭ ئېقىمى پىروزىچىلىقىنىڭ باشلانمىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ روماندا ‹ئىچكى مونولوگ› بايان ئۇسۇلى ئارقىلىق بىر پارىژلىق ياش بىلەن بىر ئارتىست ئايالنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسى يېزىلىدۇ، ‹مەن›نىڭ مونولوگى ئارقىلىق باش پېرسوناژنىڭ ئالتە سائەت ئىچىدىكى كەيپىيات ئۆزگىرىشى بايان قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرگە پېرسوناژنىڭ پسىخىك پائالىيىتى بىۋاستە ھېس قىلدۇرۇلىدۇ. فرانسىيە يازغۇچىسى مارسېل پروستنىڭ ‹سۇدەك ئۆتكەن يىللارنى ئەسلەش›، ئىرلاندىيە يازغۇچىسى جامېس جويسىنىڭ ‹ئۇلىسس› بولسا ئاڭ ئېقىمى پىروزىچىلىقىدىكى كىلاسسىك ئەسەرلەردۇر»[1]. ئاڭ ئېقىمى پىروزىلىرى ئىچىدە نىسبەتەن داڭلىقلىرىدىن يەنە ئەنگلىيە يازغۇچىسى ۋېرگىنىيە ۋۇلفنىڭ «دالوۋېي خانىم»، ۋىلىيام فولكنېرنىڭ «ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ۋە قەھرى ـ غەزەپ» قاتارلىقلار بار. ئاڭ ئېقىمى پىروزىچىلىرىنىڭ دىققىتىنى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى قېزىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ پسىخىك پائالىيەتلىرىنى، ئاڭ ئېقىمىنى ئىپادىلەشنى مەركەز قىلىشى نەتىجىسىدە، ئەسەرلەردىكى سۇژىت سۇسلاپ ياكى يوقىلىپ، ئاڭ پائالىيىتى ۋە پسىخىك كەچۈرمىشلەر ئېقىمى، خىيالىي تۇيغۇلار، خام خىياللار، ئىستىخىيەلىك ئەسلىمىلەر ۋە باغلىما تەسەۋۋۇرلار، چۈشسىمان كۆرۈنۈشلەردىن تەركىب تاپقان پسىخىك قۇرۇلما ئەسلىدىكى سۇژىتلىق قۇرۇلمىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. دەل شۇ سەۋەبتىن پىروزىچىلىقتا «سۇژىت ـ پېرسوناژ» ياكى «سۇژىت ـ خاراكتېر» ئەندىزىسىگە ئوخشىمايدىغان «پسىخىكا ـ كەيپىيات» ئەندىزىسى بارلىققا كەلدى. ئېلىمىزدە ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ پىروزا بايان ئەندىزىسى ھەققىدىكى بۇ ئاتالغۇلارنى ئەڭ دەسلەپ نەن فەن ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان. كېيىن ياڭ شىڭيىڭ خانىم نەن فەن ئەپەندىنىڭ بەزى مۇھاكىمىلىرىدىن پايدىلىنىپ ۋە بۇ ئاتالغۇلارنى ئارىيەت ئېلىپ جۇڭگو ـ غەرب پىروزىلىرىنىڭ بايان ئەندىزىسىنى تەتقىق قىلغان. مەن ئۇيغۇر يېڭى پىروزىچىلىقىنىڭ بايان ئەندىزىسىنى تەتقىق قىلغاندا، ياڭ شىڭيىڭ خانىمدىن بۇ ئاتالغۇلارنى ئارىيەت ئالدىم.

غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ـ ئۆرنەك قىلىش دولقۇنىدا ئاڭ ئېقىمىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى جۇڭگوغا كىرىپ كەلدى. «ۋاڭ مېڭنىڭ ‹كېچىنىڭ كۆزى›، ‹باھار ساداسى›، ‹كېـ ـنەك› قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەسەرلىرىدە ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلى قوللىنىلىپ پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك پائالىيەتلىرى ۋە كەيپىيات ئۆزگىرىشلىرى ئىپادىلەپ بېرىلدى. غەرب ئاڭ ئېقىمى پىروزىلىرىنىڭ ھەمىشە ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنى ۋە تۇغما ئىقتىدار، ئىستەكلىرىنى ئىپادىلىشىگە ئوخشىمىغان ھالدا، بۇ ھېكايىلەردە ئاشكارە ئاڭ قاتلىمىدىكى پسىخىك پائالىيەتلەر ئىپادىلەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ پسىخىك پائالىيەتلەر گادىرماچ ـ چېگىش ئەمەس ئىدى، پېرسوناژلارنىڭ كەيپىيات لىنىيەسىمۇ ناھايىتى ئېنىق ئىدى»[2]. شۇنىڭدىن كېيىن، جاڭ چېڭجىنىڭ «باھار»، جاڭ شىنشىننىڭ «تەڭ دېمەتلىكلەرنىڭ چۈشى»، ليۇ شىنۋۇنىڭ «لىفىتتا»، كوڭ جىيېشىڭنىڭ «دېڭىز ۋە مايىلىك» قاتارلىق ئاڭ ئېقىمىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە ئەسەرلىرى بارلىققا كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شۇنىڭ بىلەن پىسخىك دۇنيانى قېزىش، ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلىنى قوللىنىش جۇڭگو پىروزا ئىجادىيىتىدىكى يېڭى دولقۇنغا ئايلاندى. نەتىجىدە، پىسخىكا-كەيپىيات ئەندىزىسىمۇ جۇڭگو پىروزىچىلىقىدىكى يېڭى ئەندىزە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئۇيغۇر يېڭى پىروزىچىلىقىدىكى «پىسخىكا-كەيپىيات» ئەندىزىسىنىمۇ غەرب ئاڭ ئېقىمى پىروزىچىلىقىنىڭ تەسىرى ۋە ئېلىمىز خەنزۇ ئەدەبىياتىدا ئوتتۇرىغا چىققان «شەرق ئاڭ ئېقىمى» پىروزىچىلىقىنىڭ تۈرتكىسىدە بارلىققا كەلگەن ئىچكى دۇنياغا بۇرۇلۇش، ئاڭ ئېقىمىنى يېزىش، پىسخىك كەچۈرمىشلەرنى ئىپادىلەش يۈزلىنىشىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. 1985-يىلى مۇھەممەد باغراشىنىڭ «يېشىل ۋادا» ھېكايىسى ئېلان قىلىندى. بۇ ئەسەردە سۇژېت سۇسلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئاپتور ئۆز دىققىتىنى سالى بوۋاينىڭ ئاڭ پائالىيەتلىرىنى ۋە پىسخىك كەچۈرمىشلىرىنى ئىپادىلەشكە قاراتتى. بۇ ئەسەر ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدىكى ئىچكى دۇنياغا يۈزلىنىشنىڭ باشلانمىسى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، يېڭى پىروزىچىلارنىڭ بەس-بەستە قەلەم تەۋرىتىشى نەتىجىسىدە، نۇرغۇن پىسخىك پىروزا ئەسەرلىرى بارلىققا كەلدى. خالىدە ئىسرائىلنىڭ «ئوربىتا»، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «بۇرۇت ماجراسى»، «ئويغاق تۇرۇپ كۆرگەن چۈشلەر»، پەرھات تۇرسۇننىڭ «ھالاكەت»، «كېسەل»، ھۈسەيىن تاشنىڭ «ئاق كىيىملىك پەرىزات»، «سېختىكى ئىشلار»، «جىن باسقان مەھەللە» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدىكى پىسخىكا-كەيپىيات ئەندىزىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە بولغانلىقىنى دەلىللىدى. بۇ ئەسەرلەردە رېئاللىقتا يۈز بەرگەن ئىشلار باشتىن-ئاخىرى ئەينى ھالىتى بويىچە بايان قىلىنماستىن، بەلكى، شۇ ئىشلارنىڭ كىشىلەرنىڭ پىسخىكىسىدا، كەيپىياتىدا پەيدا قىلغان ئۆزگىرىشلىرى يېزىلىدى. رېئاللىقتىكى ئىشلار ۋە شەيئىلەر ئەسەردىكى باش پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەش ۋە ئېچىپ بېرىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندى. تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئىشلار ياكى بىرەر نەرسە تەسىرىدە قانات يايغان باغلىنىشسىز تەسەۋۋۇر، ئەسلىمە، كەيپىيات-ھېسسىيات ئۆزگىرىشى ۋە ئاڭ پائالىيەتلىرىنى يېزىش ئاساس، ئىش-ۋەقەلەرنى يېزىش قوشۇمچە قىلىندى. ئىش-ۋەقەلەر ۋە نەرسىلەر ئەسەرلەردە پېرسوناژلارنىڭ ئاڭ پائالىيەتلىرى ۋە پىسخىك كەچۈرمىشلىرىنىڭ قوزغاتقۇچىسى، ھېسسىيات-كەيپىيات ئۆزگىرىشلىرىنىڭ سەۋەبچىسى سۈپىتىدە رول ئوينىدى. «ئوربىتا»دا باشتىن-ئاخىرى ئاسىيەنىڭ ئاڭ پائالىيىتى ۋە پىسخىك كەچۈرمىشلىرىنى يېزىش ئاساس قىلىنغان. ئۇنىڭدا باش-ئاخىرى تولۇق بىر مۇكەممەل ھېكايە ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. ئەسەرنىڭ ھەر بىر بۆلىكىدە بىرەر ئىش ياكى نەرسە، گەپ-سۆز ياكى ھەرىكەت ئاسىيەنىڭ باغلىنىشسىز تەسەۋۋۇرى ياكى پىسخىك كەچۈرمىشلىرىنى قوزغاتقۇچى ئامىلغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار شۇنداق بىر رولنى ئويناپ بولغاندىن كېيىنلا نەزەردىن ساقىت قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەسەردە ئۇلار ھەققىدىكى بايان توختايدۇ-دە، ئاسىيەنىڭ ئاڭ پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئەۋەتىلگەن بىر تال ئاتكىرىتكا ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىدا ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاتكىرىتكىدىكى خاتىرە قېتىغا قىستۇرۇلغان يوپۇرماق سۈرىتى ئۇنىڭ باغلىنىشسىز تەسەۋۋۇرلىرىنى قاناتلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ خىياللىرى يىراقتىكى غازاڭ باسقان يېزا يوللىرىغا، ھەممە يېرى قىزىل گۈللەر بىلەن تولغان ئاجايىپ بىر ماكانغا، قىزىل گۈل ئېچىلغان مەۋسۇمدىكى ساناتورىيەگە، ئۇيەردە ئىسكەندەر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشقا، يىگىرمە ئىككى يىل بۇرۇن ئىسكەندەرنىڭ تۆكۈلگەن بىر تال يوپۇرماقنى شاھىد قىلىپ ئۆزىگە بەرگەن ۋەدىسىگە... ئۆتۈپ توختىماستىن داۋام قىلىدىغان بىر ئېقىننى شەكىللەندۈرىدۇ. پۈتۈن ئەسەر مانا مۇشۇنداق ئۇششاق-چۈشەك ئىشلارنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان ئاڭ پائالىيەتلىرى ياكى پىسخىك كەچۈرمىشلەرنىڭ

خاتىرىسىدىن تەركىب تاپقان. «بۇرۇت ماجىراسى»دىمۇ ئاپتور «بۇرۇت قويغانلارنى تىزىملاۋېتىپتۇدەك» دەپ ئاڭلاپ ئۆز-ئۆزىدىن ئەندىشىگە چۈشكەن«مەن» نىڭ قوغداش ھەيئىتىنىڭ گېپى بىلەن تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەن ئەندىشىسىنى، بۇرۇت توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەرنىڭ ئۇنىڭ كەيپىياتىدا پەيدا قىلغان ئۆزگىرىشلىرىنى، بۇرۇتنى چۈشۈرىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئارامىنىڭ تېخىمۇ بۇزۇلغانلىقىنى، شۇنىڭدىن كېيىنكى خۇدۇكسىرەش، گاڭگىراشلىرىنى ۋە شۇ سەۋەبتىن قارا بېسىشلىرىنى يازىدۇ. ئەسەردىكى بايان بۇرۇتلۇقلارنى تىزىملاشقا سەۋەب بولغان ۋەقەنى مەركەز قىلماستىن، بەلكى، بۇرۇتلۇقلارنى تىزىملاۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان «مەن»نىڭ كەيپىيات-ئۆزگىرىشلىرىنى ۋە پىسخىك كەچۈرمىشلىرىنى مەركەز قىلىدۇ. بۇرۇتلۇقلارنى تىزىملاش ۋەقەسى ئەسەردە «مەن»نىڭ پىسخىكا ـ كەيپىيات ئۆزگىرىشلىرىنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىلىدۇ. «ھالاكەت» تىمۇ يازغۇچى ئۆز دىققىتىنى باش پېرسوناژ«مەن» نىڭ روھىي-كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، ئۇنىڭ پىسخىك كەچۈرمىشلىرىنى، ئۈزۈلمەي داۋام قىلىۋاتقان ئاڭ ئېقىمىنى ئىپادىلەشكە قاراتقان بولۇپ، سۇژىت ئەڭ يۇقىرى چەكتە سۇسلاشتۇرۇلغان. ئەسەردىكى ئىشلار باش پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىش ۋە ئاڭ پائالىيەتلىرىنى قاناتلاندۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىنغان. «سېختىكى ئىشلار»دا گۈلپەرنىڭ ئېرىنىڭ سېختا ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى پىسخىك كەچۈرمىشلىرى، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنكى پىسخىك توقۇنۇش ۋە روھىي داۋالغۇشلىرى بايان قىلىنغان. قىسقىسى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدىلا پىسخىك قۇرۇلما سۇژىتلىق قۇرۇلمىنىڭ ئورنىنى ئالىدى. پىسخىك كەچۈرمىشلەر ۋە كەيپىيات ئۆزگىرىشلىرى بايان مەركىزىگە ئۆتتى. نەتىجىدە، «سۇژىت-پېرسوناژ»ياكى«سۇژىت-خاراكتېر»ئەندىزىسىدىن پەرقلىق بولغان «پىسخىكا- كەيپىيات» بايان ئەندىزىسى بارلىققا كەلدى.

## 2.تۇيغۇ-ئىماگ ئەندىزىسى

ئەسەردە سۇژىتنى سۇسلاشتۇرۇپ، پېرسوناژلارنىڭ بىۋاسىتە سېزىمىنى، تۇيغۇ- تەسىراتىنى شۇنداقلا سۇبيېكتىپ تۇيغۇدىكى تاشقى دۇنيانى ئىپادىلەش يېڭى پىروزىلارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكىگە ئايلاندى. يېڭى پىروزىچىلىقنىڭ ئىچكى دۇنياغا بۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە، خېلى كۆپلىگەن ئاپتورلار سۇبيېكتىپ تۇيغۇلارنى، بولۇپمۇ دەقىقە ئىچىدىكى تۇيغۇلارنى، مۇرەككەپ پىسخىك تەسىراتلارنى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى تولىمۇ ئىنچىكە، ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بەردى. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەردە ئىش-ۋەقەلەر تۇيغۇ قوزغاتقۇچى ۋە بىۋاسىتە سېزىمنى پەيدا قىلغۇچى ۋاستىگە ئايلاندى. ئادەم، نەرسە ۋە ئىش- ۋەقەنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، بەلكى، ئۇلارنىڭ پېرسوناژ تۇيغۇسىدىكى، نەزەرىدىكى ئىنكاسىنى ۋە كۆرۈنۈشىنى يېزىش، تاشقى دۇنيادىكى نەرسىلەرنى پېرسوناژنىڭ بىۋاسىتە سېزىمى ۋە تۇيغۇ-تەسىراتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ماددا سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىش يېڭى پىروزىچىلىقتىكى يەنە بىر يۈزلىنىش بولدى. مۇھەممەد باغراشنىڭ «يېشىل ۋادا»، «جەزىرە»، «كۈلرەڭ رەسىم»، «تەنھا ماشىنا»، «تۆتقۇلاق»، پەرھات تۇرسۇننىڭ «مەسىھ چۆلى»قاتارلىقلار يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەرنى ۋە يۈزلىنىشنى گەۋدىلىك نامايان قىلغان ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. «يېشىل ۋادا» ھېكايىسىدە ئاپتور بالا ۋاقتىدا ئايرىلىپ كەتكەن يۇرتى كۆكيار ۋادىسىغا قەدەم باسقان سالى بوۋاينىڭ نەزەرىدىكى كۆكيارنىڭ گۈزەللىكى نۇقتىلىق سۈرەتلىنىدۇ. ئەسەردە ئاپتور كۆكيارنىڭ گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسى بىلەن ئېتىزلىقتا باشاق تېرىپ، باغ باغلاپ يۈرگەن قىز-يىگىتلەرنىڭ ھازىر جاۋاب تەرىقىسىدە ئېيتقان«ناھايىتى قەدىمكى، تولىمۇ مۇڭلۇق ۋە يېقىملىق ئېتىز ناخشىلىرى، بەكمۇ ئېزگۈ ۋادا كۈيلىرى» نىڭ تەسىرىدە سالى بوۋاينىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



قەلبىدە ئويغانغان تۇيغۇ-تەسىراتلار، بىۋاستە سېزىملارنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلىدۇ. ئاپتور كۆكيارنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى، ناخشا ياڭرىغان، ئەمگەك قاينىغان ئىتىزلارنى سالى بوۋاينىڭ ھېسسىياتلىق نەزەرىدە كۆزىتىدۇ ۋە تەسۋىرلەيدۇ. نەتىجىدە، ھېس-تۇيغۇ بىلەن مەنزىرە يۇغۇرۇلۇپ، ئۆزگىچە بەدىئىي گۈزەللىكنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئەسەردىكى تاشقى دۇنيا تەسۋىرى نوقۇل ئوبيېكتىپ تەسۋىر ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا سالى بوۋاينىڭ بىۋاستە سېزىمى ۋە ھېسسىيات، تۇيغۇلىرى سىڭىپ كەتكەن، سۇبيېكتىپلاشقان، تۇيغۇلاشقان تەسۋىردىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆكيار ۋادىسى ئەسەردە جۇغراپىيەلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە مەۋجۇتلۇق سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى پىسخىك- ئېستېتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە مەۋجۇتلۇق سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئۇنى ئەسەردىكى بىر چوڭ ئىماگ دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئىماگ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى جۇغراپىيەلىك مەنىسىدىن ھالقىپ كەتكەن، سالى بوۋاينىڭ ئېڭى - تۇيغۇسىدىكى كۆكياردىن ئىبارەت. «كۆلرەڭ رەسىم»دىمۇ باش پېرسوناژنىڭ كۆلرەڭگە ۋە كۆلرەڭ دۇنيادىكى يالغۇز دەرەخكە مۇناسىۋەتلىك سۇبيېكتىپ تەسىراتلىرى، تۇيغۇلىرى، بىۋاستە سېزىمى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. گەرچە ئەسەرنىڭ مەزمۇنى مۇشۇلار بىلەنلا چەكلەنمىگەن بولسىمۇ، بىراق باش پېرسوناژنىڭ سۇبيېكتىپ تۇيغۇسىدىكى كۆلرەڭ دۇنيا ۋە يالغۇز دەرەخ ئەسەردىكى ئىككى مۇھىم ئىماگقا ئايلانغان. «مەن»نىڭ ئاڭ پائالىيىتى، تۇيغۇلىرى، بىۋاستە سېزىملىرى ئەسەردە ئاخىرقى ھېسابتا مۇشۇ ئىككى ئىماگنى چۆرىدەپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككىسى «مەن»نى چىرمىۋالغان ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك، تەنھالىق، غېرىپسىنىش ۋە چەكسىز ئەركىنلىككە ئىنتىلىش تۇيغۇلىرىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئىماگلار بولۇپ، ئەسەردە تەسۋىرلەنگىنىدەك، «مەن»نىڭ پۈتۈن ئاڭ تەپەككۇرىنى ئىگىلىۋالغان كۆلرەڭ ئۇنىڭ ھەممە نېمىسىنى كۆلرەڭلەشتۈرىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ مېڭىسىدىن مۇشۇ كۆلرەڭ يۇيۇۋېتىلگەندىن كېيىن، تەقدىرىدە بۇرۇلۇش بولىدۇ. ئەسەردىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلاردىن مەلۇم بولغىنىدەك، «مەن»نىڭ روھىي دۇنياسىنى چىرمىۋالغان كۆلرەڭنىڭ ئورنىنى پاكلىقنىڭ سىمۋولى بولغان ئاق رەڭ ۋە ئۈمىدنىڭ سىمۋولى بولغان يېشىل رەڭ ئىگىلەيدۇ-دە، «مەن»نىڭ نەزەرىدە ھەممە نەرسە ئەسلىي رەڭگىگە قايتىدۇ. «مەن»مۇ روھىي جەھەتتە پاكلىنىپ ھاياتنى قىزغىن سۆيگۈچىگە ئايلىنىدۇ. كۆلرەڭ دۇنيا بىلەن يالغۇز دەرەختىن ئىبارەت ئىككى ئىماگ ئەسەردىكى باش پېرسوناژنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغىنى ئۈچۈن، بۇ، ئەسەرنى«پىسخىكا-كەيپىيات» ئەندىزىسىدىكى ئەسەرلەردىن پەرقلىق بولغان بايان ئەندىزىسىگە ئىگە قىلغان. «تەنھا ماشىنا»دىمۇ باش پېرسوناژنىڭ تۇيغۇلىرى ۋە بىۋاستە سېزىمى يېزىلغان. يازغۇچى ھېكايە سۆزلەشنى قوغلاشماستىن، باش پېرسوناژنىڭ ئەتراپىدىكى تاشقى دۇنيا توغرىسىدىكى سۇبيېكتىپ تۇيغۇ-تەسىراتلىرىنى، شەيئىلەرنىڭ كۆرۈش- ئاڭلاش سەزگۈسىدىكى ھالىتىنى ئۆز ئەينى بويىچە يېزىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا بۇ ئەسەرنى تۇيغۇ ۋە بىۋاستە سېزىم بايانى دېيىشكە بولىدۇ. ئاپتور باش پېرسوناژنىڭ تۇيغۇلىرى ۋە بىۋاستە سېزىملىرىنى ئەسلىگە سادىق ھالدا خاتىرىلەش ئۈچۈن، بايانغا ئارىلاشماسلىق؛ تۇيغۇنى، بىۋاستە سېزىمنى مۇكەممەل بايان جۈملە شەكلىگە كىرگۈزۈشكە زورۇقماستىن، ئەركىن بىر تەرەپ قىلىش؛ باش پېرسوناژنىڭ تۇيغۇ ۋە بىۋاستە سېزىمنى بايانچىنىڭ بايانغا ئايلاندۇرۇۋالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئاڭ ئېكرانىدا پەيدا بولغان ئىماگلار ۋاسىتىسى بىلەن ئىپادىلەش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۇلارنى ئۆزئارا يۇغۇرىۋېتىدۇ. ئالدى بىلەن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

(1)شوپۇرنىڭ تامىقى قۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرىمۇ بارغانسېرى تېز قۇرۇماقتا ئىدى.ئۇ يېنىغا قاراپ قويدى.ئۇ يەردە بىر نۇر تۆۋرۈكى لاۋۇلدايتتى.ئۇ ھەم ئوتتەك ئىسسىق، ھەم چىمەندەك سالقىن نۇر ئىدى....

(2) يول چاپماقتا. يەنە تاغ، تاش، ئەمەن...قۇم بارخانلىرى. قىزىق، دۇپدۇملاق، سىلىق، يۇمشاق قۇم بارخانلىرى...

(3)...ئۇ قولىدىكى كۈلۈچنى تاشلىۋېتىپ،

كابىنكىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتتى-دە، ئىشكنى زەردە بىلەن ئىچىپ ئۆزىنى ئاتتى... خۇددى دالىدىكى كەكلىكنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلىغاندەك. گۈلدەستە. نۇر. قۇم بارخانلىرى. بۇلاق. چىمەن. مۇشۇڭ... دۇمبەل... يول... تەر... ئىنجىق... تىرناق... مۇشۇكنىڭ، ياق تۇتقۇنلۇقتا باش ئەگمىگەن ياش، كۈچلۈك چىشى بۆركۈتنىڭ تىرنىقى.

مىسال (1)دىكى تۆتىنچى، بەشىنچى جۈملە شوپۇرنىڭ يان تەرىپىدە ئولتۇرغان قىز توغرىسىدىكى بىۋاستە سېزىمى ۋە سۇبيېكتىپ تەسىراتىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ كۆرۈش سېزىمىدە يېرىم يولدا ماشىنا توسۇپ چىققۇچى(بۇنىڭدىن بۇرۇنقى بايانلاردا ماشىنىغا چىققۇچىنىڭ قىز ئىكەنلىكى بىۋاستە ئىپتىلمىغان) لاۋۇلداپ تۇرغان، ھەم ئوتتەك ئىسسىق، ھەم چىمەندەك سالقىن، ھەم كۆز چاقنىغان يارقىن نۇر تۈۋرۈكى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. مىسال(2)دىكى بىرىنچى، ئىككىنچى جۈملە تاشقى دۇنيانىڭ شوپۇرنىڭ ئاڭ ئىكرانىدىكى كۆرۈنىشى. ئۈچىنچى جۈملە ئەسلىي مەنىسىدىن ھالقىپ كەتكەن، شوپۇرنىڭ قىزغا مۇناسىۋەتلىك بىۋاستە سېزىمىنى ۋە سۇبيېكتىپ تۇيغۇسىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئىماگ. مىسال(3) نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جۈملە ھالىتىگە كىرمىگەن، چېكىت بىلەن ئايرىلغان يەككە سۆزلەر شوپۇرنىڭ ئاڭ ئىكرانىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈۋاتقان قىزغا مۇناسىۋەتلىك ئىماگلاردىن ئىبارەت. كەينىگە نۇرغۇن چېكىت قويۇلغان سۆزلەر بىلەن ئاخىرقى جۈملە شوپۇرنىڭ جىنسىي ھوجۇمى بىلەن قىزنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنىڭ شوپۇر مېڭىسىدىكى ئەكسىلىنىشى. يۇقىرىقى ئۈچ مىسالدا يازغۇچى شوپۇرنىڭ تۇيغۇسىنى ۋە بىۋاستە سېزىمىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئوقۇرمەننىڭ كۆز ئالدىدا ئەينى ھالىتىدە نامايان قىلىپ بېرىشكە تىرىشقان. بۇ يەردە ئاپتور شوپۇرنى بايانچىنىڭ بايان ئوبيېكتى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۆز ئىچكى ئارقىلىق تاشقى دۇنيانى ئىنكاس قىلغۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇنىڭ بىۋاستە سېزىمىنى، تۇيغۇ ـ تەسىراتىنى ئۆز ئەينى بويىچە ئوقۇرمەنگە بىۋاستە ھېس قىلدۇرىدۇ. بۇ مىساللاردىن بىز بايانچىنىڭ بايانغا ئاساسەن ئارىلاشمىغانلىقىنى، ئىشلارنى ۋە پېرسوناژ تۇيغۇسىنى بايانچىنىڭ بايانغا ئايلاندۇرۇۋالمىغانلىقىنى، ئۇلارنى مۇكەممەل بايان جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلەشكە ئۇرۇنماستىن، بەلكى شوپۇرنىڭ ئىچىدىكى ئىنكاسى ۋە تۇيغۇسىدىكى ھالىتى بويىچە گەۋدىلەندۈرۈشكە، تۈرلۈك ئىماگلار ئارقىلىق تۇيغۇ ۋە بىۋاستە سېزىمنىڭ ئوبرازلىقلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە تىرىشقانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. «تۆتقۇلاق» تىمۇ يازغۇچى تۆتقۇلاق، ساھىبقىران يىگىت ئىماگلىرىنىڭ ياردىمىدە جۇۋاننىڭ ھېسسىيات ۋە تۇيغۇلىرىنى ئۇتۇقلۇق ئىپادىلەپ بەرگەن.

پەرھات تۇرسۇنمۇ«مەسىھ چۆلى»دە «مەن» نىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى، بىۋاستە سېزىمىنى ۋە مۇرەككەپ پسىخىك كەچۈرمىشلىرىنى ماھىرلىق بىلەن نامايان قىلىپ بەرگەن. ئاپتور ئەسەردە باشتىن-ئاخىرى«مەن» نىڭ ئۆزلۈمەي داۋاملىشىۋاتقان ئاڭ ئېقىمىنى، باغلىنىما تەسەۋۋۇرلىرىنى، خىيالىي تۇيغۇلىرىنى، بىۋاستە سېزىمىنى «مەن»نىڭ ئىچىدىكى ئايال ئىماگىنىڭ ياردىمىدە ئوقۇرمەنلەر بىۋاستە سېزەلەيدىغان ۋە ھېس قىلالايدىغان دەرىجىدە كونكرېتلاشتۇرۇپ ئىپادىلەپ بەرگەن. ئەسەر پۈتۈنلەي سۆزىتىسىزلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يېزىلغىنى«مەن»نىڭ تۇيغۇسى ۋە بىۋاستە سېزىملىرى بىلەن ئۇنىڭ تۇيغۇسىدىكى ئايالنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى ئەسەرلەر ئورتاق ھالدا يېڭى پىروزىچىلىقتىكى تۇيغۇ-ئىماگ ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

## 3.مەنە ـ سىمۋول ئەندىزىسى

يېڭى پىروزىچىلىقتا ھەر خىل سىمۋوللارنىڭ كۆپلەپ ئىشلىتىلىشى نەتىجىسىدە بىر قىسىم سىمۋوللۇق پىروزىلار بارلىققا كەلدى. ئۇلاردا رېئال تۇرمۇشتىكى نەرسىلەرنىڭ ئوبرازى ۋە رېئاللىقتىن ھالقىغان ئوبرازلار ئارقىلىق يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي غايىسى ئىپادىلەندى، مۇئەييەن نۇقتىئىنەزەر،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پەلسەپىۋى پىكىر ياكى ھېسسىيات بېشارەتلەندى. سىمۋوللۇق مەنە ئىپادىلىگۈچى بۇ ئوبرازلار بۇ خىلدىكى ئەسەرلەردە ئەسلىي مەنىسىدىن ھالقىپ يېڭى بەدىئىي ئىماگلارغا ئايلاندى. بۇ خىلدىكى ھېكايە-پوۋېستلارنىڭ بىر قىسمىلىرىدا مۇئەييەن بىر سىمۋوللۇق ئىماگ ياكى ئوبراز مەركەز قىلىنىپ، ئۇلاردىكى ئىش-ۋەقەلەر شۇ ئىماگ ياكى ئوبرازنى چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇلدى. يازغۇچىلار ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنىلەر شۇلار ئارقىلىق ئىپادىلەندى. بۇخىلدىكى ئىماگ ياكى ئوبرازلار ئەسەرلەردە يەككە ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، ئۇلارغا بىر قىسىم ئوبرازلار يانداشتۇرۇلدى. تېخىمۇ ئېنىقىنى ئېيتقاندا، بۇ خىلدىكى ئەسەرلەردە ئەسلىي مەنىسىدىن ھالقىتىپ ئالاھىدە مەنىگە ئىگە قىلىنغان نەرسىدىن تەركىب تاپقان سىمۋوللۇق ئىماگلارغا يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي غايىلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغۇچى ئادەملەر ئوبرازلىرى يانداشتۇرۇلدى. مۇھەممەد باغراشنىڭ «يۇرەكتاغ»، توختى ئايوپنىڭ «بۆشۈك»، ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «ئۇچقۇر ئاياغ كەلدى» قاتارلىق ئەسەرلىرى مۇشۇ خىلغا مەنسۇپ. «يۇرەكتاغ» پوۋېستىدىكى يۇرەكتاغ ئەجداد روھىنىڭ سىمۋولى. ئەسەردە ئۇ ئۇنتۇلغان ئەجداد روھىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. يازغۇچى بۇ سىمۋوللۇق ئىماگقا نارىش بوۋاي ئوبرازىنى يانداشتۇرغان بولۇپ، روھى ئويغاق بۇ بوۋاينىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ھازىرقى زامان كىشىلىرىدىكى ئەجدادىنى، يىلتىزىنى ئۇنتۇش، ئەجدادتىن ياتلىشىش ھادىسىسىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، بوۋاينىڭ ئاغزىدىن كىشىلەرنى ئەجداد روھىنى ئۇنتۇماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ. «بۆشۈك» تە يازغۇچى ئەقىل-ئىدراك ۋە گۈزەل پەزىلەت، مېھرى-مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى بولغان بۆشۈك ئىماگىغا بۆشۈكچى بوۋاي ئوبرازىنى يانداشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بەدىئىي غايىسىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ ھېكايىدىمۇ روھى ئويغاق بوۋاينىڭ كىشىلەرنى ئەقىل-پاراسەت، ئەخلاق-پەزىلەت، مېھرى-مۇھەببەت، ئادىمىيلىك روھىنىڭ سىمۋولى بولغان بۆشۈكنىڭ خىسلىتىنى، ھېكمىتىنى تونۇپ يېتىشكە، پەرزەنتلىرىنى مۇشۇ بۆشۈكتە ياتقۇزۇپ چوڭ قىلىپ ئۇلارنى مەنىۋى جەھەتتىن كامال تاپقۇزۇشقا دالالەت قىلىشلىرى ئارقىلىق ئاپتور ياش ئەۋلادلارنى ئەجدادلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى تەرك ئەتمەسلىككە، ئۇلاردىن چەتنىمەسلىككە دەۋەت قىلىدۇ. «ئۇچقۇر ئاياغ كەلدى» دە ئىنسانىنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغقۇچى چاقلىق ئورۇندۇق ئىماگى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئوغلىنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇپ، ئۇنى تراگېدىيەلىك ئاقىۋەتكە دۇچار قىلغان بوۋاي ئوبرازى ئارقىلىق، ئاپتور «ئۆزگىلەر دوزاختۇر»دېگەندىن ئىبارەت مەۋجۇدىيەتچىلىك ئېيتىمىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاپتور بۇ ئەسەردىكى چاقلىق ئورۇندۇقتىن ئىبارەت سىمۋوللۇق ئىماگ ئارقىلىق ئىنسانىنىڭ ئۆزى ياراتقان نەرسىلەرنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قېلىشىدەك ئېچىنىشلىق تەقدىر-قىسمەتتىن خالىي بولالمايۋاتقانلىقىنى بېشارەتلىسە، بوۋاينىڭ ئوغلىنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىشى ئارقىلىق ئاتا-باللىق مۇناسىۋەتتىكى ياتلىشىش ھادىسىسىنى بېشارەتلەيدۇ.

يەنە بىر قىسىم سىمۋوللۇق ھېكايە-پوۋېستلاردا يەككە سىمۋوللۇق ئىماگلار مەركەز قىلىنماستىن، بەلكى بىر نەچچە سىمۋوللۇق ئوبراز ياكى ئىماگ ئارقىلىق مەنە ئىپادىلەندى. مۇھەممەد باغراشنىڭ «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ كۆز قارچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت»، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قاغجىرىغان تىنىق» قاتارلىقلارنى شۇ خىل ئەسەرلەر دېيىشكە بولىدۇ. «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ كۆز قارچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت» تە ئاپتور بىر مۇنچە ئوبرازلار ۋە ئىماگلار ئارقىلىق ئەسەرنىڭ باش تېمىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئوبراز ۋە ئىماگلار كونىلىققا، خۇراپىيلىققا ۋە ئاۋامنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ زامانىۋى ئاڭ بىلەن قۇراللىنىشىغا قارشى تۇرغۇچىلارغا سىمۋول قىلىنىدۇ. پوۋېستتىكى ھېزىم موللا، ئىمام ۋە باخشىلارنى ئاشۇنداق سىمۋوللۇق ئوبراز، ئەدرەكنى بولسا ئاشۇنداق سىمۋوللۇق ئىماگ دېيىشكە

بولىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئوبراز ۋە ئىماگلار بولسا زامانىۋىلىققا، ئىلغار پەن ـ تېخنىكىغا ۋە تەرەققىيات ـ يېڭىلىققا سىمۋول قىلىنغان. ئەسەردىكى ئەڭ يېڭى پاسوندىكى كاستۇم ـ يوپكا كىيىۋالغان بۇدۇر چاچلىق ناخشىچى قىز، زامانىۋى بىنا قۇرۇلۇشىغا قۇماندانلىق قىلىۋاتقان باش ئىنژېنېر يىگىت، راكېتا ئاياغ كىيىۋالغان باللار، يېڭى قۇياشنى ئۆز يۇرتىغا باشلاپ كېتىۋاتقان بالا قاتارلىقلار بىلەن لامپۇچكا، ئىستربىئولۇق ئۈنئالغۇ، سەرەڭگە قېپىچىلىك تېلېۋىزور ۋە كومپيۇتېر، يېڭى قۇياش قاتارلىقلارنى ئاشۇنداق سىمۋوللۇق ئوبرازلار ۋە ئىماگلار دېيىشكە بولىدۇ. ئاپتور يۇقىرىقىدەك سىمۋوللۇق ئوبرازلار ۋە ئىماگلار ئارقىلىق مىللەتنى قالاقلىق، خۇراپاتلىق، نادانلىق قاتارلىق ئىللەتلەر ئىلكىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، زامانىۋى ئاڭ ـ تەپەككۇر بىلەن قوراللاندۇرۇش، زامانىۋى مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغۇزۇشتىن ئىبارەت بەدىئىي غايىسىنى ئىپادىلىگەن. «قاغجىرىغان تىنىق» تا «مەن» نىڭ روھىي بىھۇشلۇق ھالەتتىكى چۈشسىمان خىيالىي تۇيغۇلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. «ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ‹مەن› جىسمى ئۆلۈۋاتقان، سەزگۈلىرى يەنىلا تىرىك ھالەتتە تۇرىۋاتقان بىر بىھۇش ئادەم، ‹ئۆلۈك بىلەن تىرىك ئارىلىقىدا قۇمدا سوزۇلۇپ ئوڭدا ياتقان› بىر ئىسكىلىت. ئۇ باش ـ ئاخىرى يوق چۈشسىمان خىيالىي تۇيغۇلار چىرمىۋالغان ھالەتتە ياتقىنىدا، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى يېشىل نۇر چېقىپ، كۆز ئالدىنى يورۇتىدۇ. ئۇنى بېشى بۆرىگە ئوخشايدىغان، تېنى چۈپۈرلۈق، ئەمما ئادەمگە ئوخشايدىغان ئاجايىپ بىر مەخلۇق يۆلەيدۇ... يىراق كۆكتە بىر جۈپ يۇلتۇز كۆرۈنىدۇ. يۇلتۇزدىن بىر خىل كۆك نۇر چاقنايدۇ. يۇلتۇزنى ئوراپ غۇۋا بىر چىراي يەنە كۆرۈنۇپ يوقايدۇ... كۆك نۇر چاقنىغانچە ‹مەن› نىڭ تىنىقلىرى پەيدا بولۇپ كۆچىيىشكە باشلايدۇ...ھېكايىدىكى ‹مەن›، قۇملۇق، كۆكنۇر دېگەنلەر ئەسلىي مەنىسىدىن ھالقىغان سىمۋوللۇق ئوبرازلار بولۇپ، ھېكايە باشتىن ـ ئاخىرى بىر خىل سىمۋوللۇق كەيپىيات بىلەن تولغان»[3].

ھېكايىدىكى بۆرە باش، ئادەم سىياق مەخلۇقنى بۆرىنى تۇتېم قىلغان ئەجدادلارغا ، بىر جۈپ يۇلتۇزدىن چاقنىغان كۆكنۇرنى ئەجدادلارنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرغان كۆك بۆرىگە، «مەن»نى ئەجداد روھىنىڭ يۈلىشىدىن مەھرۇم قېلىپ ھالسىزلانغان نىمجان ئەۋلادقا، قۇملۇقنى ئەجداد بىلەن ئەۋلادنىڭ روھىي باغلىنىشىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئەۋلادنى روھىي ئوزۇقتىن مەھرۇم قالدۇرىدىغان بىكىنمە مۇھىتقا سىمۋول قىلىنغان دېيىشكە بولىدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق چۈشىنىش توغرا بولسا، يازغۇچىنى ئەجداد روھىنىڭ يۈلىشىگە ئېرىشكەن، ئۇنىڭدىن مەنىۋى ئوزۇق ئېلىپ، نىمجان تېنىگە جان كىرىۋاتقان ئەۋلادنى يېزىش ئارقىلىق، ئەجداد روھىنى ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىنى ئۇلۇغلىغان دېيىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئەسەرلەردە گەرچە سىمۋوللۇق ئىماگلارنى ئىشلىتىش جەھەتتە پەرقلەر بولسىمۇ، بىراق شۇ سىمۋوللۇق ئىماگلارنى ئىشلىتىپ مۇئەييەن مەنىلەرنى ئىپادىلەش ياكى بېشارەتلەش ئۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق ئالاھىدىلىك. شۇڭا ئۇلار «مەنە ـ سىمۋول»دىن ئىبارەت بايان ئەندىزىسىنى شەكىللەندۇرگەن.

## 4.شېئىرىي كەيپىيات ـ مەنىۋى مۇھىت ئەندىزىسى

يېڭى پىروزىچىلىقتىكى ئىچكى دۇنياغا بۇرۇلۇش يېڭى پىروزا ئەسەرلىرىنى شېئىرىيەتكە يېقىنلاشتۇردى. نەتىجىدە بىر قىسىم يېڭى پىروزا ئەسەرلىرىدە مەزمۇن ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە شېئىرلىشىش ھادىسىسى بارلىققا كەلدى. «بۇ خىل شېئىرلىشىشنى كەلتۇرۇپ چىقارغان ھەل قىلغۇچ ئامىل ـ ۋەقەلەرنى بايان قىلىش بىلەن ھېكايە سۆزلەشنى سۇسلاشتۇرۇپ، پېرسوناژنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى، بىۋاستە سېزىمىنى يېزىشنى، ئاڭ پائالىيەتلىرىنى ئىپادىلەشنى كۆچەيتكەنلىكتە. شېئىرىي كەيپىيات، شېئىرىي مۇھىت

www.uyghurkitap.com

يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكتە»[4]. گەرچە، شېئىر- لاشتۇرۇلغان ئەسەرلەر بەك كۆپ بولمىسىمۇ، بىراق ئۇلار شېئىرىي خۇسۇسىيەتلەر گەۋدىلىك، شېئىرىي پۇراق بىر قەدەر كۈچلۈك بولۇش، ئوقۇرمەنلەرگە ئۆزگىچە بىر خىل شېئىرىي ھېسسىيات، لىرىك گۈزەللىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. مۇھەممەد باغراشنىڭ «ياۋا ئەتىرگۈل»، «يېشىل ۋادا»، پەرھات ئېلياسنىڭ «قۇمۇشلۇقتىن باشلانغان يوللار»، خالىدە ئىسرائىلنىڭ «ئىھ، ھايات»، «ئارمان» قاتارلىق ئەسەرلىرى شېئىرىي ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن ۋە مەنىۋى مۇھىت يارىتىلغان «شېئىرىي كەيپىيات-مەنىۋى مۇھىت» ئەندىزىسىدىكى ئەسەرلەردىن ئىبارەت. بۇ ئەسەرلەردە ئەنئەنىۋى پىروزا ئەسەرلىرىدىكىدەك ئەگرى-توقاي، قىزىقارلىق ۋەقەلەرنى سۆزلەش ياكى پېرسوناژلارنى كەسكىن زىددىيەت-توقۇنۇشلار ئىچىگە قويۇپ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى سۈرەتلەپ بېرىش ئاساس قىلىنمىغان. ئاپتورلار دىققىتىنى شېئىرىي ھېس-تۇيغۇلارنى ئىپادىلەشكە ۋە مەنىۋى مۇھىت يارىتىشقا مەركەزلەشتۈرگەن. «ياۋا ئەتىرگۈل»دە ئاپتور ئۆز دىققىتىنى«مەن»ۋە تەشنائىدىن ئىبارەت ئىككى پېرسوناژنىڭ سۇبيېكتىپ تۇيغۇ-تەسىراتلىرىنى ۋە رەنا ئىسىملىك ساھىبجامال قىزغا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى يېزىشقا مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئەسەردە سۇژېت زور دەرىجىدە سۇسلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئەسەر ئاساسەن تەشنائىنىڭ رەناغا بولغان يوشۇرۇن مۇھەببەت ھېسسىياتىنى ۋە ھىجران ئازابىنى، رەنانىڭ «مەن»گە بولغان يوشۇرۇن مۇھەببەت ھېسسىياتىنى ۋە ئازابىنى، «مەن» نىڭ رەناغا بولغان يوشۇرۇن ئاشىقلىقى ۋە ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان ئازابىنى ئىپادىلەشنى مەركەز قىلغان. ئاپتور بۇ ئۈچ پېرسوناژنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بىرىنچى شەخس تىلىدا ئىزھار قىلدۇرغاچقا، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ قەلب ئىزھارىغا نەۋايى قاتارلىق كىلاسسىك شائىرلارنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى كۆپلەپ قىستۇرغاچقا، ئەسەرنىڭ شېئىرىي پۇرىقى، لىرىكىلىقى زور دەرىجىدە كۈچەيگەن. ئەسەرنىڭ «مەن» بىلەن تەشنائىنىڭ پىنھان قەلب تۇيغۇلىرى ۋە مۇھەببەت ھېسسىياتى بىۋاسىتە ئىزھار قىلىنغان جايلىرىنى قاپىيەسىز شېئىر دېيىشكىمۇ بولىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئەسەر تىلىنى شېئىرىي ھېس-تۇيغۇلارنى ئىپادىلەشكە ئەڭ باب كېلىدىغان سۆز-ئىبارىلەردىن بەرپا قىلىشى، شېئىرىي مەنىگە ئەڭ باي سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشى، ئەسەرنىڭ شېئىرىي پۇرىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. ئاپتور ئەسەر پېرسوناژلىرىنى تاللاشتىمۇ ئەسەردىكى شېئىرىي خۇسۇسىيەتلەرنى گەۋدىلەندۈرۈشكە، ئەسەرنىڭ شېئىرىي پۇرىقىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، «مەن»ۋە تەشنائىنى پىشقان يازغۇچى سالاھىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ھېس-تۇيغۇلىرىنى كىلاسسىك مۇھەببەت لىرىكىلىرى ئارىلاشتۇرۇلغان شېئىرىي تۇيغۇغا باي پاساھەتلىك ئەدەبىي تىلدا ئىزھار قىلىشقا ئاساس سالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ پوۋېستتىكى قويۇق شېئىرىي كەيپىيات، جەلپكار لىرىك گۈزەللىك، ھېسسىيات بىلەن مەنزىرىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان مەنىۋى مۇھىت ئوقۇرمەنگە ئۆزگىچە ئېستېتىك لەززەت بەخش ئېتىدۇ. بۇ ئەسەرنى ئىسمى جىسمىغا لايىق لىرىك پىروزا دېيىشكە بولىدۇ. «يېشىل ۋادا»نى مەن «تۇيغۇ-ئىماگ ئەندىزىسى»گە مىسال قىلىپ سۆزلىگەنىدىم. بۇ ئەسەرنى شېئىرىي كەيپىيات ۋە مەنىۋى مۇھىت نۇقتىسىدىن كۆزەتكىنىمىزدە، سالى بوۋاينىڭ ھېس-تۇيغۇلىرى بىلەن كۆكيار ۋادىسىنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مەنزىرىسىنىڭ گىرەلەشمىسىدىن تۈزۈلگەن مەنىۋى مۇھىت بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن بۇ ھېكايىنى«شېئىرىي كەيپىيات-مەنىۋى مۇھىت» ئەندىزىسىگە تەۋە قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

«قۇمۇشلۇقتىن باشلانغان يوللار»دا ئاپتور بەكمۇ مۇڭلۇق، ئىنتايىن لىرىك، سەھرا قىزى ساجىدەدەك ساددا، ئەپسانىدەك گۈزەل بىر شېئىرىي مۇھىتنى

ياراتتى. بۇ پوۋېستنى ئىچكى رىتىمغا ئىگە بىر پارچە شېئىر دېيىشكىمۇ بولىدۇ. «بۇ پوۋېستنى بۇنداق شېئىرىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلغان ئامىل - ساجىدەنىڭ شېئىرىي تۇيغۇغا باي ئىچكى كەچۈرمىشلىرى، مونولوگلىرى، خىيالىي تۇيغۇلىرى بىلەن ئاپتور ياراتقان ئەپسانىۋى تۈسكە ئىگە شېئىرىي مۇھىت ھەم مۇڭلۇق شېئىرىي كەيپىيات»[5].

«ئېھ! ھايات»مۇ سۇژىت سۇسلاشتۇرۇلغان، لىرىك ھېس-تۇيغۇلارنى ئىپادىلەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان ئەسەر بولۇپ، خۇددى پروفېسسور ئازاد سۇلتان ئېيتقاندەك: «پوۋېستنى ئەدەبىيات تىلى ئەمەس، بەلكى شېئىر تىلى بىلەن يېزىلغان دېيىشكە بولىدۇ»[6].ئاپتور ئەسەردە«مەن»نىڭ نەزەرىدىكى تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى ۋە«مەن» نىڭ شۇ مەنزىرىلەر توغرىسىدىكى تۇيغۇ-تەسىراتلىرىنى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەچكە، ئەسەر كۈچلۈك شېئىرىي پۇراققا ئىگە بولغان.

يۇقىرىدا يېڭى پىروزىلارنىڭ ئاساسىي بايان ئەندىزىلىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئۆتتۇم. ئادەتتە بىر قىسىم بايان ئەندىزىلىرى ئۆز ئارا ئۆتۈشىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۇقىرىقى ئەسەرلەر ئاساسەن پىسخىك قۇرۇلمىدىكى ئەسەرلەر بولغاچقا، بىر قىسىم ئەسەرلەرنى مەلۇم بىر ئەندىزىگىلا تەۋە دەپ مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ. شۇڭا بۇ ئەسەرلەرنى مەلۇم بىر بايان ئەندىزىسىگە تەۋەلەشتە، شۇ ئەسەردە قايسى خىل بايان ئەندىزىسىگە تەۋە ئالاھىدىلىكلەرنىڭ گەۋدىلىك ياكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىغا قارىدىم. بەزى ئەسەرلەرنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ كۆزەتسەك، ئىككى خىل بايان ئەندىزىسىگە تەۋە بولۇپ قالىدىغان ئەھۋالمۇ ئۇچرايدۇ. يېڭى پىروزىلاردا «پىسخىكا-كەيپىيات» ئەندىزىسى بىلەن «تۇيغۇ-ئىماگ»ئەندىزىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتۈشۈش بىر قەدەر گەۋدىلىك.

## ئىزاھاتلار


[1][2] ياڭ شىيىڭ: «جۇڭگو-غەرب پىروزىلىرىنىڭ ژانىر فورمىسى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 2005- يىلى نەشرى ، 42-43-بەتلەر.

[3][4][5]مەتتۇرسۇن ئېلى:«يېڭىچە ھېكايە-پوۋېستلار ۋە يازغۇچىلارنىڭ ئىستېتىك ئىزدىنىشلىرى»، «تەڭرىتاغ» 1996-يىللىق 5-سان، 33-،37-،38-بەتلەر.

[6] ئازاد سۇلتان: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997-يىلى نەشرى، 370-بەت.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

32-يىللىق 2-سان | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى) | 第 32 卷第 2 期

2011-يىلى 6-ئاي | 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) | 2011 年 6 月

ماقالە نومۇرى: 11_035_02 (2011) 5878_1005


# نەۋائىينىڭ پەلسەپىۋى مەسەل داستانى«لىسانۇت-تەير» توغرىسىدا*


## تۇرسۇن قۇربان تۇركەش

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)



**قىسقىچە مەزمۇنى:** «لىسانۇت-تەير»نىڭ ماتېرىيالى پارس، تۈركىي ئەدىبلەرنىڭ قەلىمى ئاستىدا دارىتمىلاش، ئوخشىتىش، سىمۋول قىلىش ئارقىلىق فېئوداللىق جەمئىيەتنى قارىلاشنىڭ ئوبرازلىق ۋاستىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە شائىرلارنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئىپادىلەيدىغان بەدىئىي شەكىل بولۇپ كەلگەن. «قۇش تىلى»تېمىسى ئىبن سىنادىن غەززالىغا، ئەتتاردىن نەۋائىيغا ئۆتۈش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ، ئاخىرى ئۇيغۇر كىلاسسىك داستانىغا ئايلانغان. ماقالىدە، مەزكۇر تېمىنىڭ يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرىلىشى، نەۋائىيغا تەسىرى ۋە شائىرنىڭ«لىسانۇت-تەير» ئارقىلىق ئالغا سۈرگەن پەلسەپىۋى ئىدىيەسى چوڭقۇر تەھلىل قىلىندۇ.

**摘要：**《鸟语》题材，不仅是古代波斯、突厥语作家暗示、比喻、象征、批评、鞭打封建社会的工具，而且还成为文学家表达自己世界观的最好的艺术形式。《鸟语》题材从伊本·西拿到穆罕默德·伊本·卡扎里，又从阿塔尔到纳瓦依，不断地发展和演变，最终成为维吾尔族的经典著作。本文从《鸟语》题材的出现入手，对它的发展和演变过程，以及对维吾尔文学大师纳瓦依产生的影响，和纳瓦依写作这部长诗的目的做了详细的分析，并对纳瓦依的长诗《鸟语》和纳瓦依的哲学思想进行了论述

**Abstract:** *Lisanut-Teyr* is an example of a literary form common to Persian and Turkish writers, one which not only used allusion, metaphor, and symbol to criticize feudal society, but also expressed the poets' world views. The theme of "bird language," during the process of literary transmission from Ibn Sina to Ghezzali, and from Ettar to Newa'i, constantly changed and increase in complexity, eventually evolving into classical Uyghur epic poetry. This article will make a detailed and deep analysis of the importation of this theme into written literature, its impact on Newa'i, and on the philosophical notions which the poet advanced in his *Lisanut-Teyr*.



كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G122 ماتېرىيال بەلگىسى: A


ئەلىشىر نەۋائىي (1501_1441) يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىنكى تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ جۈملىدىن مەملىكىتىمىزدىكى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلۇغ ۋەكىلى، مۇتەپەككۇر شائىر. نەۋائىي ئۆمرىدە ئەدەبىيات، تىل، تارىخ، ئەخلاق، دىن ۋە تەسەۋۋۇپقا ئائىت 30 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان. شائىرنىڭ ئىجادىي مىراسى ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىياغا كەڭ تارقالغان. زاماندashلىرى ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا قىممەتلىك خاتىرىلەر قالدۇرغان. 16-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن ئاۋۋال ئىتالىيەدە كېيىن باشقا غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدە شائىر ھەم ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات تەڭلا باشلانغان.

«لىسانۇت-تەير Lisanut_Teyr» (قۇش تىلى) ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تەسەۋۋۇپلۇق دۇنيا قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان مەشھۇر پەلسەپىۋى مەسەل داستان. شائىر بۇ ئەسەرنى پارس-تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى فەرىدىددىن ئەتتار (1220_1150)نىڭ ئوخشاش تېمىدىكى«مەنتىقۇت-تەير Mantikut_Teyr» (قۇش

* بۇ ماقالە 2010-يىلى 5-ئاينىڭ 4-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.


**ئاپتور:** تۇرسۇن قۇربان تۇركەش (1965-يىلى 8-ئايدا تۇغۇلغان)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، دوكتور. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نۇتىقى) داستانىنى تۈركىي تىلىغا ئىجادىي تەرجىمە قىلىش ۋە ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىش ئاساسىدا تامامەن يېڭى بەدىئىي ئەسەر يارىتىش روھى بىلەن يېزىپ چىققان.

مەلۇمكى، نەۋايى ۋە ئەتتار داستانلىرىدا قۇشلارنىڭ سۇمۇرغ تامان قىلغان سەپەر ۋەقەلىكلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مۇئەييەن پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئوبرازلىق ئۇسۇلدا ئىپادىلەپ كۆرسەتكەن[1]. لېكىن قۇش تىلى ۋە سەرگۈزەشتىلىرىنى سۈرەتلەشتەك مەسەل ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆز دۇنيا قارىشىنى ئىپادىلەپ ئەسەر يېزىش شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا نەۋايى ۋە ئەتتاردىنمۇ بۇرۇن بار بولغان بەدىئىي ئۇسلۇب ئىدى. ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا (980ـ1037) نىڭ « تەير قىسسىسى»(قۇش رىسالىسى) ئەسىرى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى يازما ئەدەبىيات تارىخىدا قۇش تىلى ۋاستىسىدە يېزىلغان تۇنجى پەلسەپىۋى ئەسەردۇر. شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەت غەززالى (1040ـ1111)نىڭ ئىبن سىنا بىلەن ئوخشاش ئۇسلوب ۋە ماۋزۇدىكى قۇشلار داس ـ تانى دۇنياغا كەلدى ۋە بۇ ئەنئەنىۋى تېما ئەتتاردىن نەۋايىغا ئۆتۈپ شائىرنىڭ قەلىمى ئاستىدا يېڭىلىقى ۋە ئىجادىيلىقى بىلەن يۈكسەك سەۋىيە ياراتتى.

ئىبن سىنانىڭ«تەير قىسسىسى»ئەسىرى«تۇزاق ۋە قۇش كىتابى»نامى بىلەنمۇ شەرق خەلقلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق بىر مەزمۇن ھېكايە قىلىنغان: ئوۋچىنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ قالغان بىر توپ قۇش ئۆزىنى ئۇياق ـ بۇياققا ئېتىپمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ئەركىنلىكتىن ئۈمىد ئۈزۈشۈپ، بارا ـ بارا ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا كۆنۈپ قالىدۇ. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن بىرمۇنچە قۇش ئۇچۇپ ئۆتىدۇ. ئەسلىدە ئۇلارمۇ تۇزاققا ئىلىنغان قۇشلار بولۇپ، ئۇزۇنغىچە ئوۋچىنىڭ قولىدىن تولۇق قۇتۇلمىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئۇلارنىڭ باش ۋە قاناتلىرى ئۇلارنى ئەركىن قۇشلاردەك كۆرسەتسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ جانىۋارلارنىڭ ئاياغلىرى بەنتلەنگەن ئىكەن. ئوۋچىنىڭ قولىدىكى قۇشلار بۇرادەرلىرىنىڭ ياردىمىدە باش ۋە قاناتلىرىنى توردىن مىڭ تەسلىكتە چىقارسىمۇ، لېكىن ئاياغلىرىدىكى چۈشەكنى ئېلىۋېتىشنىڭ ئامالىنى قىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرلىشىپ، چەكسىز ۋادىلار ۋە ئېگىز تاغلاردىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، يىراقتىكى پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا ياردەم تىلەپ بارىدۇ، قەسىرگە كىرىش بىلەن سەھنىدىن پەردە كۆتۈرۈلۈپ، قۇشلارنىڭ كۆزى شاھقا چۈشىدۇ. شاھ شۇنچىلىك نۇرلۇق سىما ئىكەنكى، ئۇنى بىر كۆرۈش بىلەن قۇشلار ھوشىنى يوقىتىپ، كېلىشتىكى ئەسلىي مەقسىتىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشىدۇ. شاھ كەرەم مەرھەمىتى بىلەن ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، جانىۋارلار ئىستەكلىرىنى بايان قىلىدۇ. شۇندا شاھ ئۇلارغا:«ئاياغلىرىڭلاردىكى باغلاقنى ئوۋچىدىن باشقا ھېچكىم يېشەلمەيدۇ. مەن بىر ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن سىلەرنى ئازاد قىلىشنى تەلەپ قىلىمەن»دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇشلار ئەسلىي ماكانىغا قاراپ ئۇچۇشىدۇ.

«تەير قىسسىسى»دىكى مەزكۇر ۋەقەلىك ئىلمىي ئەدەبىياتلاردا تۈرلۈك ئىزاھلانغان، بەزى تەتقىقاتچىلار ئەسەردىكى مەسەللىك خاراكتېر ياكى ئالل‍ېگورىيەلىك (ئادەملەشتۈرۈش)ئىپادىلەشنى ئىبن سىنانىڭ شەخسىي ھاياتىغا دائىر ۋەقەلەر بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگەن. يەنى تۈرمىدىكى ھاياتىنى[2]قەپەسدىكى قۇشقا ئوخشىتىپ تەسۋىرلىگەن بۇ ئەسەرنى، ئاپتور ئۆزىنىڭ كېيىن ئادالەتلىك ھەمىدان ھاكىمى[3]تەرىپىدىن ئازاد قىلىنغانلىقىغا ئىشارەت قىلىپ يازغان. «قىسسەدىكى تۇزاق مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ[4] چاڭگىلىغا، قۇشلارنىڭ باش ـ قاناتلىرىنىڭ ئازاد بولۇشى خارەزمشاھنىڭ[5]ئالىملارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىغا بەرگەنلىكىگە، ئاياغلىرى باغلاقلىق قۇشلارنىڭ تىنىمسىز تاغۇ ـ ۋادىلاردا ئۇچۇپ يۈرۈشى بولسا زالىم پادىشاھنىڭ تەقىبى بىلەن ئىبن سىنانىڭ يۇرتمۇ يۇرت تىنىمسىز قېچىپ يۈرۈشىگە سىمۋول قىلىنغان»[6]دەپ قارالغان. لېكىن شەرقشۇناس ئالىم گرىگورىيان ئەسەردە ئالغا سۈرۈلگەن ئاساسىي تېماتىك غايە بويىچە«تەير قىسسىسى»نى ئىجتىمائىي ـ سىياسىي مەزمۇندىكى ئەسەر سۈپىتىدە تەھلىل قىلغان. ئۇنىڭچە، ئىبن سىنا ئۇشبۇ مەسەل داستاندا ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە فېئودال

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دۆلەتنىڭ ئاۋامغا سالغان زۇلۇملىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىغان. ئەسەردىكى قۇش خەلقىقە، تۇزاق زۇلۇمغا، شاھ ھۆكۈمدارغا تىمسال قىلىنغان. داستاندىكى قۇشلارنىڭ شاھقا قىلغان ئىلتىجاسى نەتىجىسىز قالغانىدەك، فېئودالىق دەۋردە خەلقنىڭ ھۆكۈمرانلار سىنىپىدىن ئەركىنلىك تەلەپ قىلىشىمۇ ئوخشاشلا ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خىيالدىن ئىبارەت.

بىرىنچىدە، بۇ ئىبن سىنانىڭ «سالامان ۋە ئىبسول»، «ئويغاق ئوغلى تىرىك» رىسالىلىرىگە ئوخشاش چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇندىكى بەدىئىي ئەسىرى بولۇپ، ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىش ئۈچۈن قىسسەدىكى مەجازىي (يوشۇرۇن ئوخشىتىپ ئىپادىلەش) ئوبرازلارغا يۈكلەنگەن ئىچكى مەنىلەر ھەققىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەلۇمكى، شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان ئىنساننىڭ جېنى(روھى) ئەركىن قۇش سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىپ كەلگەن. ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن«جان قۇشى»، «كۆڭۈل قۇشى» ئىبارىلىرى ئەلۋەتتە مۇشۇ خىل چۈشەنچىلەر بىلەن باغلىق. ئىبن سىنا داستاندا مۇشۇنداق ئەنئەنىۋى پىكىرلەرگە ئاساسلىنىپ، قۇشلارنى ئىنسان جېنىنىڭ مەجازىي ئوبرازى سۈپىتىدە تەلقىن قىلغان. شۇنىڭدەك بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى دىنىي تەلىماتلارغا تايىنىپ، جان تەن ئىچىدە مەۋجۇت، تەن جان ئۈچۈن بىر قەپەس ياكى تۇزاق، ئۇنى چېقىپ تاشلاپ ئەركىن قۇشقا يەنى ئۆزلۈككە ئېرىشمەك لازىم، دېگەن سوپىستىك پىكىرنى ئالغا سۈرگەن. دېمەك، نەچچە مىڭ يىللىق شەرق فولكلورى جۈملىدىن ھىندى خەلقىنىڭ مەشھۇر داستانى«كەلىلە ۋە دەمنە»دىكى مەسەل- چۆچەكلەر ئاساسىدا يېزىلغان مەزكۇر قىسسەدىكى قۇشلار ئىنسان روھىنىڭ، تۇزاق ئادەم جېنىنىڭ، ئوۋچى تەبىئەتنىڭ، پادىشاھ تەڭرىنىڭ مەجازىي ئوبرازىدۇر. «تەير قىسسىسى»نىڭ دۇنياغا كېلىشى شەرق بەدىئىي تەپەككۇر تارىخى ۋە ئىجتىمائىي پىكىرلەر تەرەققىياتىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇپ، ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا قۇشلار سىمۋولىدا پەلسەپىۋى ئەسەر يېزىشنىڭ ئۈلگە ھەم ئەنئەنىسىنى باشلاپ بەردى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىبن سىنادىن ئىلھاملانغان غەززالىمۇ «رىسالەتۇت-تەير»ئەسىرىنى يېزىپ، سوپىزم بىلەن ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ماسلاشتۇرۇش غايىسىنى ئىپادىلىدى. لېكىن ئۇ ئىنسان دۇنياۋى پائالىيەتلەردىن قول ئۈزۈپ زاھىدلىق ۋە رىيازەت يولىغا كىرگەندىلا ئۇنىڭ روھى يۈكسەك بەخت ۋە مۇتلەق روھنىڭ مۆجەسسىمى بولغان خۇدا بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدۇ، دەيدىغان پاسسىپ تەركىدۇنياچىلىقنى تەشەببۇس قىلدى. شۇڭلاشقا غەززالى داستانىدىكى شاھنى ئىزلەپ يولغا چىققان قۇشلارنى ئەمەلىيەتتە تەڭرى ۋەسلىگە ئېرىشمەك ئۈچۈن تەرىقەت يولىغا كىرگەن سوپىلار، ئەنقانى بولسا ئۇلارنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئىدىئالى بولغان تەڭرىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى قىلىپ ئىپادىلەپ، ئۆزىدىن كېيىنكى شەرق مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ پەلسەپىۋى پىكىر ئېقىمى ۋە تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

«مەنتىقۇت-تەير»پارس-تاجىك مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى پەرىدىددىن ئەتتارنىڭ تەسەۋۋۇپ مەزمۇنىدىكى زور ھەجىملىك ئەدەبىي مىراسى ئىچىدىكى ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە مەشھۇر ئەسەر. داستان ئىبن سىنا ۋە غەززالى رىسالىلىرىگە نەزىرە قىلىش ۋە ئۇلار بىلەن ئىجادىي رىقابەتلىشىش ئارقىلىق يېزىلغاچقا، ئەتتار ئاۋۋالقىلار ئەسەرلىرىدىكى مەسەللىك سۇژىتنى ھەر تەرەپلىمە راۋاجلاندۇرۇرغان. بولۇپمۇ ئەتتار داستاندىكى ئابستراكت ئۇقۇمدىكى قۇشلارغا ئۆزى ياشاۋاتقان زامان رېئاللىقى ئاساسىدا ئىجتىمائىي- سىياسىي قىممەت يۈكلىگەن. ئۇلارنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، غايىسى، مەشغۇلاتى ۋە خاراكتېرى جەھەتتىن بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان كىشىلەر توپىنىڭ كونكرېت ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇلارنى ئۆز نۇقسانلىرىنى تۈزىتىش بەدىلىگە مۇكەممەللىششكە چاقىرغان. بۇ ئەينى دەۋر ئۈچۈن ئېيتقاندا زور ئىلغارلىق ۋە جاسارەت ھېسابلىناتتى.

ئەلىشىر نەۋايى ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە سىقىق بىر زاماندا ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. يەنى شائىر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي جەھەتتىن ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادلىرىنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىپ ئىچكى ئۇرۇشلىرى كۈچەيگەن، ئىقتىسادىي تەرەپتىن شەھەر

ھۆنەرۋەنچىلىكى ۋە سودىسى نىسپىي گۈللەنگەن، مەدەنىيەت ھەم سەنئەتتە «ياۋروپا تارىخىدىكى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى دەپ ئاتالغان دەۋرگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدىغان زاماندا ياشىدى ۋە شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋەكىللىرى قاتارىدا تونۇلدى»[7]. نەۋايىنىڭ ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا«لىسانۇت-تەير»شائىرنىڭ«پەلەكتىن ناتىۋانلىق»[8]كۆرگەن دەۋرلىرىدە يېزىلغان. نەۋايى داستاننى ئىجاد قىلىشنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە توختىلىپ ئەسەرنىڭ خاتىمە قىسمىدا مۇنداق يازغاندى: «قۇشلار تىلىنى بىلىدىغانلاردىن بىرى سۇلايمان پەيغەمبەر ئىدى. ۋەزىرى ئاساف ئۇنىڭدىن قۇش زۇۋانىنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن ھېچكىمنى خەۋەردار قىلمىدى. پەلەك تېز ئايلىنىپ مىڭ يىلدىن كېيىن ئاجايىپ مەنىلىك نۇتۇق كۆيلىگۈچى...بىر قۇش (ئەتتارنى دېمەكچى) دۇنياغا كەلدى. ئۇنى بارچە قۇشلار تىلىنىڭ داناسى دەرلەر ئىدى ! ھەقىقەت سىرلىرىنى بايقاشتا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوقتۇر...پارس تىلىنى بىلىدىغانلار ئەتتارنىڭ ئەسىرىدىكى بارچە ئىنچىكە مەنىلەردىن بەھرىمەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تىلنى بىلمەيدىغان ساددا تۈركلەر ئەسەرنى ئوقۇپ پايدىلىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدى... مەنمۇ شۇنداق بىر قۇش ئىدىمكى كېچە ـ كۈندۈز ئەتتارنىڭ دۇكىنىدىن شېكەر ئېلىش بىلەن مەشغۇل ئىدىم... تۇنجى مەكتەپكە كىرگەن ۋاقتىمدا، مەن قىززىقۇچان تەبىئىتىم بىلەن ئۇنىڭ ‹مەنتىقۇت-تەير› داستانىغا مەپتۇن بولۇپ قالدىم.كۆڭلۈم ئۇندا يېزىلغان سۆزلەرگە ئاشنا بولغاچ... ئۇ خىلۋەتتىكى ئەڭ قەدىردان سىردىشىمغا ئايلاندى...پۈتۈن خىيالىم قۇش تىلى بىلەن بەنت ئىدى... لېكىن بىر ئارزۇ ئۆمرۈم بويى ماڭا ئارام بەرمەي كەلدى. يەنى ھەق مەدەت بەرسە تەرجىمە يولى بىلەن ئەسەر يازسام...شۇنىڭدىن كېيىن 60 يېشىمدا قۇش تىلىنى شەرھلەش ئۈچۈن قەلىمىمنى ئۇچلىدىم. بۇ ئىشتا شەيخ روھىدىن(ئەتتاردىن) مەدەت سورىدىم ۋە ئەسىرىمنى قىسقا ۋاقىتتا يېزىپ تاماملىدىم»[9]. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇشبۇ داستان ئەتتارنىڭ«مەنتىقۇت-تەير» ئەسىرىدىن ئىلھاملىنىپ يېزىلغان. بۇ نۇقتىنى نەۋايىنىڭ «مۇھاكىمەتۇل-لۇغەتەيىن»ناملىق ئەسىرىدە بىر پۈتۈن ئىجادىي ھاياتىدىن خۇلاسە قىلىپ مەزكۇر ئەسەر ھەققىدە ئېيتقان«چۈن ‹لىسانۇت-تەير› ئەلھانى بىلە تەرەننۇم تۈزۈپمەن، قۇش تىلى ئىشارىسى بىلە ھەقىقەت ئەسرارىن مەجاز سۈرەتىدە كۆرگىزىپ مەن»[10]دېگەن بايانلىرىدىن تېخىمۇ ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن.

«لىسانۇت-تەير»نەۋايىنىڭ‹‹خەمسە››دىن كېيىنكى ئالتىنچى داستانى. ھەجىم جەھەتتىن كىچىكرەك بولۇشىغا قارىماي، تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ ئەسەر. داستان 1499/1498 ـ يىلى يېزىلغان. ئۆزبېكچىسى ئەسەرنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل نۇسخىسى بولۇپ 193باب، 3598 بېيىت شېئىردىن تەركىب تاپقان. ئۇيغۇرچە نەزمە ۋە نەسر ۋارىيانتىنىڭ باب ۋە بېيىت سانى بۇنىڭدىن ئازراق. شائىر ھەربىر بابنىڭ بېشىدا تەڭرى، تەبىئەت، ئىنسان، تەسەۋۋۇپ، بىلىم، ئەقىل-پاراسەت، ئەخلاق- پەزىلەت ۋە رېئاللىق ھەققىدىكى پىكىر-مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئارقىدىنلا بۇ قاراشلىرىنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن تۈرلۈك ئەقلىي- مەنتىقىي نەسرىي پارچىلارنى مىسال كەلتۈرگەن. بۇلار شەكلى خىلمۇ خىل، مەزمۇنى چوڭقۇر ۋە بەدىئىيلىكى يۇقىرى شېئىرىي شەكىلدىكى 65 پارچە ھېكايە، مەسەل ۋە رىۋايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، نەۋايى مەزكۇر پەلسەپىۋى داستانىنىڭ مەزمۇن ۋە قۇرۇلمىسىنى تەشكىللەشتە مەشھۇر «خەمسە»دىن جۈملىدىن ئۇنىڭدىكى«ھەيرەتۇل-ئەبرار»، « سەددى ئىسكەندەر» لەرنى يېزىشتا توپلىغان باي تەجرىبىلىرىدىن پايدىلانغان.

ئاۋۋالقى13باب ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى بويىچە ئالەمنىڭ يارىلىشى، تەڭرى، تەبىئەت ۋە ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئالاقە ھەم ماسلىق مۇناسىۋەت ئۈستىدە توختالغان. بۇ جەھەتتىن نەۋايى گۈزەللىك قانۇنىيىتىدىن ئىبارەت مۇھىم بەدىئىي ئېستېتىك پىرىنسىپقا ئاساسلانغان. شائىر قارىماققا بۇ ھەقتىكى بايانلىرىدا تەڭرى ـ تەبىئەت روھىدىكى ئالىي ماھىيەت، بۇلار ئۆزئارا سىڭىشكەن بىر پۈتۈن گەۋدە ئىچىدە مەۋجۇت، دەيدىغان پانتېزملىق كونا قاراشنى تەكرارلاۋاتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ماھىيەت جەھەتتىن ئالەمنىڭ يارىتىلىشىدىكى ئاساسىي مەقسەت ئىنسان،

بارچە مەۋجۇدات ئادەم ئۈچۈن، دېگەن ئىلغار گۇمانىزملىق پەلسەپىۋى ئىدىيەنى ئالغا سۈرگەن. مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ دۇلدۇلغا مىنىپ ئەرشكە چىققانلىقى ھەققىدىكى دىنىي ئەپسانە، تۇت خەلىپە قاتارلىق ئۇلۇغ كىشىلەر مەدھىيەسى ۋە شائىرنىڭ شەخسىي ھاياتى ھەققىدىكى مەزمۇنلار مۇقەددىمىدىن ئورۇن ئالغان.

172-بابتىن ئاخىرغىچە بولغان 21 باب داستاننىڭ خاتىمىسى بولۇپ، بۇ قىسىم تەرىقەتتىكى يەتتە باسقۇچقا بېغىشلانغان مۇناجات، داستاننىڭ يېزىلىش سەۋەبى، ۋاقتى، ئەسەردە نېمە ئۈچۈن «فانى»[11]تەخەللۇسىنىڭ قوللىنىلغانلىقى ۋە پادىشاھ ھۈسەيىن بايقارا قاتارلىق مەزمۇنلارغا بېغىشلانغان.

داستاننىڭ يادرولۇق ئىدىيەسىگە ئائىت قۇشلار ۋەقەلىكى 14-بابتىن باشلانغان ، بۇ قىسىم جەمئىي158باب بولۇپ، نەچچە مىڭ مىسرا مەسنەۋى شېئىردىن تۈزۈلگەن. «لىسانۇت-تەير»نىڭ بۇ بۆلىكى ئەنئەنىۋى ئىسلام شەرق ئەدەبىياتىدىكى ھېكايە ئىچىدىن ھېكايە چىقىرىش ئۇسلۇبى بويىچە يېزىلغان. ئەسەر قۇشلارنىڭ بىر تۇغنىڭ ئاستىدا ئىتتىپاقلىشالماي ھەممىسى ئۆزىنى‹‹مەن پادىشاھ››دەپ ئورۇن ۋە مەنمەنلىك تالىشىشىدىن ئىبارەت كەسكىن دراماتىك توقۇنۇش ئىچىدە باشلانغان. شۇنىڭ بىلەن ھۆپۈپ(ھودھود)، بۇلبۇل، كەكلىك(كەبك)، شۇڭقار، لاچىن(شاھباز)، تۇتى قۇش، ئۆردەك، سوپىسوپىياڭ(يازىرب)، بايقۇش(بۇم)، پاختەك، بۈركۈت(ئۇقاب)، كەپتەر، توخۇ(خوراز) قاتارلىق تەبىئىتى ۋە تۈرلىرى خىلمۇ خىل بولغان «يۈز تۈمەن مىڭ قۇش»[12]يىغىلىشىپ، ئۆزلىرىگە پادىشاھ سايلاش قارارىغا كېلىدۇ. داستاندا قۇشلارنىڭ بۇ ئارزۇسى ئۇلارنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق بېرىلگەن:

شاھىسىز ئەردۇك بەغايەت كۆپ سىپاھ،
نە سىپاھ بولغايكى يوقتۇر ئاندا شاھ...
تا بۇ كىم سۇمۇرغ بولغاي شاھىمىز،
بارچە شەررۇ خەيردىن ئاگاھىمىز...
شاھقا بولسا بۇ مەئنى دىلپەزىر،
بەندە بولغايمىز نېچە زارۇ ئەسىر[13]...

(بىز پادىشاسىز قالغان بىر توپ قۇشلارمىز. ئەگەر قوشۇندا پادىشاھ بولمىسا ئۇ قانداقمۇ قوشۇن بولسۇن! ئىستىگىمىز سۇمۇرغ بىزگە باش بولۇپ، بارچە ياخشى-يامانلىقىمىزدىن ئاگاھ بولسا، بىزدەك پەقىرۇ مەھكۇملار بەجانىدىللىق بىلەن ئۇنىڭ قۇللۇقىنى قىلاتتۇق).

شۇنداق قىلىپ قۇشلار كېڭىشىپ غەرب تەرەپتە ياشايدىغان سۇمۇرغ (ئەنقا)نى پادىشاھلىققا ئەڭ مۇۋاپىق نامزات دەپ قارايدۇ ۋە سۇمۇرغنىڭ ئاشۇ تاماندىكى ئارالارنىڭ بىرىدە ياشايدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىكى بۇ ھەۋەس كۈچلۈك ئارزۇغا ئايلىنىپ، قۇشلار ئىدىيال پادىشاھنى ئىزدەپ تېپىش ھەققىدە ئەھدۇ پەيمان قىلىشىدۇ. ئۇلار بۇ جەرياندا سۇمۇرغنىڭ بۇ جاھاندىكى ماكانىنىڭ سۇرەتخانىسى[14]دەپ ئاتالغان مەشرىقتىكى ئۇلۇغ چىن زېمىنىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاپ بۇ ئەلگە ساياھەتكە كېلىشىدۇ، قۇشلار رىيازەت چېكىپ سۇمۇرغنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى بەخت- سائادەت ھېسابلايدۇ. ئۇلۇغ مەقسەت ئۈچۈن ئاتلانغان سانسىز قۇش سەپەر جەريانىدا تەلەپ، ئىشق، مەرىفەت، ئىستىغنا، تەۋھىد، ھەيرەت، فەقرۇ فانا دەپ ئاتالغان «يەتتە ۋادا»، ئېگىز تاغ ۋە چۆللەردىن ئۇچۇپ ئۆتىدۇ. داستاندىكى مەسەللىك سۆزنىڭ كولمىناتسىيون قىسمىدا سۇمۇرغ ۋەسلىگە تەشنا ئۇزۇن سەپەر قىلغان ئۇچارقاناتلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلۈپ، پەقەت ئوتتۇز قۇش ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارىدۇ. ئۇلار قەيەرگىلا قارىسا ئۆزلىرى كۆرۈنىدۇ. ئۆزلىرى سۇمۇرغ سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. نەۋايىنىڭ مۇھاكىمىسىچە، قۇشلار (ئىنسانلار)مەنىۋى- ئەخلاقىي جەھەتتىكى تەكەممۇللۇقنىڭ مۇئەييەن باسقۇچلىرى (يەتتە ۋادى) نى باشتىن كەچۈرۈپ، شۇ سۈپەتتە ئۆز ماھىيىتىدىكى سۇمۇرغنى، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي گۈزەللىك ۋە كامالەت تىمسالى بولغان سۇمۇرغ(تەڭرى) بىلەن بىر تەندە مەۋجۇتلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. يورۇقلۇق قۇياشقا قايتقاندەك، يۈز تۈمەنمىڭ قۇش بىر قۇشقا ئايلىنىدۇ. يەنى ئالەمدىكى ھەممە نەرسە جەۋھەرلىنىپ ئىنسانغا مەركەزلىشىدۇ. دېمەك، ئاخىرقى ھېسابتا ئىنسان ئىلاھلىشىدۇ! قۇشلار«ئاللا! ئاللا!»دېيىشىپ بۇنداق مۆجىزە- كارامەتتىن ھەيران بولۇشىدۇ. «لىسانۇت- تەير»نىڭ 165-بابىدا بۇ پىكىرنىڭ نەزمىي شەكلى كەلتۈرۈلگەن:

كۆردىلەر ئۆزنى قايانكىم چۇشتى كۆز،
ئاللاھ ـ ئاللاھ نە ئاجايىبتۇر بۇ سۆز...
كىم سەن ـ ئۇقسەن ھەرنەكىم مەقسەت ئېرۇر،
سەندىن ئۆزگە ھەرنەكىم مەۋجۇت ئېرۇر.
ئۆز ۋۇجۇدۇڭغا تەپەككۇر ئەيلىگىل،
ھەرنە ئىستەرسەن ئۇزەڭدىن ئىستىگىل[15]

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ بېيتلار داستاننىڭ جەۋھىرى بولۇپ، شائىر بۇ يەردە پارسچە سۆز «سى مۇرغ»نىڭ شۇ ناملىق بىر قۇش ۋە ئوتتۇز قۇشنى كۆرسىتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت كۆپ مەنىلىك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭدا «ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلىدۇ» دېگەننى ئىشارە قىلغان. شۇ ئارقىلىق ئۇزىنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى «ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد» ۋە تەجەللىيلىك پەلسەپىۋى قارىشىنى ئوبرازلىق ھەم مەركەزلىك ئىپادىلىگەن. قىسقىسى، قۇشلارنىڭ ئۆز مەقسىتىنى ئىزدەپ قىلغان سەپىرىنى ئالەمنىڭ يارىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ئىنسان، دۇنيادىكى بارچە شەيئىلەر ئىنسان تۈپەيلى مەۋجۇت ۋە قىممەتكە ئىگە، ئىنسان ئۆز ھاياتى داۋامىدا تەقدىرنىڭ قولى ئەمەس، بەلكى ئۆز ئىستىقبالىنىڭ ئاكتىپ ئىجادكارى بولۇشى كېرەك، ئۇ ئۆز بەخت ـ سائادىتى ۋە تەقدىرىنى يارىتىشتا ھېچقاچان تاشقى كۈچتىن نىجات تىلىمەي، كۈچلۈك ئىرادە تىكلەپ مۇستەقىل كۈرەش قىلىشى لازىم، ھەقىقەت ئىنساندا پوتېنسىيال تەرىزدە مەۋجۇت، شۇڭا ئىنسان ئۇنى تاشقىرىدىن ئەمەس بەلكى ئۆز ۋۇجۇدىدىن ئىزدىشى زۆرۈر، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزلۈكىنى تونۇشى ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى شەرت، دېگەن گۇمانىزملىق نۇقتىدىن تەلقىن قىلىش ئەسەرنىڭ ئومۇمىي ئىدىيەسىگە ئېھتىمۇ ئۇيغۇن.

داستاندىكى يەنە بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇزاق يىل داۋاملاشقان مەنىلىك ئەمما مۇشاققەتلىك سەپەردە بەزى قۇشلار ھەر خىل سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، يېرىم يولدا توختاپ قالماقچى بولسا، يەنە بەزىلىرى كېسەل بولۇپ ھالسىزلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىرادىسى بوشىشىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا قۇشلار باشچىسى ھۆپۈپ بىلەن ئۆز نىشانىغا يېتىشتىن يالتايغان قۇشلار ئوتتۇرىسىدا ئىبرەتلىك سوئال ـ جاۋابلار بولىدۇ. سۆھبەت ئاساسەن ئىشق، دىن، ئىرادە، غايە، سەبىر ـ تاقەت، چىدام، نەپسى بالالىق ۋە شەخسىيەتچىلىك قاتارلىق ئىنسانىي پەزىلەت ۋە ئەخلاقىي ئىللەتلەر مۇھاكىمىسىگە بېغىشلىنىدۇ. مەسىلەن، بىر قۇش ھۆپۈپتىن ھىممەت (ياخشىلىق، مەرتلىك) ھەققىدە: «زەئىپمەن ئەمما ھىممەتلىكمەن! سۆز مەنىسىدە نە مەنە بار؟» دەپ سوئال سورىغاندا، ھۆپۈپ «ھىممەت ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئالىي پەزىلەت. ئادەم ئەسلىي سەدەپ بولسا، ھىممەتتىن گۆھەرگە ئايلىنىدۇ. ھىممەتلىك گاداي ھىممەتسىز پادىشاھتىن ئەۋزەل» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شائىر بۇ يەردە قۇشلار ئوبرازىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئادەملەردىكى زامان ۋە تۈزۈمدىن كەلگەن، مەنىۋى يۈكسەكلىككە توسقۇنلۇق قىلغۇچى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى تەنقىدلەيدۇ. ئىنسانلارنى پەزىلەتلىك بولۇشقا، ئالىيجاناب غايە ئۈچۈن توختاۋسىز كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ! ئادەملەرگە جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، بايلىقى ۋە تاشقى قىياپىتىگە ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي پەزىلىتىگە قاراپ باھا بېرىش كېرەك، دېگەن مۇھىم ئەخلاقىي ـ ئېتىكىلىق ئىدىيە ئىلگىرى نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ، بۇ «لىسانۇت ـ تەير»دىمۇ يېڭىچە رەڭ ۋە ئۆزگىچە ئاھاڭلار بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. داستاندا سۆزلەنگەن سۆيگۈ ۋەقەلىكلىرى نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ مۇھەببەت دەرياسىنى ئېھتىمۇ ئۆركەشلىتىپلا قالماستىن، بەلكى شائىرنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن ئۇنىڭدىكى بەدىئىي ماھارەتنى ئۆگىنىشتە مۇھىم مەنبەلىك رول ئوينايدۇ. ئەسەرگە «مەجنۇن»، «ئارىستو ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى»، «ھەيرەتتە قالغان ئاشىق»، «مەجنۇن ۋە لەيلى» قاتارلىق كىچىك ھەجىمدىكى ئىشق ھېكايىلىرى كىرگۈزۈلگەن. بولاردىن «شەيخ سەنئان» ئالغا سۈرگەن غايىۋى تېماتىك مەزمۇن، ھەجىم، ئوبرازنىڭ مۇكەممەللىكى، پىسخىك تەھلىللەرگە بايلىقى ۋە تەسۋىرلەنگەن مۇھەببەت ماجىراسىنىڭ ھەيران قالارلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا مەزكۇر ھېكايىنى داستاندىكى ئادەتتىكى قىستۇرما پارچە قاتارىدا ئەمەس، بەلكى مۇستەقىل ۋە ئاجايىپ مۇھەببەت قىسسىسى سۈپىتىدە تەھلىل قىلىش بىز ئۈچۈن يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، ئوتلۇق سۆيگۈ ساھىبى بولمىش شەيخ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



سەنئان ھەققىدىكى رىۋايەتلەر شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ مەلۇم ۋە مەشھۇر بولغان. بۇ ھەقتىكى ھېكايىلەر ھەر خىل خەلق ئەسەرلىرىدىن ئورۇن ئالغان. ئەمما بۇ ئاجايىپ رىۋايەتنى بىرىنچى بولۇپ نەزمىگە سېلىش شەرىپى پەرىدىددىن ئەتتارغا مەنسۇپتۇر. لېكىن نەۋايىنىڭ داستانى514 بېيىت بولۇپ، ئەتتارنىڭكىدىن تەخمىنەن يۈز بېيىت ئارتۇق. ئەسەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى باشقىدىن تەشكىللەنگەن. ئوبرازلار كېڭەيتىلگەن. رۇس شەرقشۇناسى بېرتېلس (1957ـ1890) نەۋايى بىلەن ئەتتار ئىجادىيىتى ئۈستىدە چوڭقۇر سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مۇشۇنداق بىر قاتار گەۋدىلىك ئۆزگىچىلىكلىرىگە ئاساسەن «لىسانۇت ـ تەير»نى «مەنتىقۇت ـ تەير»دىن پەرقلىق ئورگىنال ئەسەر، دەپ كۆرسەتكەن[16]. يەنى داستان «تەرجىمە»كاتىگورىيەسىدىن ھالقىپ كەتكەن.

ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى شەيخ سەنئان ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى كەبەدىكى باش شەيخ. نەۋايى شەخسلەر ھەققىدىكى تەزكىرە ئەسىرى«نەسايىمۇل ـ مۇھەببەت»تە بۇ پېرسوناژنى «ئۆز دەۋرىدە ياشىغان شەيخ سەنئاننىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ھەرقانچە يازسا ئاز. ئۇ كامالەتكە يەتكەن تۆت يۈز مۇرىتى بىلەن ئەللىك يىل ھەرەمدە ياشىدى»[17] دەپ يېزىپ، ئۇنى رېئال تارىخىي شەخس سۈپىتىدە ئىزاھلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىزنىڭچە باشقىلارنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئىشنى شەيخ سەنئاننىڭ نامىغا يۆكلەپ يازغان توقۇلما شەخستۇر. قىسسەدە ئېيتىلىشىچە، شەيخ سەنئان چۈشىدە كۆرگەن رۇم شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردە گۈزەل خىرىستىيان قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. شەيخ مۇھەببەت ئىزھار قىلغاندا، قىز تۆت شەرت، ئىككى جەرىمانىنى ئادا قىلسا، ئۇنىڭ سۆيگۈ تەلىپىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شەيخ ھېچ ئىككىلەنمەستىن بۇدپەرەستلەر مۇراسىمىدا خۇددىنى يوقاتقۇچە ھاراق ئىچىدۇ، ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىپ، خىرىستىيان بولىدۇ، قۇرئاننى ئوتقا تاشلايدۇ، شەيخلىق ئۈستىبېشىنى خىرىستىيانلىق كىيىملىرىگە ئالماشتۇرۇپ، بېلىگە زۇننار باغلايدۇ. جەرىمانە سۈپىتىدە كېچىسى ئاتەشدانغا ئوت ياقسا، كۈندۈزلىرى چوشقا باقىدۇ. گەرچە داستاننىڭ ئاخىرىدا شەيخ بىر سادىق مۇرىتىنىڭ دەۋىتى بىلەن تۆۋە قىلىپ ۋەتىنى ۋە ئىسلام ئېتىقادىغا قايتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئېتىقادى يولىدا دىن، ئىرق ۋە مەدەنىيەت چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بىر ئاشىق ئۇلىمانىڭ ئىسيانكار ئوبرازى كۆز ئالدىمىزدىن زادىلا كەتمەيدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى ۋە ئىسلام دىنىي ئىدىيئولوگىيەسى مۇتلەق ھۆكۈمران بىر دەۋردە شەيخ سەنئاندەك كىشىنىڭ بولۇشى ماكان ۋە زامان مەنتىقىسىگە ئۇ دەرىجىدە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، لېكىن شائىر بۇ ئوبراز ئارقىلىق تەقدىرچىلىك ۋە خۇراپىي دوگماتىزمغا قارشى كۈچلۈك شەخسىي ھەم ئىنسانىي مۇھەببەت ئەركىنلىكى ئىدىيەسىنى ئالغا سۈرىدۇ. ئىجتىمائىي، مىللىي ۋە دىنىي كەمسىتىشكە قارشى تۈرلۈك ئېتىقادتىكى كىشىلەرنىڭ باراۋەر ۋە ئىناق ياشىشى دىنىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى بولغان ئىنسانپەرۋەرلىككە تېخىمۇ ئۇيغۇن دەپ قارايدۇ. قىسقىسى نەۋايى شەيخ سەنئاندىن ئىبارەت ئەجدادلار قەلەمىگە ئالغان بۇ كونا تېما ۋە سۇژېتنى«زامانىۋىلاشتۇرۇپ»، بۇ ئارقىلىق ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ روھىنى ئىپادىلەپ، ئۇنىڭغا ئۆز دۇنيا قارىشىنىڭ تامغىسىنى باسقان. نەتىجىدە «خەمسە»گە ئوخشاش ئەنئەنىۋىي ۋەقەلىك ماھىيەت ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭغا ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئەڭ يۈكسەك غايىسى بولغان ئىنسانىي ئۇلۇغلاش، شەخس ئەركىنلىكى ۋە باراۋەرلىكتىن ئىبارەت چوڭقۇر گۇمانىستىك روھ بېغىشلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا داستاندىكى مەزكۇر قىسسەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېكايەتلەر ئۆزىنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئەلشىر نەۋايى پىروزا ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ كېيىنكى دەۋر تۈركىي-ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئوتتۇرا، كىچىك ئېپىك ژانىرلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تەسىر كۆرسەتكەن.

نەۋايى ئەسەردە « گەرچە ‹لىسانۇت-تەير›دە ئىپادە ئېتىلگەن مەقسەتنى بىلىش قىيىن بولسىمۇ، لېكىن قۇش تىلىنى ئەل كۆڭلىگە ئايان قىلغىل»[18] دەپ يازغان. شۇڭا«قۇش تىلى»نىڭ مەخپىي «سىفىرى»نى يېشىشتە ئەسەردىكى قۇشلار

ئوبرازىنى تەھلىل قىلماي تۇرۇپ، ئاساسىي مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. داستان پېرسوناژلىرى بولغان قۇشلار ئوبرازىنى ئەسەرنىڭ مۇھىم تېماتىك مەزمۇنىدا تۇتقان ئورنى ۋە ۋەزىپىسىگە قاراپ ئۈچ تىپقا بۆلۈش مۇمكىن. بۇلار: سۇمۇرغ، ھۆپۈپ ۋە باشقا قۇشلار ئوبرازىدىن ئىبارەت.

سۇمۇرغ ئەسەرنىڭ باش ۋە يېتەكچى ئوبرازىدۇر. گەرچە سۇمۇرغ داستاندىكى كونكرېت ۋەقەلەرگە قاتناشمىسىمۇ، لېكىن ئەسەردىكى ھەممە تەرەپ ئۇنىڭ نامى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئۇ قۇشلارنىڭ غايىۋى مەقسىتى، مۇتلەق گۈزەللىك ۋە بەخت ـ سائادەت سىمۋولى سۈپىتىدە داستاندا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ۋە ئۇيۇشتۇرغۇچى رولىنى ئوينايدۇ. ئۇنىڭ ھۆپۈپ تىلىدىن بېرىلگەن خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ گەۋدىلىك تەرەپلىرى مۇنداق:

ھەر پەرىدە يۈز تۈمەن رەڭگى ئەجەب،
لېك ھەر رەڭدە يۈز نەقشى غەرەب...
ئۇل سۈپەت ئافاق ئارا شائې بولۇپ،
بارچە ئۇنىڭ زاتىغا راژئې بولۇپ...

سۇمۇرغنىڭ بۇ خاراكتېرىدىن ئۇنىڭ ھەم ئەپسانىۋى گۈزەل قۇش ھەم ئىلاھنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. شائىرنىڭ مۇلاھىزىسىچە، سۇمۇرغ تەبىئەتتىكى نەرسە، ھادىسە ۋە ئۆزگۈرۈشلەر ئىچىگە يوشۇرۇنغان ماھىيەتتۇر. ئەسەردە ئۇ ئاۋۋال «يوشۇرۇن ھۆسىن»گە ئىگە ئەسلىي زات تەرزىدە كۆرۈلسە، كېيىن ئىچكى قۇدرەت تۈپەيلى راۋاجلىنىپ، شەيئىلەردە تەجەللى بولغۇچى روھىي كۈچ سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نەۋايى پەقەت خۇداغىلا خاس دەپ قارالغان سۈپەتلەرنى تەبىئەتكە، مۇھىمى ئىنسانغا كۆچۈرىدۇ. نەتىجىدە خۇدانى ئۇلۇغلاش شائىر ئۈچۈن تەبىئەت ۋە ئىنساننى ئۇلۇغلاش ۋاستىسىگە ئايلىنىدۇ. ئومۇمەن نەۋايىنىڭ تەلقىنىچە، سۇمۇرغ گۈزەللىك ۋە مەنىۋى يۈكسەكلىكنىڭ سىمۋولى بولغان ئۇنىۋېرسال ئوبراز بولۇپ، شائىر بۇ قۇشنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىلاھىيەت، تەبىئەت، ئىنساننىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ھەققىدىكى پانتېىستىك پەلسەپىۋى قارىشى ھەم غايىۋى ـ ئېستېتىك چۈشەنچىسىنى رەمزىي شەكىلدە ئىپادىلەيدۇ.

ئەسەردىكى مەركىزىي ئوبرازلاردىن يەنە بىرى ھۆپۈپتۇر. ئىبىن سىنا ياكى غەززالىنىڭ شۇ ناملىق ئەسەرلىرىدە ھۆپۈپ ئوبرازى بولمىغان. مۇقەددەس كىتابلاردىن«قۇرئان» (27ـ سۈرە، 20ـ ئايەت) دا بۇ قۇش بىرىنچى مەرتە تىلغا ئېلىنغان. خاتىرىلەرگە قارىغاندا ھۆپۈپ ئوبرازىنى«مەنتىقۇت ـ تەير»دە بىرىنچى بولۇپ تەسۋىرلەپ ئۇنى شەرق ئەدەبىيات گۈلشىنىگە ئېلىپ كىرگۈچى ئەتتاردۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھۆپۈپ سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ يېقىن سىردىشى ۋە مەسلىھەتچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن خوتۇنى بىلقىسنىڭمۇ مۇھەببەت مۇناسىۋەتلىرىدە ئالاقىچىلىك رول ئوينىغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەرنىڭ نەزەرىگە ئېلىنغانمىش. يەنە بەزى ھېكايىلەردە ھۆپۈپ دانىشمەن ۋە يوشۇرۇن سىرلاردىن خەۋەردار قۇش سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. ئەتتار مانا شۇنداق كونا ئەقىدىلەردىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، ھۆپۈپنى سۇمۇرغ تامان يولغا چىققان قۇشلارنىڭ يولباشچىسى قىلىپ تەسۋىرلىگەن. نەۋايى«لىسانۇت ـ تەير»دە ئۇنىڭ تەرغىباتچىلىق ۋە ماھىر ناتىقلىق ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇ قۇشلار سەپىرىدىكى يادرولۇق پېرسوناژ بولۇپ، ئادەملەشتۈرۈلگەن دانىشمەن ئوبراز سۈپىتىدە باشقا قۇشلار(كىشىلەر) بىلەن سوپىزمنىڭ مۇھىم نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي پىرىنسىپلىرى، ئۇنىڭ ھاياتقا، جەمئىيەتكە، كىشىلەر تۇرمۇشى ۋە ئەخلاق قاراشلىرى، دىن ۋە تەرىقەت توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر سۆھبەت ئېلىپ بارىدۇ. نەۋايى قەلىمى ئاستىدىكى ھۆپۈپ يۈكسەك ماھارەت بىلەن يارىتىلغان ئوبراز بولۇپ، ئۇ دىيالوگلىرى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن كىشىلەرنى ھاياتنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا چاقىرسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەڭرى ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن ھەممىدىن ۋاز كېچىپ تەركىدۇنيا بولۇشقا چاقىرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ قوش بىسلىق خاراكتېرگە ئىگە مۇرەككەپ بەدىئىي ئوبرازلىقىنى دەلىللەيدۇ. قىسقىسى، داستاندا شائىرنىڭ سۇمۇرغ ھەققىدىكى پانتېىستىك پەلسەپىۋى قارىشى ئۇنىڭ ئاغزىدىن بېرىلگەن. دېمەك، نەۋايى ئەنئەنىۋى قىسسەلەردىكى ئادەتتىكى قۇش ھۆپۈپنى ئۆز ئەسىرىدە يۈكسەك دەرىجىدە تېپىكلەشكەن لىرىك قەھرىمانغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايلاندۇرغان.

داستاندىكى ئۈچىنچى تۈر باشقا قۇشلار ئوبرازىنى يەنە ئومۇمىي قۇشلار (يۈز تۈمەن مىڭ قۇش)ئوبرازى، كونكرېت قۇشلار (ئەتتاردا 10، نەۋايىدا 14) ئوبرازى ۋە ئوتتۇز قۇش ئوبرازى، دېگەن تۈرلەر بويىچە تەھلىل قىلىش مۇمكىن. قۇشلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز تەبىئىتى، تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە باشقا سۈپەتلىرى بىلەن تەسۋىرلىنىپ، بىر تەرەپتىن، ئەسەردە بىئولوگىيەلىك«قۇشلىقى»بىلەن گەۋدىلەنسە، يەنە بىر ياقتىن، خاراكتېرى، مەنىۋى قىياپىتى، جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى ۋە تۇرمۇش شارائىتى پەرقلىق بولغان كىشىلەرنىڭ مەجازىي ئوبرازىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەلۇمكى، تۇتى شەرق فولكلورى ۋە يازما ئەدەبىياتىدا دانىشمەن، شىرىن سۆز ۋە تەقلىدچىنىڭ ئوبرازى بولۇش بىلەن مەشھۇر. داستاندا ئۇ مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، يەنە باي-غوجاملارنىڭ ھويلا-ئاراملىرىدا سايراپ، تۇرمۇشتا ھېچقانداق ئىسسىق-سوغۇقنى باشتىن كەچۈرمىگەن شەخسىيەتچىنىڭ ئوبرازى قىياپىتىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. قۇشلار ئىچىدە تاۋۇس بىلەن قىرغاۋۇل تەبىئىي تاشقى گۈزەللىكى بىلەن كىشىلەرنى جەلپ قىلىدۇ. ئەمما نەۋايى ئەسەردە ھۆپۈپ تىلى ئارقىلىق بۇلارنى تەنقىدلەپ، ماختانچاقلىق ۋە قۇرۇق شەھۋەتپەرسلىكنىڭ كىشىگە يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. داستاندىكى قارچۇغا ئوۋ قۇشى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن دىققەتكە سازاۋەر. ئاپتور بۇ ئوبراز ئارقىلىق كەڭ مېھنەتكەشلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى، رەھىمسىز ئەمەلدارلارنى قامچىلايدۇ...يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ھۆپۈپ ئۆز سۆھبىتىدە قۇشلاردىكى تۈرلۈك نۇقسانلارنى تەنقىدلەپ، ئۇلارنى سۇمۇرغ تامان بولىدىغان سەپەرگە دالالەت قىلىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئوتتۇز قۇش سۇمۇرغقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. نەۋايى بۇ ئارقىلىق«جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ»، ئىنسان قاچان ئۆز ئاجىزلىقىنى ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرسا ئۆزلۈكىنى تونۇپ مۇكەممەللىشىدۇ ۋە كۈچىيىدۇ، دېگەن ئەخلاقىي قاراشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەيدۇ.

ھەرقانداق سۆز تالانتى سەنئەتكارنىڭ ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى بەدىئىي ماھارىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا «لىسانۇت-تەير»نىڭ كومپوزىتسىيە جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى تۈركىي ئەدەبىياتتا«خەمسە»دىن كېيىنكى زور ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. ھەممىدىن ئاۋۋال داستاننىڭ قۇرۇلما ئامىللىرى بولغان مەسەللىك قىسسە، پېرسوناژ ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى تۈرلۈك ھېكايىلەر نەۋايىنىڭ داستاندا ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان تۈپ مەزمۇن، ئاساسىي غايىسىگە ماسلاشتۇرۇلغان. ئىككىنچى، نەۋايى ئەتتار داستانىغا نەزىرە قىلغاندا ئەسەرنى ئۆز دەۋرىگە خاس رومانتىك تەسۋىر، رېئالستىك ئامىل ۋە سىمۋولىستىك ئۇسۇللار بىلەن بېيىتقان. ئەتتار ئەسىرىدىكى ئۆز مەقسىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەرەپلەرنى تاشلىغان، ماتېرىياللارنى قايتىدىن تەشكىللىگەن، يېڭىچە دېتال ۋە ئۆزگىچە مۇلاھىزىلەرنى قوشقان. داستاندا نۇرغۇن ئىندىۋىدۇئال تىپلارنى يارىتىپ، تۈركىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئوبرازلار سىستېمىسىنى بېيىتقان. ئۈچىنچى، شائىر«لىسانۇت-تەير» دە تۈرلۈك ئۆزگىرىشچان قۇرۇلما ئامىللاردىن مەسىلەن، ئېپىك تەسۋىر، ھېكايە ئىچىدىن ھېكايە چىقىرىش، مۇنازىرە، لىرىك چېكىنىش، دىئالوگ ۋەز-نەسىھەت ۋە پىسخىك سۈرەتلەش قاتارلىقلاردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئەسەرنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى رەڭگارەڭلىكىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغان.

تۆتىنچى، داستاندىكى كۆپ تەرەپلىمە يۈكسەكلىكنى ئۇنىڭدا يۇقىرى سەنئەتكارلىق ماھارەت بىلەن قوللىنىلغان ئەنئەنىۋى تەسۋىر ۋاسىتىلىرىنىڭ رولىدىن ئايرىپ قىلغىلى بولمايدۇ. مەلۇمكى، بەدىئىي تەسۋىر ئۇسۇللىرى ئەدەبىي ئەسەرلەردە پىكىرنى بالاغەتلىك، راۋان ۋە نەپىس ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا قوللىنىلىدىغانلىرى يۈز خىلدىن ئاشىدۇ. مەجاز لۇغەتلەردە ئۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە كەلمەي يوشۇرۇن ئوخشىتىش ياكى كۆچمە مەنىدە ئىپادىلەش دەپ ئىزاھلانغان. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا«لىسانۇت-تەير»ئالدى بىلەن مەجاز سەنئىتىنىڭ سەمەرىسىدۇر. ئەسەردىكى قۇشلار نۇتۇق ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىنىپ پۈتۈنلەي ئادەملەشتۈرۈلگەن. داستاندا ئوخشىتىشنىڭ

گۈزەل ئۆرنەكلىرى بار. مەسىلەن، نەۋايى ئەتتارنى ئانا قەقنۇسقا، ئۆزىنى بولسا بالا قەقنۇسقا ئوخشاتقان ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەسەردە قەقنۇسلار ھەققىدىكى گۈزەل رىۋايەتنى نەقىل كەلتۈرگەن. ئەسەردە يەنە زىتلاشتۇرۇش(قىش- ياز، خازان-بوستان)، شەكىلداشلىق(بىر ئاي ۋاقىت ۋە گۈزەل قىز)، تەكرارلاش ۋە تەمسىل كەلتۈرۈشتەك نەچچە ئون خىل ئىستىلىستىك سەنئەتنىڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرى بار. ھەتتا نەۋايى بەزىدە بىر بېيىتتا تۆرلۈك سەنئەتنى تەڭلا قوللىنىپ ئالەمچە مەزمۇنلارنى ئىپادىلىگەن. بەشىنچى، داستان ئارۇزنىڭ رەمەلى مۇسەددەسى مەھزۇف ۋەزنىدە يېزىلغان بولۇپ، ۋەزىن سخېمىسى مۇنداق:

تۈركىي نەزمىدە چۇ مەن تارتىب ئەلەم،
ئەيلەدىم ئول مەملەكەتنى يەكقەلەم[19]

– V – | – – V – | – – V – |

ئىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

بۇ شەرق كىلاسسىك داستانچىلىقىدا پەلسەپىۋى- دىداكتىك مەزمۇندىكى ئاممىباب ئەسەرلەرگە ماس كېلىدىغان ۋەزىن. ئۇ ئېپىك شېئىرىيىتىمىزدىكى ئاساسلىق ژانىر مەسنەۋى (ئىككىلىك)شەكلىدە قاپىيەلەنگەن.

كىلاسسىك قاپىيە ئىلمىي بىزدە تېخىچە ئۆگىنىلمىگەن ساھە بولۇپ، قاپىيەلەر بېيىتلاردىكى مەزمۇننى چوڭقۇر ئىپادىلەيدىغان ئاھاڭداش سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ. ئۇلار مىسرا، بېيىت ۋە بېيىتلار ئارىسىدىكى مۇزىكىلىقنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، رىتىم ئاساسىدا شېئىرىي پىكىرنى مەركەزلىك ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا نەۋايى ئەسەردە مەزمۇن ۋە ھېسسىياتنى ئوبرازلىق ئىپادىلىگۈچى خەلق تىلىدىكى جانلىق سۆزلەرنى قاپىيە قىلىپ تاللىغان. داستاندا قاپىيەنىڭ تولۇق قاپىيە، ئاچ قاپىيە، ئىچ قاپىيە، ئالماش قاپىيە، قوش قاپىيە، تەجنىسلىك قاپىيە، رادىفلىق قاپىيە ۋە ھەر ئىككى مىسرا ئاھاڭداش سۆزلەردىن تۈزۈلگەن تەرسىلىك قاپىيەدىن ئىبارەت ئاددىي، مۇرەككەپ شەكىللىرى قوللىنىلغان. قىسقىسى، قارىماققا«لىسانۇت-تەير» قۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتلىرى بايان قىلىنغان ئاددىي مەسەلدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ماھىيەت جەھەتتىن ئىنسان ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى كامالىتى ھەققىدە تەپەككۇر يۇرگۈزگۈچى پەلسەپىۋى داستاندۇر. نەۋايىنىڭ تۈركىي-ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەدىئىي بالاغەتتە پارس- تاجىك تىلى بىلەن گۈزەللىك تالىشالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىشى ۋە تۈركىي ئەدەبىياتنى شەرقتىكى راۋاجلانغان ئەدەبىياتلار قاتارىغا ئۆتكۈزۈشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسى «لىسانۇت- تەير»نىڭ يېزىلىشىغا سەۋەب بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا شائىرنىڭ ئەتتارغا نەزىرە قىلىنغان بۇ ئەسىرىنى قوش تىلى ۋاستىسىدە ئۆزىنىڭ پانتېىستىك تەلىمات ساھەسىدىكى كۆپ يىللىق ئىجادىي قاراشلىرىنىڭ مەلۇم سىستېمىغا سېلىنىشى، شۇنداقلا ئۆمۈرلۈك مەنىۋى پائالىيىتى داۋامىدا ئىلگىرى سۈرگەن ئىلغار ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. نەۋايى ئۆزىدىن بۇرۇنقى مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ھەممە ئۇتۇقلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، تېما، ئوبراز، ماتېرىيال، قۇرۇلما، ئېقىم، ئۇسلۇب، بالاغات، ئارۇز، قاپىيە ئىلمىي قاتارلىق بارچە تەرەپلەردىن ئەدەبىياتىمىزنى ئىلغار ئەدەبىياتلار بىلەن تەڭلەشتۈردى. نەۋايىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىيات مەكتىپى بولدى. جۈملىدىن نەۋايىنى ئۇستاز تۇتمىغان، ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلمىغان، ئۇنىڭدىن بەدىئىي قۇۋۋەت ئالمىغان ئۇيغۇر ئەدىب يوق. «گۈل ۋە بۇلبۇل»تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىگە نەۋايىنىڭ تەسىرى ئۆتكەن. بۇ ھەقتە مەخسۇس ئەسەر يازغان ئۆزبېكىستان ئەنجان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر دوكتورى ھەنىپە سالىھوۋانىڭ پىكرىچە، 18- ئەسىردىكى ئۇيغۇر شائىرى«ھىرقەتىنىڭ‹مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام›داستانىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان نەۋايى ئەسەرلىرى، جۈملىدىن‹لىسانۇت-تەير› داستانىنىڭ بەدىئىي ئەنئەنىلىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش زۆرۈر»[20]. بىزدە شۇ ناملىق داستان يازغان شائىر تۇرسۇن مۇھەممەت ئەلەم غۇربەتى ھەققىدە يېڭى ئىزدىنىشلەر يوق. «گۈل ۋە بۇلبۇل»نىڭ ئاپتورى سالاھى ئۆز ئەسىرىدىكى ۋەقەلىك ئاساسىنىڭ نەۋايىنىڭ«لىسانۇت-تەير»دىن كەلگەنلىكى ھەققىدە توختالسا[21]، ئىبراھىم خوتەنى«مەنتىقۇت- تەير»داستانىدا ئەتتاردىن ئىلھاملانغانلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com



يازغان[22]. نـۆۋەتتە نەچچە خىـل ۋارىيانـت ئاساسـىدا «لىـسانۇت-تەيـر»نىـڭ ئاكادېمىـك نۇسخىـسىنى تەييـارلاش زۆرۈر بولـۇپلا قالماسـتىن بەلكـى، مۇشـۇ ئاساسـتا ئوخـشاش مۇتىفلىـق ئەسـەرلەر ئۈسـتىدە مەنبەشۇناسـلىق، تېكىـستولوگىيە، تېماشۇناسـلىق بـويىچە سېلىـشتۇرما تەتقىقـات ئېلىـپ بېـرىش ئەدەبىياتـشۇناسلىقىمىز ئۈچـۈنمۇ كېڭەيتىـشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئىزاھاتلار

[1][18] نەۋايى«لىسانۇت-تەير»، تاشكەنت، 1991-يىل، 224 ـ225، 266-بەت (18- ئىزاھاتتىكى بېيىت ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا يوق، ئۆزبېكچىسىدە بار).

[2] ئىبن سىنا 1019ـ1021- يىللىرى ھەمەداندا ۋەزىر بولغان ۋە مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن تۆت ئاي تۈرمىدە ياتقان.

[3] ھەمەدان ھاكىمى ئىبن سىنانىڭ بۇ يەردە كىمنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئېنىق ئەمەس.

[4] مەھمۇت غەزنەۋىي ـ غەزنەۋىيلەر سۇلالىسىنىڭ تۈرك سۇلتانى(999ـ1030) بولۇپ، ئۇ سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى جۈملىدىن ئىبن سىنانىڭ يۇرتى بۇخارانى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئالىمنىڭ سەرگەردانلىق ھاياتى باشلانغان.

[5] خارەزمشاھ ـ مۇھەممەت خارەزمشاھ بولسا كېرەك.

[6] سولتان مەھمۇت غەزنەۋىي1017- يىلى خارەزمنى بېسىۋالغان.كېيىن خارەزمشاھ ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ قولىدىن بۇخارا بىلەن سەمەرقەندنى قايتۇرۇۋالغان.

[7] ئىززەت سولتان: «نەۋايى ۋە زامانىمىز»-«نەۋايى ۋە ئەدەبىي تەسىر مەسىلىلىرى»، تاشكەنت، 1968- يىل 39-بەت.

[8] ئا.ئىرسوۋ : ئىبن سىنانىڭ «سالمان ۋە ئىبسول قىسسىسى»، تاشكەنت، 1973- يىل، 18ـ19-بەتلەر.

[9] موللا سىددىق يەركەندى:«لىسانۇت-تەير» (مۇھەممەتتۇردى مىرزائەھمەد تەييارلىغان نەسرىي نۇسخا)، «بۇلاق»، 1993 ـ يىل، 4-سان، 76-،77-، 86-،87-بەت.

[10] نەۋايى: «مۇھاكىمەتۇل لۇغاتەيىن» (خ.تۆمۈر، ئا.پولات تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988-يىل، 83 -بەت.

[11] نەۋايى تۈركىي-ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلىرىدە «نەۋايى»، پارس تىلىدىكى ئەسەرلىرىدە «فانى»دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان. بۇ يەردە«لىسانۇت-تەير»نى تۈركىي تىلدا يازغان تۇرۇقلۇق يەنە، نېمە ئۈچۈن«فانى» تەخەللۇسنى قوللانغانلىقى ھەققىدە توختالغان.

[12][13][15][19] نەۋايى:«لىسانۇت-تەير» (مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن تەييارلىغان نەزمىي نۇسخا)، «بۇلاق»، 1994ـ يىل، 2-سان، 70 -،81-، 94-بەت (15-ئىزاھاتنىڭ 3-بېيىتى ئۇيغۇرچە ۋارىيانتىدا يوق، ئۆزبېكچىسىدە بار).

[14] مانى( 216ـ276)مانىيلىق تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى، پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان. شەرق رىۋايەتلىرىگە كۆرە، مەشھۇر رەسسام ۋە نەققاش بولۇپ، چىن دۆلىتى غايەت گۈزەللىكىدىن ئۇنىڭ سۈرەتخانىسى بولغانمىش.

[16] بېرتېلس: «نەۋايى ۋە ئەتتار»، موسكۋا، 1965-يىل، 389 ـ390-بەت.

[17] نەۋايى: «نەسايىمۇل مۇھەببەت»، تاشكەنت، 2001-يىل، 430-بەت.

[20] ھەنىپە سالىھوۋا: «نەۋايى ئىزداشلىرى»، تاشكەنت، 2005 ـ يىل، 106-بەت.

[21][22] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ( ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى)،2006- يىل، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2- توم، 625-،657 -بەت.

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

32 - يىللىق 2 - سان　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　第 32 卷第 2 期
2011 - يىلى 6 - ئاي　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　2011 年 6 月

**ماقالە نومۇرى:** 1005 _ 5878 (2011) 01 _ 046 _ 04

# تۇغرا ئەخلاق قارىشى تىكلەشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە*

**ئابلىمىت ئەمەت[1]، ماھىنۇر زىياۋۇدۇن[2]**

**(1. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيەلەش مەركىزى، ئۈرۈمچى. 830054)**
**(2. بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى، بېيجىڭ. 100009)**

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئەخلاق مەسىلىسى جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بۇ ماقالىدە، ئاساسلىقى ئەخلاق تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى بىر قىسىم قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئەخلاق تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشتا مەكتەپ، ئائىلە ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ئورتاق ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ، ئەخلاق تەربىيەسىنىڭ مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئەھمىيىتى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要：**目前，道德问题是引起社会注意的一个重要问题。这篇文章主要提出了关于进行道德教育方面的几个观点，讨论学校、家庭、教育及社会组织部门在进行道德教育中的重作用，阐述了道德教育在对发展民族教育及促进社会发展的重大意义。

**Abstract:** The moral problem is one of the most important problems on which society is currently focused. This article will put forward a number of opinions about carrying our moral training, explain the necessity of emphasizing equally the moral training to be carried out by schools, families, educational institutions, and social organizations, and discuss the great significance of moral education in developing national education and society.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** G122　　**ماتېرىيال بەلگىسى:** A

ئەسلىي مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا، مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى كىشىلىك قەدىر-قىممەتنى يېتىلدۈرۈشنى نىشان قىلغان ئاساستا جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەملەرنى تەربىيەلەشتىن ئىبارەت. شۇنداق بولغان ئىكەن، مەكتەپ تەربىيەسىنى قىممەت قارىشى تەربىيەسى دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇ. قىممەت قارىشى كىشىلىك ئەخلاقنىڭ ئاساسى. ئۇ بىر ئادەمنىڭ ھاياتقا، ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ۋە دۇنياغا بولغان ئېتىقادى، پوزىتسىيەسى شۇنداقلا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى بەلگىلەيدۇ.

نۆۋەتتىكى «ساپا مائارىپى» نىڭ تەلىپى بويىچە ئېيتقاندا، مىللىي مائارىپىمىز يەنىلا بىر قەدەر ئارقىدا قالدى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، نۆۋەتتىكى مائارىپ جەمئىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەپ چىقىش مەقسىتىگە تولۇق يېتىپ بولالىغىنى يوق. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئەخلاق تەربىيەسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. مائارىپ خادىملىرىنىڭ يۈكسەك ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتى مائارىپىنىڭ يۈكسىلىشىدىكى ئالدىنقى شەرت ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇتقۇچى ئىلىم تارقاتقۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن لاياقەتلىك بولۇش ئۈچۈن چوقۇم توختىماي ئىزدىنىشى، ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ تۇرۇشى لازىم. ئوقۇتقۇچى يېڭىلىق يارىتىش، ئىجادچانلىق روھىغا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە،

* بۇ ماقالە 2010-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
**ئاپتورلار:** ئابلىمىت ئەمەت: 1973(-يىلى 6-ئايدا تۇغۇلغان)، ماگىستىر، ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
ماھىنۇر زىياۋۇدۇن( 1964-يىلى 9- ئايدا تۇغۇلغان)، كۇتۇپخانا باشقۇرۇش خىزمىتى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇكەممەل بولغان كەسپىي بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە كەسپىي ئەخلاق قارىشى، يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچى يەنە، مۇئەييەن قىممەت قارىشىغا ئىگە بولۇشى ۋە ئۆزىدە چىن ئەخلاق- پەزىلەت قارىشى يېتىلدۈرگەن بولۇشى كېرەك. شۇندىلا ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك تەرەپلەردىن تەڭ يېتىشكەن، كۆپ قىرلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەپ چىقىش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

ياش-ئۆسمۈرلەردە توغرا كىشىلىك قەدىر-قىممەت قارىشى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەخلاقىي، ئەقلىي ، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك تەربىيەسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى چوقۇم كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە، مەكتەپلەردە ئەقلىي ۋە جىسمانىي تەربىيە مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ، ئەخلاق تەربىيەسىگە سەل قارىلىۋاتىدۇ. دەل مۇشۇ مەسىلە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خىلمۇ-خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ۋە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا بىۋاسىتە سەۋەب بولىۋاتىدۇ.

ياش-ئۆسمۈرلەرنى ئەخلاقلىق تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن، ئەخلاق ۋە قىممەت قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنىڭ مۇھىملىقىنى توغرا چۈشىنىش كېرەك. ئەخلاق تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشتا، مەكتەپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەت ئۈچەيلەندىكى بىرقانچە تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلىشى كېرەك.

## 1. مەكتەپتىكى ئەخلاق تەربىيەسى

مەكتەپتە ئەخلاق تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشتا ئالدى بىلەن، ئوقۇغۇچىلاردا «مەسئۇلىيەت» ۋە «ھوقۇق» نوقتىئىنەزەرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە بۇ ھەقتە ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا نېمىنىڭ مەسئۇلىيەت ، نېمىنىڭ مەسئۇلىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ھوقۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش لازىم. ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ۋە قانداق مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش لازىملىقىنى تونۇتۇش قىممەت قارىشى تىكلەش يولىدىكى بىرىنچى قەدەم ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئوقۇغۇچىلار ئەتراپىدىكى ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقە ئىقتىدارىنى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدىكى كەيپىياتىنى تەڭشەش ئىقتىدارىنى تەڭ ھازىرلىغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشىنى توغرا ئىپادىلىيەلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا ئىجتىمائىي ئالاقە ئىقتىدارى ۋە كەيپىياتىنى تەڭشەش ئىقتىدارىنى ھازىرلاش جەھەتتە پۇرسەت يارىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ توغرا قىممەت قارىشىنى تىكلىشىگە تۈرتكە بولالايدۇ.

## 2. ئائىلىدىكى ئەخلاق تەربىيەسى

ئائىلە تەربىيەسىنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى ياش ئۆسمۈرلەرگە ئەخلاق تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئاتا-ئانىلار ئائىلە تەربىيەسىنىڭ مۇھىملىقىنى چوقۇم ئېنىق تونۇپ يېتىشى كېرەك. ياخشى بولغان ئەخلاق تەربىيەسى ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ روھىيىتىنى گۈزەللەشتۈرۈشتىكى مۇھىم ئاچقۇچ ھېسابلىنىدۇ. ئائىلىدە ئاتا-ئانىلارنى گۈزەللىك تەربىيەسى ۋە ئەخلاق-پەزىلەت تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. ئەۋلادلارنى گۈزەل-ئەخلاق ئىگىلىرىدىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئەدەپ ئۆگىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سەۋرچان، چىدامىلىق، سەممىي، راستچىل، پاك ۋە كەمتەر بولۇشنى ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە مىزانى قىلىش توغرىسىدا تەربىيە قىلىش لازىم. ئائىلە تەربىيەسى مەكتەپ تەربىيەسىنىڭ تولۇقلىمىسى بولۇپ، كەم بولسا بولمايدۇ. ئائىلە تەربىيەسىنىڭ قوللىشى ۋە ماسلىشىشى

بولمىسا مەكتەپ تەربىيەسى بىلەنلا ياش ئەۋلادلارنى ئەخلاقلىق ھەم ئىختىساسلىق قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. ئەخلاق كىشىلەرنى ياخشىلىققا ئۈندىگۈچى ئامىل بولۇپ، ئادەم ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاق- پەزىلىتى ئارقىلىق ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قىلىش جەريانىدا، ھەق-ناھەق قارىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئادىل ۋە دادىل بولغان ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرەلەيدۇ.

## 3. مائارىپ تارماقلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى

مائارىپ تارماقلىرى دۆلەتنىڭ مائارىپ قانۇنىغا ئۇيغۇن ھالدا، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ مائارىپىغا خاس بولغان «ئەخلاق تەربىيەسى دەرسلىكى» تۈزۈپ چىقىپ، مەخسۇس دەرسلىك قىلىپ ئىشلىتىشى كېرەك. بۇ يەردە ھازىرقى مەكتەپ مائارىپىدا ئەخلاق تەربىيەسىدە ساقلىنىۋاتقان ئەخلاق تەربىيەسىنى كىم ئېلىپ بارىدۇ؟ ئەخلاق تەربىيەسى ئېلىپ بارغۇچىلارنى مەخسۇس تەربىيەلەيدىغان ئورۇن بارمۇ-يوق؟ دېگەندەك مەسىلىلەرنى ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە ئوقۇتقۇچىلار باشقا كەسپىي بىلىم ۋە تېخنىكىلارنى پىششىق ئىگىلىگەن تەقدىردىمۇ، ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئوقۇغۇچىلارغا توغرا يېتەكچىلىك قىلالمىسا، ئۇ ئوقۇتقۇچىنى لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچى دېگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مائارىپ تارماقلىرى مەخسۇس تەربىيەلەش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئەخلاق ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيەلەشكە زور كۈچ بىلەن ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، بىر تۈركۈم مۇئەييەن ئەخلاق ساپاسىغا ئىگە بولغان ئوقۇتقۇچىلارنى ئالدىن تەربىيەلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولۇپلا قالماستىن، يەنە مەكتەپلەردە نىسبەتەن نورمال بولغان ئەخلاق تەربىيەسىنى داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ.

## 4. ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇلىيىتى

ھەر قايسى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار مەكتەپ، ئائىلە ۋە ھەرقايسى مائارىپ تارماقلىرى بىلەن ئاكتىپ ھەمكارلىشىپ، خىلمۇ-خىل تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، جەمئىيەتتە كەڭ كۆلەملىك ئەخلاق تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشى لازىم. ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەت كىشىلەرنى يامانلىقتىن توسۇپ، ياخشىلىققا باشلايدىغان نۇرلۇق ماياكقا ئوخشايدۇ. ئەخلاقسىز ئادەم ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى چۈشەنمەيلا قالماستىن، بەلكى باشقا پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ ۋە ياخشى نەرسىلەرنىڭ قەدىر-قىممىتىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ ھەم چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ. ئۇلار خۇددى نىجاسەتتەك ھەممە يەرنى سېسىتىدۇ ۋە كىشىنى يىرگەندۈرىدۇ. بۇنداق ناچار ئىللەتلەرنى تۈزىتىشتە، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ رولى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇلار چوقۇم خىلمۇخىل ئاكتىپ تەشۋىقات-تەربىيە ۋاستىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، گۈزەل ئەخلاق- پەزىلەت تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشى، شۇ ئارقىلىق ئۆز نۆۋىتىدە يەنە جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئىپادىلىشى كېرەك.

ئەخلاق قارىشى بولمىغان ئادەم بىلىم سەۋىيەسى قانچىلىك يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بىر ياراملىق ئىختىساس ئىگىسى ياكى مۇكەممەل ئادەم ھېسابلانمايدۇ. ئائىلىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان گۈزەللىك تەربىيەسى ۋە ئەخلاق- پەزىلەت تەربىيەسى ياش- ئۆسمۈرلەرگە نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ رول ئوينىسىمۇ، ئەمما ئائىلە، مەكتەپ ۋە جەمئىيەت بىرلەشكەن ئاساستا ئېلىپ بېرىلغان تەربىيەنىڭ رولى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

بىز ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر توپى، جەمئىيەت ۋە تەبىئەت قاتارلىق كۆپ خىل مۇھىت ئىچىدە ياشايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

مانا مۇشۇنداق مۇھىتتا، بىزدە ئومۇملۇققا ئىگە بولغان مۇكەممەل بىر "ئۆلچەملىك ئاڭ" يەنى "ئەخلاق ئېڭى" بولمىسا، ئاتالمىش "ساپا مائارىپى" نى ئىلگىرى سۈرۈشتىن، جەمئىيەتنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ۋە مۇقىم بولغان جەمئىيەت تەرتىپى بەرپا قىلىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. دېمەك، مەكتەپلەر ئەخلاق تەربىيەسى دەرسلىكى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىنى يېتىلدۇرۇشكە ئەھمىيەت بېرىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا بولغان قىممەت قارىشىنى يېتىلدۇرۇشكە ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىگە، باشقىلارغا ھەم ئەتراپتىكى مۇھىتقا بولغان توغرا پوزىتسىيەسىنى بەلگىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. گەرچە ئائىلە ئەخلاق تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشتىكى مۇھىم ئورۇن بولسىمۇ، مەكتەپنىڭ رولىمۇ ئوخشاشلا چوڭ بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ توغرا بولغان كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى ۋە ئەخلاق قارىشى تۇرغۇزۇشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئۇلارنى ھەققىي، مېھرىبان، مەسئۇلىيەتچان ئادەمگە ئايلاندۇرىدۇ.

## پايدىلانمىلار


1. «خۇ جىنتاۋ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كۈرەش قىلايلى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007.
2. « ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىغا دائىر مۇھىم بايانلاردىن تاللانما» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 8 - 050 - 02 (2011) 5878 - 1005

# شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا*

مۇھەممەدئىمىن ھوشۇر

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمى، قەشقەر. 844008)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشى، كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەڭشىلىشى، خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا پايدىسىز تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى مىسلىسىز خىرىسقا دۇچ كېلىپ، ئىگىلىك تىكلەش ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم يولىغا ئايلاندى. بۇ ماقالىدە، نەزەرىيە جەھەتتىن تەھلىل قىلىش بىلەن ئەمەلىي پاكىتلارنى تەكشۈرۈش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئېڭى ۋە ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارىدا ساقلانغان مەسىلىلەر ھەم ئۇنىڭ سەۋەبلىرى تەھلىل قىلىنىپ، ئىگىلىك تىكلەشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئىستۇدېنتلارغا ئىگىلىك تىكلەشكە دائىر بىلىملەر ۋە ئىگىلىك تىكلەش پائالىيىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلۇپ، ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ يوللىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要：**近年来随着高校扩招，产业结构的迅速调整，以及国际金融危机对经济发展的负面影响，高校毕业生的就业面临着前所未有的挑战，创业成为解决就业问题的重要途径。本文通过理论分析与事实调查相结合，分析新疆少数民族大学生创业意识和创业能力方面存在的问题及其原因，对渴望创业的大学生扼要介绍有关创业的知识与创业活动的规律并提出培养他们创业能力的方法。

**Abstract:** In recent years, as institutes of higher education have begun accepting larger amounts of students, and as the structure of various trades has undergone swift change, and as the international financial crisis has created an unfavorable economic climate, job placement has become increasingly difficult for students, and starting new businesses has emerged as an important method of ameliorating this problem. This article, on the basis of both theoretical analysis and an examination of hard facts, will analyze some of the problems remaining in Xinjiang's minority students' entrepreneurial spirit and ability, and consider some of the reasons for these problems. Some methods will be proposed for introducing practical and theoretical knowledge about staring one's own business to those minority students who manifest an interest in it, and for improving their overall ability to start businesses.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G122　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

21- ئەسىر بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى، بىلىم ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل، ئىختىساسلىق خادىملار جەمئىيەتتىكى بىرىنچى مۇھىم بايلىق، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يېڭىلىق يارىتىشتىن ئايرىلالمايدۇ، بىلىم ئىگىلىكىنىڭ ماھىيىتى - يېڭىلىق يارىتىش، يېڭىلىق يارىتىش- بىر دۆلەت، بىر مىللەت تەرەققىياتىنىڭ روھى، بىر دۆلەت ئىگە بولغان يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىقلار بايلىقى

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 4-ئاينىڭ 5-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** مۇھەممەدئىمىن ھوشۇر(1965-يىلى 10-ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، ئىدىيەۋى سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئوقۇتۇشى ۋە ئىستۇدېنتلارنى ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكلەش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uygurkitap.com



قانچە كۆپ بولسا ئۇنىڭ تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى شۇنچە زور بولىدۇ. ئىستۇدېنتلار دۆلەتنىڭ قىممەتلىك ئادەم كۈچى بايلىقى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمىنى كېڭەيتكەنلىكتىن، شىنجاڭدا ھەر يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئىستۇدېنتلارنىڭ سانى 20% ـ 30% لىك سۈرئەت بىلەن كۆپەيدى. 2003- يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئىستۇدېنتلار 9 مىڭ 702نەپەر بولغان بولسا، 2005- يىلى 19 مىڭ 580 نەپەرگە يېتىپ 102% كۆپەيگەن. 2007- يىلى 42 مىڭ 800 نەپەرگە، 2009- يىلى 63 مىڭ نەپەرگە يەتكەن. ئەمما شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سانائەت تەرەققىياتى جەھەتتە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئارقىدا قېلىشى، تەمىنلەيدىغان ئىش ئورنىنىڭ چەكلىك بولۇشى، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشىنىڭ دەۋر تەرەققىياتىدىن كېيىن قېلىشى، ئائىلە شارائىتى، تىل - يېزىق، مىللىي ئۆرپ- ئادەت تەرەپلەردىكى پەرقىنىڭ چوڭ بولۇشى، باشقا ئۆلكىلەردە ئىشقا ئورۇنلىشىشنى خالىماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى يىلدىن - يىلغا تۆۋەنلىگەن. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ۋاڭ يىڭزىنىڭ 6 ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇش پۈتتۈرگەن 600 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشگە ئاساسلانغاندا، 2003- يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 70% ئەتراپىدا بولغان، لېكىن ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 20% ئەتراپىدا بولغان. شەھەر - بازارلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئائىلىلىرىنى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، يېقىنقى 3 يىلدىن بۇيان 67.72% ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرى ئىشقا ئورۇنلىشالمىغان. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب، ئىستۇدېنتلار يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارى كەمچىل بولغانلىقتىن بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمىغان. بۇ مەسىلىنى پەقەت ئەمگەك كۈچى بازىرىدىكى تەمىنلەش - تەلەپ مۇناسىۋىتىگە تايىنىپلا ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا، ئىگىلىك تىكلەش مائارىپىنى يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكلەش نۆۋەتتە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىشنىڭ مۇھىم يولىغا ئايلاندى. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىستۇدېنتلار چوڭ كارخانىلاردا ئىشلەشنى ئارزۇ قىلىدۇ ياكى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەيدۇ، جۇڭگودا بولسا ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئەمەلدار بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش نىسبىتى 25% تىن كۆپرەكنى ئىگىلەيدۇ، دۆلىتىمىزدە بولسا 3% كە يەتمەيدۇ.

ئىگىلىك تىكلەش ـ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، پەن- تېخنىكىنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشتىكى كۆۋرۈك، شۇڭا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىگىلىك تىكلەش سەۋىيەسىدە ئىپادىلەنمەكتە. ئىگىلىك تىكلەش پائالىيىتىنى قانداق ئىلگىرى سۈرۈش نۆۋەتتە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئورتاق دۇچ كەلگەن مەسىلە بولۇپ، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىنى قوللاش ۋە ياردەم بېرىش ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتىگە ئايلاندى. ئىگىلىك تىكلەش ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ مۇھىم يولى، ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئىگىلىك تىكلەش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش — دەۋر تەرەققىياتى ئىستۇدېنتلارغا قويغان تەلەپ ۋە بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشنىڭ مۇقەررەر يولى. ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، پاسسىپ ھالدىكى ئىشقا ئورۇنلاشقۇچىدىن تەشەببۇسكار ئىگىلىك تىكلىگۈچىگە ئايلاندۇرۇش، يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش، ئۆزلىرىنىڭ غايىسى ۋە قىممەت قارىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان

قىلىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پۇرسىتىنى كېڭەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى بېسىمنى يېنىكلىتىپ، يېڭىلىق يارىتىشچان تىپىدىكى دۆلەت بەرپا قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## 1. ئىگىلىك تىكلەش پائالىيىتىنىڭ ئىلمىز ۋە خەلقئارادىكى تەرەققىيات يۈزلىنىشى

1989 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن تەشكىلاتى بېيجىڭدا چاقىرغان «21 ـ ئەسىرگە يۈزلەنگەن مائارىپ خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى» دا، «ئىگىلىك تىكلەش مائارىپى» دېگەن ئۇقۇم رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن باشلاپ، ئىگىلىك تىكلەش دۇنيادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەردە ئومۇملاشتى.

ئىگىلىك تىكلەش ئادەتتە ئىگىلىك تىكلىگۈچىنىڭ يېڭى كارخانىنى بارلىققا كەلتۈرۈش جەريانى دەپ قارىلىدۇ، نەزەرىيە ساھەسىدە ئىگىلىك تىكلەش توغرىسىدا تېخى بىرلىككە كەلگەن مۇكەممەل تەبىر بارلىققا كەلمىگەن بولسىمۇ، بىر قەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە تەبىرلەر تۆۋەندىكىچە:

1) ئەنگلىيە لوندون سودا ئىنىستىتۇتى بىلەن ئامېرىكا بابسون سودا ئىنىستىتۇتى بىرلىكتە بەرپا قىلغان دۇنيا كارخانىلارنى كۆزىتىش تورى (GEM)دا« ئىگىلىك تىكلەش ـ ئۆزىگە، كوللېكتىپقا ياكى ھازىر بار بولغان كارخانىغا تايىنىپ يېڭى بىر كارخانىنى بارلىققا كەلتۈرۈش جەريانى » دەپ تەبىر بېرىلگەن[1].

2) ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى سودا ئىنىستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى ستېۋىن. سوننىڭ قارىشىچە، « ئىگىلىك تىكلەش ـ كۆز ئالدىدىكى بايلىق شارائىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماستىن، پۇرسەت ئىزدەپ تۈرلۈك بايلىقلارنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق قىممەت يارىتىش جەريانىدىن ئىبارەت » [2].

3) سوڭ كېلى « ئىگىلىك تىكلەش ـ ئىگىلىك تىكلىگۈچىنىڭ سودا پۇرسىتىنى بايقاش ۋە پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق ھەر خىل بايلىقلارنى تەشكىللەپ، مەھسۇلات ياكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ قىممەت يارىتىش جەريانىدۇر » [3]دەپ قارىغان.

بۇ تەبىرلەر ئىگىلىك تىكلەش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بارلىق ئامىللارنى مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئادەتتىكى تىجارەت پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلىك تىكلەش پائالىيىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ قويغان ، ئىگىلىك تىكلەشنىڭ ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلمىگەن. كۆپلىگەن ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پايدىلانغۇدەك تەييار بايلىق بولمىغاچقا، قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلەيدۇ، ئامالىنىڭ بارىچە يېڭى بايلىق ئىزدەپ يېڭى پۇرسەت يارىتىدۇ، ھەتتا باشقىلارنىڭ بايلىقىدىن پايدىلىنىپ قىممەت يارىتىدۇ، خەۋپ ـ خەتەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىگىلىك تىكلەش ـ كارخانىچىلارغا خاس روھقا ئىگە ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنىڭ پۇرسەت ئىزدەپ ۋە پۇرسەتنى ئىگىلەپ، بارلىق ئىچكى ـ تاشقى شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرىگە ئىگە مەھسۇلات ياكى مۇلازىمەت ئىچىش ھەمدە بازار ئارقىلىق يېڭى كارخانا بەرپا قىلىپ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قىممەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانى، دەپ تەبىر بېرىش بىرقەدەر مۇۋاپىق.

ئىگىلىك تىكلەش مائارىپى غەرب ئەللىرىدە بىر قەدەر مۇكەممەل مائارىپ سىستېمىسى بولۇپ شەكىللىنىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم يېڭىلىق يارىتىشچان ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

ئامېرىكىدا ئىگىلىك تىكلەش مائارىپى بىر قەدەر بۇرۇن يولغا قويۇلۇپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈردى. ئۇلار ئىگىلىك تىكلەش مائارىپى ئارقىلىق ئىستۇدېنتلارنىڭ پاسسىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشىنى ئاكتىپ ئىگىلىك تىكلەش قارىشىغا ئۆزگەرتىپ ئىگىلىك تىكلەش ساپاسىنى ئۆستۈردى، دەرس مەزمۇنىدا ئىگىلىك تىكلەش نەزەرىيەسى، ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكچىلىك قىلىش،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىگىلىك تىكلەش خەۋپ - خەتىرى، ئىگىلىك تىكلەش پىسخىكىسى، ئىگىلىك تىكلەش ماھارىتى، ئىگىلىك تىكلەشكە دائىر قانۇن - تۈزۈم قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئاساس قىلدى. ئامېرىكا بابسون سودا ئىنستىتۇتى 1967- يىلى تۇنجى بولۇپ ئىگىلىك تىكلەش دەرسى تەسىس قىلدى، 1968- يىلى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى، لوس - ئانژېلىس ئۇنىۋېرسىتېتى، چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى، ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق 4 داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېت ئىگىلىك تىكلەشكە دائىر دەرسلەرنى تەسىس قىلدى. 20- ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىدىن كېيىن ئامېرىكىدا ئىگىلىك تىكلەش مائارىپى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. 1990- يىلدىكى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا ئامېرىكىدىكى 46% ئىستۇدېنت ئىگىلىك تىكلەشنى مۇھىم كەسىپ قىلىپ تاللايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئامېرىكىنىڭ داڭلىق سودا ئىنستىتۇتلىرىدىكى (MBA) ئىستۇدېنتلارنىڭ 44% تى مۇستەقىل كارخانىچىغا ئايلىنىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك كەسىپ تەرەققىيات نىشانى قىلىپ بېكىتكەن. ئىگىلىك تىكلەش روھى ئامېرىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئەۋزەللىكى بولۇپ، باشقا دۆلەتلەردىن ئۈستۈن تۇرۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ماساچۇستس تەبىئىي پەنلەر ئىنستىتوتىنىڭ 1999- يىللىق ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار قۇرغان شىركەت 4 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 150 شىركەت قۇرۇلغان. كرېمنىي جىلغىسى (硅谷) دىكى 60% - 70% كارخانىنى ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى قۇرغان. ئامېرىكىدا ھەر يىلى تەخمىنەن 350 مىڭ ئەتراپىدا كارخانا قۇرۇلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ياللىغان ئادەم سانى 7نەپەر ئەتراپىدا بولغان كىچىك كارخانىلار 200 مىڭدىن كۆپرەك بولۇپ، كارخانا ئومۇمىي سانىنىڭ 80% تىنى، تەمىنلىگەن ئىش ئورنى 50% تىنى، ياراتقان قىممىتى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 1/3 نى ئىگىلەيدۇ. 40% ئائىلىدە كەم دېگەندە بىر ئادەم يېڭىدىن كارخانا قۇرۇپ، ئائىلە ئەزالىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. Microsoft، AppLe، Google، Dell، Yahoo قاتارلىق كارخانىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بۇنىڭ تىپىك مىسالى.

1999- يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى 70 مىليارد فوندستېرلىڭ ئاجرىتىپ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ماساچۇستس تەبىئىي پەنلەر ئىنستىتۇتى ئوتتۇرىسىدا مائارىپ تەتقىقات ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ئامېرىكىنىڭ تەجرىبىسىنى قوبۇل قىلىپ ئىگىلىك تىكلەشكە ئىلھام بېرىپ، دۆلەتنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. گېرمانىيە «ئالىي مەكتەپلەرنى ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنىڭ ئوچىقىغا ئايلاندۇرۇش» تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەر يىلى 20% - 30% ئىستۇدېنتنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىشنى قارار قىلدى، فرانسىيە 2002- يىلىدىن باشلاپ «ياشلار خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش پىلانى» نى يولغا قويۇپ، 18 ياشتىن 25 ياشقىچە بولغان ياشلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش تۈرلىرىنى مەبلەغ، تەربىيەلەش، مەسلىھەت بېرىش، ۋاستىچىلىق، ئارقا سەپ مۇلازىمىتى قاتارلىقلار بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى. ئىتالىيەنىڭ نوپۇسى 57 مىليون 190 مىڭ بولۇپ، 5 مىليوندىن ئارتۇق ئوتتۇرا - كىچىك كارخانا بار، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 نەچچە ئادەمگە بىردىن كارخانا توغرا كېلىدۇ. ياپونىيە 2006- يىلى ئالىي مائارىپ ساھەسىدە « ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە ئۇنىۋېرسال كەسپىي مائارىپنى ئىلگىرى سۈرۈش پىلانى» نى يولغا قويۇپ، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى.

دۆلىتىمىزدە 1999- يىلى مائارىپ مىنىستىرلىقى «21- ئەسىرگە يۈزلەنگەن مائارىپنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكەت پىلانى» نى ئېلان قىلىپ، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە ئىلھام بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، كۆپلىگەن ئالىي مەكتەپلەر ھەر خىل تەدبىرلەر ئارقىلىق ئىستۇدېنتلارنى ئىگىلىك

تىكلەشكە يېتەكلىگەن بولىسمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى ئانچە يۇقىرى بولمىغان.

## 2. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئامىللار

1) ئىجتىمائىي ئامىل. ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىگىلىك تىكلىشى هۆكۈمەتنىڭ سىياسەت، مەبلەغ جەھەتتىن قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. هۆكۈمەتنىڭ ئىگىلىك تىكلەشكە ئىلهام بېرىدىغان تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇپ، ئىگىلىك تىكلەش بىلىملىرى بويىچە تەربىيەلىشى، ئىگىلىك تىكلەش مەبلىغى بىلەن تەمىنلەپ، يېڭى كارخانىلارنى قۇرۇشقا ئىلهام بېرىشى ئۇلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئاكتىپچانلىقىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە ئىلهام بېرىش ئۈچۈن، باجدا ئېتىبار قىلىش، ئاز سوممىلىق كېپىللىك قەرز بىلەن تەمىنلەش، كارخانىلارنى رويخەتكە ئالدۇرۇش رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇش قاتارلىق سىياسەتلەرنى تۈزگەن بولىسمۇ، لېكىن قانۇن كاپالىتى سىستېمىسى مۇكەممەل بولمىغاچقا، ئىجرا قىلىنماي ئىگىلىك تىكلىگەن ئىستۇدېنتلار ھەقىقىي قوللاشقا ئېرىشەلمىدى.

2) مەكتەپ ئامىلى. ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن تەشكىلاتىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئىگىلىك تىكلەش مائارىپى ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئېڭى، ئىگىلىك تىكلەش ساپاسى، ئىگىلىك تىكلەش ماھارىتىنى يېتىلدۈرىدىغان تەلىم ـ تەربىيە پائالىيىتى، ئىجادچانلىق روھىغا ئىگە ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىم يولى. ئىگىلىك تىكلەش مائارىپى ئارقىلىق ئىستۇدېنتلارنىڭ هۆكۈمەتنىڭ خىزمەتكە تەقسىم قىلىشىنى كۈتۈش ياكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىگە تايىنىشنى ئويلايدىغان ئەنئەنىۋى ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىگىلىك تىكلەپ، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش قارىشىنى تۇرغۇزغىلى، رىقابەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ. ئىگىلىك تىكلەش روھىنى كىتاب ئوقۇش ئارقىلىقلا يېتىلدۈرگىلى بولمايدۇ. ئىگىلىك تىكلەش مائارىپى ـ ئوقۇغۇچىلارنى باشقىلار دىققەت قىلمىغان پۇرسەتنى ئىگىلەشتە زۆرۈر بولغان بىلىم ۋە ماھارەت بىلەن تەزبىيەلەپ، پۇرسەتنى پەرق ئېتىش، بايلىقلارنى بىرىكتۈرۈپ كارخانا قۇرۇش، خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردە كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ماھىيىتى ئوقۇغۇچىلارنى ئىگىلىك تىكلەش روھىغا باي، ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇشقا ماھىر ئىگىلىك تىكلىگۈچى قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىقتىساسلىقلارنى تەربىيەلەشتىكى نىشانى، چۈنكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمى ۋە تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭدا ئىگىلىك تىكلەش مائارىپى بىر قەدەر كېيىن يولغا قويۇلغاچقا، ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلىششقا يېتەكلەشنى بىر تەرەپلىمە هالدا تەكىتلەپ، بىلىم ئىگىلەشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى بىلەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە سەل قاراپ، ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يېتەكلەشكە تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ كېتەلمىدى. نۆۋەتتە ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىششىغا ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىگە مەسئۇل خادىملار يېتەكچىلىك قىلماقتا، ئۇلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش تارىخى ياكى تەجرىبىسى بولمىغاچقا، كۆپىنچە نۆۋەتتىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتى، ئىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئورۇنلىششقا دائىر سىياسەتلەر، ئىش ئورنىغا تەكلىپ قىلىنىش ماھارىتى قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئىگىلىك تىكلەش ئىڭىنى يېتىلدۈرۈشكە سىستېمىلىق يېتەكچىلىك قىلالمايدۇ. بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەر ئىگىلىك تىكلەشكە دائىر تاللاپ ئوقۇيدىغان دەرسلەرنى تەسىس قىلغان بولسىمۇ، دەرس مەزمۇنى كونا، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش دەرسخانا بىلەنلا چەكلىنىپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا ئوقۇتقۇچى مەركەز قىلىنغاچقا، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق مەزمۇنلارنى تاللاپ ئۆگىنەلمەيدۇ، ھەم ئىگىلىك تىكلەشكە دائىر نەزەرىيەۋى بىلىملەرنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەن، ھەم ئىگىلىك تىكلەش تەجرىبىسىگە ئىگە ئوقۇتقۇچىلار ئىنتايىن كەمچىل. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تەتقىقات تىما گۇرۇپپىسىدىكى تۇرسۇنئاي سەمەت قاتارلىقلار ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش رايىنى سىناش بويىچە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ 85% تى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەشنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئىگىلىك تىكلەش ئارزۇسى بولسىمۇ ئەمما ئىگىلىك تىكلەش تەجرىبىسىنىڭ كەمچىل بولۇشى، ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارىنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن ئەندىشە قىلىش، مەبلەغ يېتىشمەسلىك، ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ قوللىماسلىقى ئۇلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەشكە جۈرئەت قىلالماسلىقىدىكى ئاساسلىق ئامىلغا ئايلانغان. شۇڭا بىلىم ۋە ئۇچۇر مەركىزى ھېسابلىنىدىغان ئالىي مەكتەپلەر ھەر خىل مائارىپ بايلىقلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە پايدىلىق ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىشى لازىم.

3) ئىلگىرى « يوقسۇللارنىڭ پەرزەنتى بالدۇر ئىشقا يارايدۇ»، ئۇلار ئىگىلىك تىكلەپ ئائىلىسىنىڭ نامرات ھالىتىنى بالدۇرراق ئۆزگەرتىشكە تىرىشىدۇ، دەپ قارىلاتتى، ئەمەلىيەتتە ئائىلە ئىقتىسادىي شارائىتىنىڭ نامرات بولۇشىنى ئاتا-ئانىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئېڭىنىڭ ئاجىز، ئىگىلىك تىكلەش كىرىمىنىڭ تۆۋەن بولۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، نامرات ئائىلىلەر ئىقتىسادىي جەھەتتىلا نامرات بولۇپ قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئېڭى ۋە تىرىشىپ ئىشلەش روھىمۇ كەمچىل بولىدۇ، بۇنداق ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن باللارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئېڭى تۆۋەن بولىدۇ، ئىگىلىك تىكلەش تارىخىغا ئىگە، كارخانا قۇرغان ياكى تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان، پەرزەنتلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىنى قوللايدىغان ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئىشەنچىسى كۈچلۈك بولىدۇ. شىنجاڭدىكى ئاتا-ئانىلاردا ئىگىلىك تىكلەش روھى كەمچىل، بۇ باللارغىمۇ تەسىر كۆرسەتمەكتە.

4) ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ساپاسى: ئىگىلىك تىكلەش ساپاسى ئاساسلىقى پۇرسەتنى ئىگىلەش، تەشكىللەش، ھەمكارلىشىش، تەۋەككۇل قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر ئېچىش روھىغا ئىگە كەسپىياتچى ياكى يېڭىلىق ياراتقۇچىلاردۇر، ئىگىلىك تىكلەش روھى مىللەت روھىنىڭ بىر قىسمى، دەۋر روھىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، ئىستۇدېنتلارنىڭ جەمئىيەتكە قەدەم قويۇپ، بازار ئېھتىياجىغا ماسلىششىنىڭ زۆرۈر شەرتى. بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش ئېڭى يېتەرسىز بولۇپ، ئىگىلىك تىكلەشنىڭ جاپاسىغا ۋە خىيىم ـ خەتىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، كۆزقارىشى يېڭىلانمىغان، ھۆكۈمەتكە، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مۇناسىۋەت تورىغا تايىنىۋېلىش خاھىشى ئېغىر، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى كەسىپ تەرەققىيات پىلانى ئېنىق ئەمەس، نەزەر دائىرىسى تار، ئىگىلىك تىكلەشكە نىسبەتەن پىسخىك تەييارلىق ۋە تەجرىبە كەمچىل، رىقابەت ئېڭى، يېڭىلىق يارىتىپ ئالغا ئىلگىرلەش روھى ۋە كارخانىچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك تەۋەككۈلچىلىك روھى ، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىغا بولغان ئىشەنچىسى كەمچىل ، ئەمەلىي مەشغۇلات قىلىش ئىقتىدارى، كىشىلىك ئالاقە ئىقتىدارى ئاجىز، شۇڭا ئىستۇدېنتلار

ئىچىدە ئىگىلىك تىكلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار ئاز. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا خەۋپ ـ خەتەر بىلەن مەنپەئەت تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلغانلار ئىگە بولىدىغان مەنپەئەتمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن.

## 3. ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش يوللىرى

1) ئىگىلىك تىكلەش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش. ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئېڭىغا ئىگە بولۇشى ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش مۇمكىنچىلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىگىلىك تىكلەش ئېڭى كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا ساقلىنىدىغان بىر خىل مەنىۋى ئېنېرگىيە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىگىلىك تىكلەش روھىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان مۇھىم ئامىل. ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش پائالىيىتى ئاساسلىقى ئىگىلىك تىكلەش مۇددىئاسىنى شەكىللەندۈرۈش، ئىگىلىك تىكلەش پۇرسىتىنى پەرق ئېتىش، بايلىقلاردىن پايدىلىنىش، يېڭى كارخانا قۇرۇپ، پۇرسەتنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش، ئەمەلىي نەپكە ئېرىشىش قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئىستۇدېنتلار نېمە ئۈچۈن ئىگىلىك تىكلەيمەن؟ ئىگىلىك تىكلەشكە ئىشەنچىم بارمۇ؟ ئىگىلىك تىكلەش ساپاسىنى هازىرلىدىممۇ؟ ئىگىلىك تىكلەشتىكى ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقىم قايسى؟ ئىگىلىك تىكلەشكە كېتىدىغان مەبلەغنى قانداق هەل قىلىمەن؟ ئەگەر ئىگىلىك تىكلەشتە مەغلۇپ بولسام بەرداشلىق بېرەلەمدىم؟ دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىشى لازىم.

2) ئىگىلىك تىكلەش پۇرسىتىنى بايقاش. ئىگىلىك تىكلەش پۇرسىتى يوشۇرۇن بازار ئېھتىياجى ياكى تولۇق پايدىلىنىلمىغان بايلىقنى بايقاش ئىقتىدارىدۇر. پۇرسەتنى پەرق ئېتىش — توغما قابىلىيەت بولۇشىمۇ ياكى بىر خىل بىلىش جەريانى بولۇشىمۇ مۇمكىن. باشقىلار ئېرىشەلمەيدىغان ياكى سەل قارايدىغان ئۇچۇرلارغا ئىگە بولۇش ـ ئىگىلىك تىكلەش پۇرسىتىنى بايقاشنىڭ زۆرۈر شەرتى. مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار باشقىلار بايقىمىغان پۇرسەتنى بايقاپ، تېزدىن هەرىكەتكە كېلىپ پۇرسەتنىڭ قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بەزىلەر ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەردە «ئالتىنچى سەزگۈ» بولغاچقا باشقىلار بايقىمىغان پۇرسەتنى بايقىيالايدۇ دەپ قارايدۇ، كۆپلىگەن ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرمۇ ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن سەزگۈر هېسابلايدۇ، سەزگۈرلۈك بىر خىل ئادەتلەنگەن ماهارەت بولۇپ، مەلۇم ساهەدە مول بىلىمگە ئىگە بولغان ئادەم هەمىشە باشقىلارغا قارىغاندا مۇشۇ ساهەدىكى پۇرسەتكە نىسبەتەن تېخىمۇ سەزگۈر بولىدۇ. مەسىلەن: كومپيۇتېر ئىنژېنېرى ئادۇۋكاتقا قارىغاندا كومپيۇتېر كەسپىدىكى پۇرسەت ۋە ئېھتىياجغا نىسبەتەن تېخىمۇ سەزگۈر بولىدۇ. يېڭىلىق يارىتىش ـ ئىگىلىك تىكلەش پائالىيىتىنىڭ يادروسى، مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە بولۇش ـ ئىگىلىك تىكلەش پائالىيىتىنىڭ ئاساسى ۋە ئىگىلىك تىكلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى مۇهىم ئامىل. ئىگىلىك تىكلەش مائارىپىنىڭ ئاتىسى دەپ نام ئالغان ئامېرىكىلىق ئالىم جېففېر.تىممونس (JeffryA.Timmons) نىڭ قارىشىچە، ئىگىلىك تىكلەش مائارىپى ئوقۇغۇچىلار تۈزگەن ئىگىلىك تىكلەشكە دائىر تەدبىرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى كۆپلىگەن سودا پۇرسىتىنى بايقاشقا يېتەكلەيدۇ.

3) ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش. ئىجادىي تەپەككۇر ـ ئىگىلىك تىكلەش ئېڭىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى، شۇڭا ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرى ئۆزلىرىدە ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئەمەلىي مەشغۇلات ئىقتىدارى، كىشىلىك ئالاقە ۋە هەمكارلىشىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇپ، رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشى، شىنجاڭنىڭ ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ،

www.uyghurkitap.com



ساياھەتچىلىك، مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي ئۆرپ - ئادەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە كەسىپلەردە ئىگىلىك تىكلەش، خاسلىققا ئىگە يېزا ئىگىلىكى، باغۋەنچىلىك، مىللىي تېبابەت دورىگەرلىكى، كان بايلىقى ۋە بىئولوگىيەلىك بايلىقلىرىنى ئېچىش قاتارلىق ساھەلەردە مەبلەغ سېلىشقا جۈرئەت قىلىشى لازىم. ئىگىلىك تىكلەشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا، ئىستۇدېنتلار ئالدى بىلەن چوڭ كارخانىلاردا ئىشلەپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەجرىبە توپلاپ، بەلگىلىك مەبلەغكە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئىگىلىك تىكلىسە مۇۋاپىق. كىچىك تاللا بازىرى، كېيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق مەبلەغ ئاز كېتىدىغان، ئۈنۈمى تېز كۆرۈلىدىغان كەسىپلەردە ئىش باشلىغىنى تۈزۈك.

## ئىزاھلار

[1] دۇنيا كارخانىلارنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ھۆكۈمەت تورى (http://www.gerneonSortium.org).

[2] Steven Hson. The heart of entrepreneurship [ J ] .Harvard BusinessReview, 1985, March-April:85-94.

[3] سوڭ كېلى: «ئىگىلىك تىكلەش مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىقى»، (M) بېيجىڭ، ئىگىلىك باشقۇرۇش نەشرىياتى، 2002.

## پايدىلانمىلار

1. سەي كېيوڭ: «21- ئەسىردىكى جۇڭگو مائارىپىنىڭ يۈزلىنىشى»[M]، گۇاڭجۇ، گۇاڭدۇڭ ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 2004.

2. خې يۈنچىڭ: «چەت ئەللەرنىڭ تەجرىبىسىنى ئۈرنەك قىلىپ، دۆلىتىمىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىنى قوللاش سىستېمىسىنى بەرپا قىلايلى»[J]، «مائارىپ نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى»، 2006- يىللىق 2- سان.

3. چۇ ئەنچىن، يۈ شىئەن: «ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىگىلىك تىكلىشى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت بەرپا قىلايلى»[J]. «جۇڭگو ئىلىم - پەن مۇكاپاتى» ، 2005- يىللىق 12- سان.

4. خوۋ باۋگۈي: «ئىگىلىك تىكلەش مائارىپىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى»[J]، «مائارىپ ۋە كەسىپ»، 2004- يىللىق 2- سان.

5. ۋاڭ چىڭ، مىن يۇڭجوڭ: «يەرلىكتىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئىگىلىك تىكلەش مائارىپىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا قايتا ئويلىنىش»[J]، «كۆمۈرچىلىك ئالىي مائارىپى»[J]، 2005- يىللىق 5- سان.

6. ليۇ چىڭچاڭ: «ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئېڭىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش»[J]، «مائارىپ ۋە كەسىپ»، 2009- يىل 2- سان.

7. «ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيەنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ياردەم بېرىش ئەندىزىسى»، [J]. «جۇڭگو پارتىيە- ھۆكۈمەت كادىرلىرى مۇنبىرى»، 2007- يىللىق 4- سان.

8. «شىنجاڭ رايون ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئۈستىدە تەھلىل»، /http://www:TaoFanWen.com.

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 1005＿5878 (2011) 02＿058＿17

# شېئىرىيىتىمىزدىكى تۇيۇق شەكلى توغرىسىدا*

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

(خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى گېزىت ـ ژۇرنال تەھرىراتىدىن، خوتەن. 848000)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى تۇيۇقنىڭ تەبىرى ۋە ئۆزگىچە بەلگىلىرى، تۇيۇق ھەققىدىكى ھەرخىل قاراشلار، ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرگە ئېنىقلىما، تۇيۇقنىڭ قاپىيەلىنىش شەكىللىرى، تۇيۇقنىڭ تارىخى، ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنىڭ تۇيۇقتا ئوينايدىغان ئىستىلىستىكىلىق رولى ۋە سۆز ئويۇنى، مەجازىي ۋاستىلەرنىڭ تۇيۇقتا ئوينايدىغان رولى، نۆۋەتتىكى تۇيۇقلاردا ساقلانغان مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ ھەقتىكى تارىختىن قېلىپ قالغان خاتا ئۇقۇم، قاراشلار ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، توغرا ئۇقۇم ۋە قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

**摘要：**本文广泛、系统、全面地分析了维吾尔诗歌创作形式—吐尤克（tuyuk）的概念、特色、观点，同时指出了同音词、同形词的差异，押韵形式，历史演变，同音词、同形词在吐尤克（tuyuk）中所起的作用和地位，修辞手段在吐尤克（tuyuk）中的作用以及当前吐尤克（tuyuk）创作中存在的问题，并且分别作为小题目逐一、全面、系统地修正了历史上遗留下来的错误、概念和观点，明确了完整、独具特色的吐尤克（tuyuk）体系。

**Abstract:** This article will consider the Tuyuq form in our poetry and some of its distinctive signs; various ideas about Tuyuqs; homophonous and homonymous words; Tuyuq rhyme schemes; the Tuyuq form's history, and the stylistic role and word games played in Tuyuqs by homophonous and homonymous words; the role played in Tuyuqs by metaphor; and problems remaining in Tuyuqs. Some lingering incorrect concepts and ideas will be disproven, and replaced by correct concepts and ic. s; confused and incorrect notions will be illuminated.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G122　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى

ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ژانىرلىرىدىن بىرى بولغان شېئىر ــ شەكلىنىڭ كۆپلۈكى، تېماتىك مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، پىكىرنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئىپادىلىنىشى، ئومۇملاشتۇرۇلۇشى، بەدىئىي ئوبرازلىرىنىڭ روشەن ۋە يىغىنچاقلىقى، شائىرنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچلۈك ھېسسىياتى بىلەن بوشلۇق قالدۇرۇپ، تېمىنى ئېچىپ بېرىدىغانلىقى، تەسەۋۋۇرغا بايلىقى، مەجازىي ۋاستىلىرىنىڭ مول ۋە گۈزەللىكى، بەدىئىي تىلىنىڭ ئىخچاملىقى، ئاز سۆز ئارقىلىق كەڭرى مەزمۇن ئىپادىلىنىدىغانلىقى ، يەنى يۇكسەك دەرىجىدە پىرىسلانغان ـ پىشقان، تاللانغان، تاۋلانغان، ئوبرازلىق، مۇزىكىدار شېئىرىي تىلىنىڭ ياردىمى بىلەن مەيدانغا كېلىدىغانلىقىدەك بىر قاتار خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئەدەبىيات ئاسمىنىدا يۇلتۇزدەك چاقناپ، ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق جاپالىق ئىزدىنىشلىرى نەتىجىسىدە، شېئىرىيەتنىڭ كۆپ خىل شەكىللىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى تۆتلۈك شەكلىدىن ئىبارەت.

* بۇ ماقالە 2010-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى پەن ـ تەتقىقات فوندى تۈرى: «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى قىسمەن كىلاسسىك شەكىللەر توغرىسىدا تەتقىقات»( تەستىق نومۇرى: 1076508045) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىلىرىنىڭ بىرى.

**ئاپتور:** ئابدۇرېھىم زۇنۇن (1962-يىلى 4-ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



شېئىرىيىتىمىزنىڭ كۆپ خىل شەكىللىرى ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان تۆتلۈك شەكىلدىكى شېئىرلار مەزمۇن، قاپىيە، رىتىم، تۇراق، بوغۇم تۈزۈلۈشى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن: قوشاق، ئۆلەڭ، تۆتلۈك، پارچە، دوبەيتى، تەرانە، تۇيۇق، رۇبائىي... دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئەگەر مىسرا سانىغىلا ئېتىبار بىلەن قاراپ مەزمۇن، قاپىيە، ۋەزىن، تۇراق، بوغۇم شەكىللىرى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندا، شېئىرىيەت گۈلزارلىقى ئۆزىنىڭ خۇش پۇراق گۈللىرىدىن مەھرۇم قېلىپ، ھېسسىياتنى قان، تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇرنى قانات قىلىپ پەرۋاز قىلغان ۋە قىلىۋاتقان نەچچە مىڭ يىللىق ئىجتىمائىي، بەدىئىي ئىزدىنىش ۋە مۇكەممەللىشىشنى باشتىن كەچۈرگەن، كۈچلۈك ھېسسىيات، مۇزىكىدار شېئىرىي تىل، خىلمۇ خىل بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇرلار ئارقىلىق قەلبلەرنى لەرزىگە سالىدىغان بۇ ژانىر ئۆز خاسلىقىنى يوقىتىپ، سېھرىي كۈچىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئەپسۇسكى، ھازىر بىر قىسىم ئەدىبلىرىمىزدە يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەن تۆتلىكلەرنى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. بۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، ئۇلار شېئىرىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى، بولۇپمۇ شەكىلگە تەئەللۇق بولغان قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى، كىلاسسىكلارنىڭ شېئىرىيەت ھەققىدىكى نەزەرىيەلىرىنى تولۇق چۈشەنمىگەن.

يۇقىرىدا تۈرگە ئايرىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قوشاق، ئۆلەڭ، پارچە (مىسرا سانىنىڭ چەكلىمىسى يوق)، تۆتلۈك، دوبەيتى، تەرانە، تۇيۇق، رۇبائىي... قاتارلىق شېئىرىي شەكىللەر شەكىل جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئازراق ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئەمما ئىنچىكە كۆزەتكەندە، قاپىيەلىنىش تەرتىپى، مىسرا سانى، تۈزۈلۈش شەكلى، ئاھاڭدارلىقى، قايسى مەنا تۈرىگە تەۋە سۆزلەرنىڭ قاپىيە قىلىنىدىغانلىقى، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى قاتارلىق جەھەتلەردىن قويۇلىدىغان تەلەپ ۋە ئۆلچەملەر ئوخشاش ئەمەس. تۆۋەندە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۆتلۈكلەر تۈرىگە تەۋە بولغان تۇيۇق ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 2. تۇيۇقنىڭ تەبىرى ۋە ئۆزگىچە بەلگىلىرى

تۇيۇق دېگىنىمىز ـ خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىكى تۆت مىسرالىق قوشاقلار زېمىنىدا تۇغۇلغان، ھەر خىل تىپلاردا يېزىلىدىغان، ئاساسەن ھەممە مىسرالىرى ياكى 1-، 2-، 4- مىسرالىرى، ياكى 2-، 4- مىسرالىرى ۋە ياكى 1-، 2- مىسرالىرى ئۆزئارا ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەردىن قاپىيەلىشىپ كېلىدىغان ھەمدە ئۇلار مۇھىم مەجازىي ۋاستە سۈپىتىدە رول ئوينايدىغان، سۆز ئويۇنى شەكلىدىكى، تولۇق ئاياغلاشقان ئوي - پىكىرگە ئىگە، مۇستەقىل بىر خىل شېئىرىي شەكىلدىن ئىبارەت.

تۇيۇق - «تۇيماق»، «تۇيۇۋالماق» دېگەن پېئىلدىن ياسالغان ئىسىم بولۇپ، مەنىسى: «كۆرۈرمەن ئۆزى پەرق ئېتىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ خىل شېئىرىي شەكىل ئەرەب تىلىدا «مۇختەمىلات» دەپ ئاتىلىپ، «ئارىلاشتۇرۇلغان، يۈكلەنگەن» دېگەندەك مەنىلەرنى بېرىدۇ. ئۇ يەنە ئەرەب تىلىدا «تەجنىس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «تەجنىس» ـــ «ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆز» دېگەنلىك بولۇپ، ئاشۇ سۆزلەرنى ئەڭ مۇھىم مەنبە، مەجازىي ۋاستە ۋە قاپىيە قىلىشتىن پۈتىدىغان شېئىرىي شەكىلدىن ئىبارەت (بۇ تۈردىكى سۆزلەر قەدىمدىن تارتىپ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىغىچە «ئومونىملار، ئومونىم سۆزلەر» ياكى «شەكىلداش سۆزلەر» ۋە ياكى «ئاھاڭداش سۆزلەر» دېگەندەك ئاتالغۇلار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ خىل سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم پەرقنىڭ بارلىقى ئېنىقلىنىپ، ئۇلار شۇ پەرقلەرگە ئاساسەن «ئاھاڭداش ۋە شەكىلداش سۆزلەر» دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىلدى). كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن مەلۇم بولۇشىچە، قانداق تۈرگە تەۋە شېئىر بولۇشىدىن، شېئىرنىڭ قانداق يېرىدە كېلىشىدىن قەتئىينەزەر تەركىبىدە ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرلا بولىدىكەن، ئۇ، «تەجنىس» كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ.

بۇ ھەقتە شائىر نۇرمەمەت ئېرىكى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىننىڭ «رۇبائىيات»ىغا يازغان «كىرىش سۆز ۋە تەتقىقات»ىدا: «شائىر يەنە بىر قىسىم رۇبائىيلارنى يەككە ۋە بەزى قوش تەجنىس (شەكىلداش سۆز) بىلەن يازغان. تەجنىس يېزىلىش شەكلى ئوخشاش، مەنىسى باشقا - باشقا بولغان سۆز بولۇپ، بۇ خىل سۆزلەردىن پايدىلىنىپ شېئىردا سۆز ئويۇنى ياساش ۋە ماھارەت نامايىش قىلىش كىلاسسىك ئەدەبىياتتا بىر خىل ئەنئەنە. بىر مىسال:

ئالا بولغان ئالا بولغاندىن ئارتۇق،
كۆمۈلگەن تەلمۈرۈپ تۇرغاندىن ئارتۇق.

بۇ بىر مەسنەۋى بولۇپ، 1 ـ مىسراسىدىكى ئىككى «ئالا» سۆزى بىر خىل يېزىلغان ۋە ئېيتىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھەر بىرىنىڭ مەنىسى باشقا ـ باشقا: ئالدىدىكى «ئالا» ـ مەرەز (پىسى) كېسىلى ، كېيىنكى «ئالا» ـ ئالا (ئاقمۇ، قارىمۇ ئەمەس) مەنىسىدە كەلگەن. بۇ شېئىردا: «ئادەم بىر ئىشتا ئالا (يا ئوغرى ئەمەس، يا توغرا ئەمەس) بولغانىدىن كۆرە پىسى بولغان ياخشىراق، بىر ئادەمنىڭ ئالدىدا ھاجەت ئۈچۈن تەلمۈرۈپ تۇرغانىدىن كۆرە، ئۆلۈپ كۆمۈلگەن تۈزۈك» دەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىبراھىم مۇتىئى «شېئىرىي تىل توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە:

قالپىسەن تەڭگە دېپ ئەھۋالى تەڭگە،
مەشەققەتلەر باشىڭدا رەڭگە رەڭگە.

ـ سوپى ئاللايار

بۇنىڭدا شائىر «ئەتىدىن كەچكىچە تەڭگىنىڭ كەينىدە يۈرسەڭ، شۇنداق تەڭلىكتە قالىسەنكى، بېشىڭغا تۈرلۈك ـ تۈمەن مۇشەققەتلەر كېلىدۇ، يەنى بىرىنچى تەڭگە ـ پۇل، ئىككىنچى تەڭگە ـ تەڭلىكتە قېلىش، دېگەن مەنىدە كەلگەن» دەپ يازىدۇ.

بۇنىڭدىن يۇقىرىقى پىكرىمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. تىل جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدىغان، بېيىپ، تاكامۇللىشىپ بارىدىغان ئىجتىمائىي ئالاقە قورالى بولغاچقا، تىلنى ئەڭ مۇھىم ۋاستە، بىرىنچى ئامىل قىلىپ مەيدانغا كېلىدىغان ھەممە ئۇنىڭغا بېقىنغان ھالدا «تىل سەنئىتى» دەپ ئاتىلىدىغان ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى تۈر ۋە ژانىرلىرىدا، ھەتتا ئاتالغۇلىرىدىمۇ تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا، «تەجنىس»نىڭ مەنىسىنى يەنىلا «تۇيۇق» دەپ چۈشىنىش ۋە شۇنداق ئىشلىتىش مۇۋاپىق. ئۇ تۆت مىسرادىنمۇ، ئىككى مىسرادىنمۇ تۈزىلىدۇ.

## 3. «تۇيۇق» ھەققىدىكى ھەر خىل قاراشلار

تۇيۇق ھەققىدە كىشىلەرنىڭ قاراشلىرى ھەر خىل بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە بولىدۇ: «تۇيۇق»قا «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە: «1 ـ، 2 ـ ، 4 ـ مىسرالىرى شەكىلداش سۆزلەردىن قاپىيەلىشىپ كەلگەن سۆز ئويۇنى شەكلىدىكى، تولۇق ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكىرگە ئىگە تۆت مىسرالىق شېئىر»، دەپ ئېنىقلىما بېرىلگەن بولسا؛ ھاجى ئەھمەد كۆلتېكىن «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابىدا، «مۇختەمىلات (تۇيۇق) خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىكى تۆت مىسرالىق قوشاقلار زېمىنىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ھەر خىل تېم[illegible]ردا يېزىلىدۇ. تۈزۈلۈش جەھەتتە ئاساسەن تۆت مىسرالىق ۋە قىسمەن ئىككى مىسرالىق (بۇنى «تەجنىس» دەپ ئاتايدۇ) بولىدۇ دېگەن.

بۇ خىل تۆتلۈكنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، قاپىيە ئۈچۈن شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش، ئەمما مەنە جەھەتتىن باشقا ـ باشقا ئۇقۇم بېرىدىغان ئومونىم سۆزلەردىن پايدىلىنىلىدۇ» دەپ يېزىپ، ئۇنىڭ 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ مىسرالىرى ۋە 2 ـ، 4 ـ مىسرالىرى ئۆزئارا قاپىيەداش بولۇپ كەلگەن ئىككى خىل شەكىلگە ئايرىم ـ ئايرىم مىسال كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

بۇ ھەقتە ئۇلۇغ شائىر، دانىشمەن ئۇستاز ئەلىشىر نەۋايى «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» (ئىككى تىل مۇھاكىمىسى) ناملىق ئەسىرىدە تۈركىي ئۇيغۇر تىلى بىلەن پارس تىلىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە پاساھىتىنىڭ پارس تىلىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ، مۇنداق بايان قىلىدۇ: «... ئومۇمەن ئېيتقاندا، سارت (پارس) لارنىڭ تىلىدىكى سۆز يېتىشمەسلىك ھادىسىسىنى بىر ـ بىردىن ئېيتىشقا توغرا كەلسە، گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. چۈنكى، مۇنداق ئەھۋال بەك كۆپتۇر. جۈملىدىن ھەممە شائىرلار ۋە سۆز سەنئەتكارلىرى نەزەرىدە روشەن ھەم ئېنىق بولغان تەجنىس (ئومونىم سۆزلەر) بىلەن ئىھام (شېئىر سەنئىتىدە ئىككى مەنىلىك سۆز ئىشلىتىش) پارس تىلىدا يوق دېيەرلىك بولۇپ، تۈركىي تىلىدا ناھايىتى كۆپ. بۇنداق سۆزلەر شېئىرغا ئالاھىدە زىننەت ۋە سەنئەت بەخش ئېتىدۇ. مەسىلەن، «ئات» سۆزىنى ئالساق، بىر مەنىسى بىرەر نەرسىنىڭ ئېتى؛ يەنە بىر مەنىسى مىنىدىغان ئات؛ ئۈچىنچى مەنىسى بىرەر نەرسىنى ئاتماققا بۇيرۇش بولۇپ، بۇ تەجنىس تۆۋەندىكى مىسرادا مۇنداق كەلگەن:

چۇن پەرىيۇ ھۇردۇر ئاتىڭ بېگىم،
سۇرئەت ئىچرە دىۋىدۇر ئاتىڭ بېگىم،
ھەر خەدەڭكى، ئۆلۈس ئاندىن قاچار،
ناتىۋان جانىم سارى ئاتىڭ بېگىم.

تۇيغۇر كتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بۇ ئىككى بېيىت تولۇق تەجنىس بولۇپ، پەقەت تۈرك شائىرلىرىغىلا خاستۇركى، سارتلاردا يوقتۇر ۋە بۇنى تۈرك شائىرلىرى «تۇيۇغ (تۇيۇق)» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ھەقتە مەن «مىزانۇل ئەۋزان» (ۋەزىنلەر مىزانى) ناملىق كىتابىمدا توختىلىپ ئۆتكەنىدىم. جۈملىدىن «ئىت» دېگەن سۆزنىڭمۇ ئۈچ مەنىسى بار. بۇ سۆز بىلەن مۇنداق تۇيۇق يېزىلغان:

ئەي رەقىب، ئۆزنى ئاڭا تۇتساڭ ھەم ئىت،
بىزگە رەھمى ئەيلەپ ئۇنىڭ كويىدىن ئىت.
گەرچە بار دوزاخچە ئىشقىڭ شۇلىسى،
بىزنى ئۆز ئىلكىڭ بىلە ئول سارى ئىت.

... يەنە «تۈز» دېگەن سۆزنىڭمۇ بىر نەچچە مەنىسى بار: بىرى، يانىڭ ئوقىدەك تۈز نەرسە؛ يەنە بىرى، تۈپتۈز دالا دېگەندىكى تۈز؛ ئۈچىنچىسى، «تۈز كىشى» دېگەندىكى تۈز؛ تۆتىنچىسى، «سازنى تۈز» دېگەندىكى تۈز؛ بەشىنچىسى، ئىككى كىشى ياكى ئىككى تەرەپ ئارىسىدا سۆھبەت ياكى كېلىشىم «تۈزمەك» دېگەندىكى تۈز ۋەھاكازا. دېمەك، ئۈچ، تۆت ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ مەنە بېرىدىغان سۆزلەر تۈركىي تىلدا ناھايىتى كۆپ، پارس تىلىدا يوق...»[1].

يۇقىرىقى بايانلارغا قارايدىغان بولساق، بىر ئومۇمىي ئورتاقلىق بار. ئۇ بولسىمۇ، «تۇيۇقنىڭ قاپىيەسى چوقۇم ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت. ئەمما، بۇ ئۈچ خىل بايانىنىڭ ھەممىسىدە ئازدۇر-كۆپتۇر سەۋەنلىكلەرمۇ ساقلانغان بولۇپ، بىرىنچى نەقىلدە: خەدەڭگى - ئوق؛ ئىت - يۈت؛ ئىلىك - ئەسلىي ئەل - قول بولۇپ، ھازىر قول، يەنى بىر ئىلىك، تۆت ئىلىك... دېگەندەك ئىستېمال قىلىنىدۇ.

«1 -، 2 -، 4- مىسرالىرى شەكىلداش سۆزلەردىن قاپىيەلىشىپ كەلگەن سۆز ئويۇنى شەكلىدىكى، تولۇق ئاياغلاشقان ئوي - پىكىرگە ئىگە تۆت مىسرالىق شېئىر» دېيىلىپ، تۇيۇقنىڭ قاپىيەلىنىش شەكلىنىڭ ھەر خىل بولىدىغانلىقى، مەزمۇنغا ۋە بەدىئىيلىككە تەئەللۇق بولغان تۈرلۈك بەلگە ۋە ئالامەتلىرى نەزەردىن ساقىت قىلىنغان ھەمدە «شەكىلداش سۆزلەردىن قاپىيەلىشىپ كەلگەن» دەپ، «ئاھاڭداش» سۆزلەرنى تاشلاپ ئۆتۈپ كەتكەن. ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ سانى شەكىلداش سۆزلەرنىڭ سانىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ.

ئىككىنچى نەقىلدە: «قاپىيە ئۈچۈن شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش، ئەمما مەنە جەھەتتىن باشقا - باشقا ئۇقۇم بېرىدىغان ئومونىم سۆزلەردىن پايدىلىنىلىدۇ» دەپ، ئۇنىڭ قاپىيە شەكىللىرى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە ئېغىز ئاچمىغان ھەمدە ئىككىلا شەكىلگە مىسال كەلتۈرۈپلا بولدى قىلغان.

ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى نەقىلدىكى «ئومونىم سۆزلەر» دېگىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئېيتىلىش ئاھاڭى - تەلەپپۇزىمۇ، يېزىلىش شەكلى - ئىملاسىمۇ ئوخشاش بىر تۈركۈم ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولغان سۆزلەر توپىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق سۆزلەرگە تىلغا دائىر مەخسۇس ئەسەرلەر، تىلشۇناسلىققا دائىر لۇغەتلەردە ھەرخىل تەبىر بېرىلگەن بولۇپ، بىرىدە «شەكىلداش سۆزلەر» دېيىلسە، يەنە بىرىدە «ئاھاڭداش سۆزلەر» دېيىلىۋاتىدۇ. بۇ خىلدىكى سۆزلەر ئەمەلىيەتتە ئاھاڭداش سۆزلەر كاتېگورىيەسىگە تەۋە . چۈنكى، تىل ئەمەلىيىتىدە سۆزلەرنىڭ ئىككى خىل ئىپادە شەكلى بولىدۇ: بىرى، تەلەپپۇزى، يەنە بىرى، يېزىلىشى. تىلنىڭ مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىدا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھەرخىل مەنىلىك سۆزلەر سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىسىز كېلىدۇ، يەنى تۇرغۇن سۆزلەر بىرلىك، باش كېلىش شەكلىدە، پېئىللار ئېنىق دەرىجە، بولۇشلۇق، بۇيرۇق رايىنىڭ II شەخس بىرلىك شەكلىدە تۇرغىنىدا، ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزى ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بۇنداق سۆزلەرمۇ خېلى كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىي «ب» ۋە «د» بىلەن ئاخىرلىشىدىغان سۆزلەر يوق ئىدى. چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىن «ب» ۋە «د» بىلەن تۈگىگەن سۆزلەر نۇتۇقتا ئۆزگىرىش ياساپ، «ب» تاۋۇشى «پ»غا، «د» تاۋۇشى «ت»غا ئايلىنىدۇ. تۈرلىنىشكە كىرگەندە بولسا، ئەسلىگە قايتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇتۇق شارائىتىدا، يەنى ئىككى كىشى ئۆزئارا سۆزلەشكەندە بەزى سۆزلەردىكى «ر، ل، ھ» تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قالىدۇ، «ئا، ئە» تاۋۇشى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار

بىلەن تۇرلەنگەندە «ئې، ئى»غا ئاجىزلىشىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە، نۇتۇقتا ئاھاڭداش سۆزلەر ھاسىل بولىدۇ.

## 4. ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرگە ئېنىقلىما

ئەدەبىيات ـ تىل سەنئىتى، تىل ـ ئەدەبىياتنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۇرۇشتىكى مۇھىم ئامىلى ۋە ئەڭ ئاساسىي ۋاستىسى. شېئىرىي تىل نەسرىي ئەسەرلەر تىلىغا قارىغاندا، تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ ئىخچام، تېخىمۇ ئوبرازلىق، تېخىمۇ مۇزىكىدارلىقتا ئىگە. ئۇ، شائىر ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن قايتا ــ قايتا پىششىقلاپ ئىشلىگەن تىل بولۇپ، بەدىئىي ئوبراز يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بەدىئىي تىل شېئىرىيەتتە ئۆزىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالايدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە تىل ھەققىدە توختىلىشىمىزدىكى سەۋەب تۇيۇق ئەدەبىياتنىڭ، شۇنداقلا شېئىرىيەتنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنى ئۆزىگە ئەڭ مۇھىم مەنبە، مەجازىي ۋاستە ۋە قاپىيە قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت.

ئاھاڭداش سۆزلەر ــ ئېيتىلىشى ۋە يېزىلىشى ئوخشاش، لېكىن، بىلدۈرىدىغان مەنىلىرى باشقا ـ باشقا سۆزلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن: «ماۋۇ ماۋزۇ بابقا باب كەپتۇ»، «دات باستى، دەپ دات ئېيتما» دېگەن جۈملىلەردىكى «باب» بىلەن «باب»، «دات» بىلەن «دات» ئاھاڭداش سۆزلەردۇر. ئۇيغۇر تىلىدا بۇنداق سۆزلەر خېلىلا كۆپ.

يەنە بىر تۈركۈم ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك سۆزلەرنىڭ ئېيتىلىشى ـ تەلەپپۇزى بىر ئاز پەرق قىلسىمۇ، لېكىن يېزىلىشى ـ ئىملاسى ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. ھەرپ ـ بەلگىلەر چەكلىك بولۇپ، مەنىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىكى تۈپەيلىدىن بۇ خىل ھادىسە سادىر بولىدۇ.

شەكىلداش سۆزلەر ـ يېزىلىشى ئوخشاش، ئەمما ئېيتىلىشى ۋە بىلدۈرىدىغان مەنىلىرى باشقا ـ باشقا سۆزلەردىن ئىبارەت بولۇپ، تىلشۇناسلىقتا بۇنداق سۆزلەر «شەكىلداش سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بۇنداق سۆزلەرمۇ خېلى بار. مەسىلەن: ئارا (دېھقانچىلىق سايمىنى) ـ ئارا (ئوتتا)؛ ئاچا (ھەدە، ئايلا، ئىگىچە) ـ ئاچا (دەرەخنىڭ ئاچىسى، ئاچىماق)؛ بالا (بالا ـ قازا) ـ بالا (بالا ـ چاقا) قاتارلىقلار...

## 5. تۇيۇقنىڭ قاپىيەسى ۋە قاپىيە شەكىللىرى

مەلۇمكى، شېئىرنى شېئىر قىلىپ تۇرىدىغان مۇھىم تىل ئامىللىرىدىن بىرى قاپىيەدۇر. نەچچە مىڭ يىللىق شېئىرىيەت تارىخىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئەجدادلىرىمىز مەيلى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بولسۇن، مەيلى يازما ئەدەبىياتتا بولسۇن قاپىيەسىز گەپلەرنى «شېئىر» دەپ ئاتىمىغان، بەلكى ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن قاپىيەلىك قىلىپ ئېيتىلغانلىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى «شېئىر» دەپ ئاتاپ كەلگەن.

بۇ ھەقتە ئالىم ئىبراھىم مۇتئىي: «ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان قاپىيە شېئىرنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىدە كەڭ قوللىنىلىپ كەلمەكتە، قاپىيە شېئىردا شۇنداق زور ئەھمىيەت قازانغانكى، بىرمۇنچە ئەللەردە (جۈملىدىن بىزدە) ئۆزى ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، قاپىيەلىك قىلىپ ئېيتىلغانلىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى، ئۇنىڭدا شېئىرغا خاس بىر ھېسسىيات بولمىسىمۇ، يەنىلا شېئىر دەپ قارىلىپ كەلمەكتە»[2]، دەپ يازىدۇ.

خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئەستە ئوڭاي قېلىشى، ئوقۇشقا ئەپلىك بولۇشى ئۇنىڭدا گۈزەل قاپىيەلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەنلىكىدە. ، قاپىيەنى تاۋۇش جەھەتتىكى ماسلىق، مىسرالارنى ماسلاشتۇرۇش دەپ چۈشىنىش كېرەك. بۇ ھەقتە تىلشۇناس ياكوبسون: «قاپىيە يالغۇز تاۋۇش جەھەتتىكى ئوخشاشلىقلا ئەمەس، بەلكى، قاپىيەداش سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم ھېسسىي ئامىللارنىڭ يېقىنلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[3] دەيدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن ئايان بولىدۇكى، قاپىيە شېئىردا بولىسمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك مۇھىم قۇرۇلما ئامىلى ھەم شېئىردا ئاھاڭدارلىق، مۇزىكىدارلىق ھاسىل قىلىدىغان، رىتىم پەيدا قىلىدىغان مۇھىم ئامىل.

تۇيۇقنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭدا ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنىڭ قاپىيە قىلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت. بۇ تەييار قاپىيە خۇرۇچلىرى بولغان ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىي ئامىللارنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىق شەكىللەندۈرۈشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنتايىن مۇھىم مەجازىي ۋاستە سۈپىتىدە رول

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئوينايدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكىمۇ قاپىيەنىڭ تۇيۇقتا تېخىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تۇيۇقتا ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنىڭ قاپىيە قىلىنىشى ئەڭ ئەقەللىي بىر تەلەپ. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، تۇيۇق قاپىيە ئىلمى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان شېئىرىي شەكىل بولۇپ، قاپىيەسىز تۇيۇق بولمايدۇ. تۇيۇق - مىسرالىرى ئاساسەن AAAA، A B AA، B AB A ياكى AA شەكىللەردە تۈزۈلىدىغان، ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەردىن قاپىيەلىنىپ كېلىدىغان ھەمدە ئۇلار مۇھىم مەجازىي ۋاستە سۈپىتىدە رول ئوينايدىغان، ھەر خىل مەزمۇندا يېزىلىدىغان سۆز ئويۇنى شەكلىدىكى، تولۇق ئاياغلاشقان ئوي - پىكىرگە ئىگە تۆت مىسرالىق شېئىرىي شەكىلدىن ئىبارەت بولۇپ، بىر خىل ئاھاڭدىكى ياكى يېزىلىش شەكلى ئوخشاش بولغان سۆزلەرنى قاپىيە قىلىشتىن تۈزۈلىدۇ (بەزى تۇيۇقلاردا ئاھاڭداش ۋە شەكىلداش سۆزلەر ئارىلاشمۇ كېلىدۇ). مەسىلەن:

چۆلدە قالسامۇ نە ھاجەت ئات ماڭا،
سىڭدى «مەجنۇن» دەپ چىرايلىق ئات ماڭا.
قېنى سەن لەيلى، مېنى ئۆلمە دېسەڭ،
ئوق قىلىپ كىرپىكلىرىڭنى ئات ماڭا.

(تېيىپجان ئېلىيېۋ «تاللانغان شېئىرلار»دىن)

بۇ تۇيۇقنىڭ 1 - مىسراسىدىكى «ئات» - «مىنىدىغان ئات، ھايۋان» مەنىسىدە؛ 2 - مىسراسىدىكى «ئات» - «لەقەم، نام، ئىسىم» مەنىسىدە؛ 4 - مىسراسىدىكى «ئات» - «ئاتماق، ئېتىشقا بۇيرۇش» مەنىسىدە كەلگەن. تۇيۇق، ئاساسەن رۇبائىيدەك تۆت مىسرالىق بولۇشىنى ھەم پىكىرنىڭ چوڭقۇر بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە ئىككى مىسرادىن تۈزۈلگەن شەكلىمۇ بار. ئۇنىڭ قاپىيەلىنىشىAA شەكلىدە بولىدۇ. مەسىلەن:

ھەممىگە ئوخشاش بول، قىلمىغىن سەن يۈز،
شۇ چاغدا قويارمەن ساڭا نومۇر يۈز.

- ئەركىن ئەبەيدۇللا

مەھمۇت زەيدى، سەمەت دوگايلى تۈزگەن «ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»دە: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا تەجنىسنىڭ يەتتە تۈرى مەۋجۇت. ئۇلار ئۆز خاراكتېرىگە مۇۋاپىق ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى، تەجنىسى توم (مۇتلەق تەجنىس). تەجنىسنىڭ بۇ تۈرىدە سۆزلەر تولاراق شەكىلداش بولىدۇ:

ئاندا ھەر بېيىت نەچچە مەنا ئىلە
بېيىت ئەمەسكىم غېرىبخانەدۇر.

- نەۋايى

بۇ مىسرالدىكى«بېيىت» سۆزى ئىككى مەنىدە - غەزەل بەندى ۋە ئۆي مەنىلىرىنى ئاڭلىتىدۇ.

ئىككىنچى، تەجنىسى ناقىس (نۇقسانلىق تەجنىس). تەجنىسنىڭ بۇ خىلىدا شەكىلداش سۆزلەر ئىملادا ئايرىپ تۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

يوللۇقۇم بولسۇن ساڭا،
قوينۇڭغا سالغىن ئالمىنى.
ھەر سېغىنغاندا پۇراپ،
يادىڭغا يارىم ئال، مېنى.

— تېيىپجان ئېلىيېۋ

پېشقەدەم تىلشۇناس ئابدۇسالام ئابباس «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر لۇغىتى»دە «تۇيۇق» سۆزىگە ئىزاھات بېرىپ: «تۇيۇق I ئىسىم. شېئىرنىڭ بىر تۈرى. مۇختەمىلات، تەجنىس» دېيدۇ. ئاپتورمۇ مۇشۇ پىكىرلەرنى ياقلايدۇ.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھازىر بەزىلەر بۇ خىل تۇيۇقلارنىڭ تۆت مىسرادىن تەشكىل تاپقانلىرىنى «تۇيۇق»، ئىككى مىسرادىن تەشكىل تاپقانلىرىنى «تەجنىس» دەپ ئىستېمال قىلىۋاتىدۇ. بۇ، خۇددى تىلىمىزدا ئەزەلدىن بار بولغان «چېچەك»كە مەنىداش بولغان «گۈل» پارس تىلىدىن تىلىمىزغا كىرىپ ئۆزلەشكەندىن كېيىن، ھويلا - ئارامغا تېرىپ، ئۆستۈرگەنلىرىنى«گۈل» دەپ، تىلىمىزدا ئەسلىي بار بولغان «چېچەك»نى، يەنى مېۋىلىك

بىلەن تۈرلەنگەندە «ئې، ئى»غا ئاجىزلىشىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە، نۇتۇقتا ئاھاڭداش سۆزلەر ھاسىل بولىدۇ.

## 4. ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرگە ئېنىقلىما

ئەدەبىيات ـ تىل سەنئىتى، تىل ـ ئەدەبىياتنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىلى ۋە ئەڭ ئاساسىي ۋاستىسى. شېئىرىي تىل نەسرىي ئەسەرلەر تىلىغا قارىغاندا، تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ ئىخچام، تېخىمۇ ئوبرازلىق، تېخىمۇ مۇزىكىدارلىقتا ئىگە. ئۇ، شائىر ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن قايتا ـ قايتا پىششىقلاپ ئىشلىگەن تىل بولۇپ، بەدىئىي ئوبراز يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بەدىئىي تىل شېئىرىيەتتە ئۆزىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالايدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە تىل ھەققىدە توختىلىشىمىزدىكى سەۋەب تۈيۈق ئەدەبىياتىنىڭ، شۇنداقلا شېئىرىيەتنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنى ئۆزىگە ئەڭ مۇھىم مەنبە، مەجازىي ۋاستە ۋە قاپىيە قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت.

ئاھاڭداش سۆزلەر ـــ ئېيتىلىشى ۋە يېزىلىشى ئوخشاش، لېكىن، بىلدۈرىدىغان مەنىلىرى باشقا ـ باشقا سۆزلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن: «ماۋۇ ماۋزۇ بابقا باب كەپتۇ»، «دات باستى، دەپ دات ئېيتما» دېگەن جۈملىلەردىكى «باب» بىلەن «باب»، «دات» بىلەن «دات» ئاھاڭداش سۆزلەردۇر. ئۇيغۇر تىلىدا بۇنداق سۆزلەر خېلىلا كۆپ.

يەنە بىر تۈركۈم ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك سۆزلەرنىڭ ئېيتىلىشى ـ تەلەپپۇزى بىر ئاز پەرق قىلسىمۇ، لېكىن يېزىلىشى ـ ئىملاسى ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. ھەرپ ـ بەلگىلەر چەكلىك بولۇپ، مەنىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىكى تۈپەيلىدىن بۇ خىل ھادىسە سادىر بولىدۇ.

شەكىلداش سۆزلەر ـ يېزىلىشى ئوخشاش، ئەمما ئېيتىلىشى ۋە بىلدۈرىدىغان مەنىلىرى باشقا ـ باشقا سۆزلەردىن ئىبارەت بولۇپ، تىلشۇناسلىقتا بۇنداق سۆزلەر «شەكىلداش سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بۇنداق سۆزلەرمۇ خېلى بار. مەسىلەن: ئارا (دېھقانچىلىق سايمىنى) ـ ئارا (ئورتا)؛ ئاچا (ھەدە، ئاپلا، ئىگىچە) ـ ئاچا (دەرەخنىڭ ئاچىسى، ئاچىماق)؛ بالا (بالا ـ قازا) ـ بالا (بالا ـ چاقا) قاتارلىقلار...

## 5. تۈيۈقنىڭ قاپىيەسى ۋە قاپىيە شەكىللىرى

مەلۇمكى، شېئىرنى شېئىر قىلىپ تۇرىدىغان مۇھىم تىل ئامىللىرىدىن بىرى قاپىيەدۇر. نەچچە مىڭ يىللىق شېئىرىيەت تارىخىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئەجدادلىرىمىز مەيلى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بولسۇن، مەيلى يازما ئەدەبىياتتا بولسۇن قاپىيەسىز گەپلەرنى «شېئىر» دەپ ئاتىمىغان، بەلكى ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن قاپىيەلىك قىلىپ ئېيتىلغانلىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى «شېئىر» دەپ ئاتاپ كەلگەن.

بۇ ھەقتە ئالىم ئىبراھىم مۇتىئى: «ئۆزۈن زامانلاردىن بۇيان قاپىيە شېئىرنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىدە كەڭ قوللىنىلىپ كەلمەكتە، قاپىيە شېئىردا شۇنداق زور ئەھمىيەت قازانغانكى، بىرمۇنچە ئەللەردە (جۈملىدىن بىزدە) ئۆزى ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، قاپىيەلىك قىلىپ ئېيتىلغانلىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى، ئۇنىڭدا شېئىرغا خاس بىر ھېسسىيات بولمىسىمۇ، يەنىلا شېئىر دەپ قارىلىپ كەلمەكتە»[2]، دەپ يازىدۇ.

خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئەستە ئوڭاي قېلىشى، ئوقۇشقا ئەپلىك بولۇشى ئۇنىڭدا گۈزەل قاپىيەلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەنلىكىدە. ، قاپىيەنى تاۋۇش جەھەتتىكى ماسلىق، مىسرالارنى ماسلاشتۇرۇش دەپ چۈشىنىش كېرەك. بۇ ھەقتە تىلشۇناس ياكوبسون: «قاپىيە يالغۇز تاۋۇش جەھەتتىكى ئوخشاشلىقلا ئەمەس، بەلكى، قاپىيەداش سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم ھېسسىي ئامىللارنىڭ يېقىنلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[3] دەيدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن ئايان بولىدۇكى، قاپىيە شېئىردا بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك مۇھىم قۇرۇلما ئامىلى ھەم شېئىردا ئاھاڭدارلىق، مۇزىكىدارلىق ھاسىل قىلىدىغان، رىتىم پەيدا قىلىدىغان مۇھىم ئامىل.

تۈيۈقنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭدا ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنىڭ قاپىيە قىلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت. بۇ تەييار قاپىيە خۇرۇچلىرى بولغان ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىي ئامىللارنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىق شەكىللەندۈرۈشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنتايىن مۇھىم مەجازىي ۋاستە سۈپىتىدە رول

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئوينايدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكىمۇ قاپىيەنىڭ تۇيۇقتا تېخىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تۇيۇقتا ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنىڭ قاپىيە قىلىنىشى ئەڭ ئەقەللىي بىر تەلەپ. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، تۇيۇق قاپىيە ئىلمى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان شېئىرىي شەكىل بولۇپ، قاپىيەسىز تۇيۇق بولمايدۇ. تۇيۇق - مىسرالىرى ئاساسەن AAAA، A B AA، B AB A ياكى AA شەكىللەردە تۈزۈلىدىغان، ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەردىن قاپىيەلىنىپ كېلىدىغان ھەمدە ئۇلار مۇھىم مەجازىي ۋاستە سۈپىتىدە رول ئوينايدىغان، ھەر خىل مەزمۇندا يېزىلىدىغان سۆز ئويۇنى شەكلىدىكى، تولۇق ئاياغلاشقان ئوي - پىكىرگە ئىگە تۆت مىسرالىق شېئىرىي شەكىلدىن ئىبارەت بولۇپ، بىر خىل ئاھاڭدىكى ياكى يېزىلىش شەكلى ئوخشاش بولغان سۆزلەرنى قاپىيە قىلىشتىن تۈزۈلىدۇ (بەزى تۇيۇقلاردا ئاھاڭداش ۋە شەكىلداش سۆزلەر ئارىلاشمۇ كېلىدۇ). مەسىلەن:

چۆلدە قالسامۇ نە ھاجەت ئات ماڭا،
سىڭدى «مەجنۇن» دەپ چىرايلىق ئات ماڭا.
قېنى سەن لەيلى، مېنى ئۆلمە دېسەڭ،
ئوق قىلىپ كىرپىكلىرىڭنى ئات ماڭا.

(تېيىپجان ئېلىيېف «ناللانغان شېئىرلار»دىن)

بۇ تۇيۇقنىڭ 1 - مىسراسىدىكى «ئات» ـ «مىنىدىغان ئات، ھايۋان» مەنىسىدە؛ 2 ـ مىسراسىدىكى «ئات» ـ «لەقەم، نام، ئىسىم» مەنىسىدە؛ 4 ـ مىسراسىدىكى «ئات» ـ «ئاتماق، ئېتىشقا بۇيرۇش» مەنىسىدە كەلگەن. تۇيۇق ، ئاساسەن رۇبائىيدەك تۆت مىسرالىق بولۇشىنى ھەم پىكىرنىڭ چوڭقۇر بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە ئىككى مىسرادىن تۈزۈلگەن شەكلىمۇ بار. ئۇنىڭ قاپىيەلىنىشىAA شەكلىدە بولىدۇ. مەسىلەن:

ھەممىگە ئوخشاش بول، قىلمىغىن سەن يۈز،
شۇ چاغدا قويارمەن ساڭا نومۇر يۈز.

ـ ئەركىن ئەبەيدۇللا

مەھمۇت زەيدى، سەمەت دوگايلى تۈزگەن «ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»دە: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا تەجنىسنىڭ يەتتە تۈرى مەۋجۇت. ئۇلار ئۆز خاراكتېرىگە مۇۋاپىق ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى، تەجنىسى توم (مۇتلەق تەجنىس). تەجنىسنىڭ بۇ تۈرىدە سۆزلەر تولاراق شەكىلداش بولىدۇ:

ئاندا ھەر بىيىت نەچچە مەنا ئىلە
بىيىت ئەمەسكىم غېرىبخانەدۇر.

ـ نەۋايى

بۇ مىسالدىكى«بىيىت» سۆزى ئىككى مەنىدە ـ غەزەل بەندى ۋە ئۆي مەنىلىرىنى ئاڭلىتىدۇ.

ئىككىنچى، تەجنىسى ناقىس (نۇقسانلىق تەجنىس). تەجنىسنىڭ بۇ خىلىدا شەكىلداش سۆزلەر ئىملادا ئايرىپ تۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

يوللۇقۇم بولسۇن ساڭا،
قوينۇڭغا سالغىن ئالمىنى.
ھەر سېغىنغاندا پۇراپ،
يادىڭغا يارىم ئال، مېنى.

ــ تېيىپجان ئېلىيېف

پېشقەدەم تىلشۇناس ئابدۇسالام ئاباس «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر لۇغىتى»دە «تۇيۇق» سۆزىگە ئىزاھات بېرىپ: «تۇيۇق I ئىسىم. شېئىرنىڭ بىر تۈرى. مۇختەمىلات، تەجنىس» دەيدۇ. ئاپتورمۇ مۇشۇ پىكىرلەرنى ياقلايدۇ.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھازىر بەزىلەر بۇ خىل تۇيۇقلارنىڭ تۆت مىسرادىن تەشكىل تاپقانلىرىنى «تۇيۇق»، ئىككى مىسرادىن تەشكىل تاپقانلىرىنى «تەجنىس» دەپ ئىستېمال قىلىۋاتىدۇ. بۇ، خۇددى تىلىمىزدا ئەزەلدىن بار بولغان «چېچەك»كە مەنىداش بولغان «گۈل» پارس تىلىدىن تىلىمىزغا كىرىپ ئۆزلەشكەندىن كېيىن، ھويلا ـ ئارامغا تېرىپ، ئۆستۈرگەنلىرىنى«گۈل» دەپ، تىلىمىزدا ئەسلىي بار بولغان «چېچەك»نى، يەنى مېۋىلىك

دەرەخلەرنىڭ «گۇل»نى «چېچەك» دەپ ئىستېمال قىلغىنىمىزغا ئوخشاش بىر ئىش.

بۇ خىل شېئىرىي شەكىل تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەردە ۋە ئەرەبلەردە بار، باشقا تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەردە ئاساسەن يوق.

## 6. تۇيۇقنىڭ تارىخى، ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنىڭ تۇيۇقتا ئوينايدىغان رولى ۋە سۆز ئويۇنى

تۇيۇق ـ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنىڭ مۇھىم مەنبە، مۇھىم مەجازىي ۋاستە بولۇپ رول ئويننىشى نەتىجىسىدە يېزىلىدىغان شېئىرىي شەكىل بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى پەيدا بولۇش بىلەن تەڭ مەيدانغا كەلگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ، تا بۈگۈنگە قەدەر شائىرلار، سۆز سەنئەتكارلىرى قۇربىنىڭ يېتىشىچە، ئىقتىدارى يار بەرگەن دائىرىدە ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەردىن پايدىلىنىپ، تۇيۇق شەكلىدىكى شېئىرلارنى يېزىپ كەلگەن ۋە كېلىۋاتىدۇ.

ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەر ـ تىلىمىزدىكى چەكلىك فونېمىلار ئارقىلىق چەكسىز شەيئىي ۋە ھادىسىلەرنى ئىپادىلەشتە مەۋجۇت بولىدىغان، فونېما ئاز بولۇشتەك يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاشتا ئىنتايىن زور رول ئوينايدىغان، كۆپ خىل مەنە ئىپادىلەيدىغان مۇھىم بىر ئامىل بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، تۇيۇقنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتەك ئەجايىپ رولىنى ساقلاپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە. بۇ خىل سۆز سەنئىتى بۇنىڭدىن ئون ئەسىر ئاۋۋال يېزىلغان بۈيۈك قامۇس «قۇتادغۇبىلىك»تىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن:

4558: ئاۋۇنقا يادىلماق تىلەسە ئاتىڭ،
ئۇمەگ ئەدگۈ تۇتغىل يوگۇردى ئاتىڭ.

يەشمىسى:

جاھانغا يېيىلسۇن دېسەڭ سەن ئېتىڭ،
مۇساپىرنى كۈتكىن، تارار شۆھرىتىڭ.

بۇ شېئىرنىڭ بىرىنچى مىسراسىدا كەلگەن «ئات» سۆزى ـ «لەقەم، نام، ئىسىم» مەنىسىدە؛ ئىككىنچى مىسراسىدا كەلگەن «ئات» ـ «مىنىدىغان ئات، ھايۋان»، مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، بۇ ئىككى سۆز ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەردۇر. داستاندا بۇ خىلدىكى تۇيۇق شەكلىدە كەلگەن شېئىرىي مىسرالار خېلى كۆپ بولۇپ، تۇيۇقنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىختا ۋە پارلاق ئەنئەنىگە ئىگە شەكىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، نەۋايى قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ دىۋانلىرىدا تۇيۇقنىڭ خىلمۇ خىل شەكىللىرىنى ئۇچرىتىمىز.

شېئىرىيەت سەنئىتى ـ قاپىيە ئىلمىگە چەمبەرچاس باغلانغان ئالاھىدە سەنئەت بولۇپ، ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنى قاپىيە قىلىشتىن تۈزۈلىدىغان، تۇيۇقتا بۇ خىل سۆزلەر قاپىيە ئېھتىياجىغا يېقى بىر شېئىرىي تۈس بېرىدىغان سۆز ئويۇنى بولۇپ، بۇنىڭدا مەلۇم سۆزدىكى ھەرپلەرنى باش ـ ئاخىرىغا يۆتكەپ ـ يەڭگۈشلەش ياكى مەلۇم سۆزدىن بىرەر فونېمىنى ئېلىۋېتىكەندە بىر خىل، قوشقاندا يەنە بىر خىل مەنە بىلدۈرىدىغان تېپىشماق خاراكتېرىدىكى شېئىرىيەت سەنئىتى نامايان بولىدۇ. بۇنداق شېئىرىيەت سەنئىتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ، يازما ئەدەبىياتتىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ئايىنى ئايغا تارتىمەن،
تۇگمەندە ئۇن تارتىمەن.
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
دەردىڭىزنى تارتىمەن.
ـ ئۇيغۇر خەلق قوشىقى

لەئلىدىن جانىمغا ئوتلار ياقىلۇر،
قاشى قەددىمنى جەپادىن يا قىلۇر.
مەن ۋاپاسى ۋادىسىدىن شادمەن،
ئول ۋاپا بىلمەمكى، قىلماس يا قىلۇر.
ـ نەۋايى

بۇ تۇيۇقتىكى ئۈچ خىل «ياقىلۇر»نىڭ ئۈچ خىل مەنىسى بار. بىرىنچىسى ـ ئوت يېقىلىدۇ؛ ئىككىنچىسى ـ يادەك ئېگىلدۈرۈلىدۇ، يەنى پاچاقلايدۇ؛ ئۈچىنچىسى ـ قىلمايدۇ، يا قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



«بۇرۇن» ھەققىدە يېزىلغان تۆۋەندىكى نەزمىنى بەزىلەر: «خەلق قوشىقى» دېسە، بەزىلەر «ئۆزبېك ساتىرىك شائىرى مۇقىمىنىڭ» دەپ قارىشىدۇ:

بىر بۇرۇن كۆردۈم بۇرۇن ھەممە بۇرۇنلاردىن بۇرۇن،
شەپىسى كەلدى بۇرۇننىڭ ئۆزى كەلمەستىن، بۇرۇن.
كىردى ئۆيگە ئۇ بۇرۇن ھەم ئۆزى كىرمەستىن، بۇرۇن،
ئاشنى ئىچتى ئۇ بۇرۇن ھېچ قوشۇق ئالماستىن، بۇرۇن.

ئايرىم ــ ئايرىم مەنىلەرگە ئىگە ئاھاڭداش سۆزلەردىن تۈزۈلگەن بۇ نەزمىدىكى «بۇرۇن» سۆزلىرى بايان تەرەپتىكى مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن گاھىدا «ئىلگىرى»، «قەدىمدە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە، گاھىدا ئادەمنىڭ بۇرنىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

بۇ مۇقىمىنىڭ شېئىرى بولۇپ، شېئىرنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇنداق ئىكەن:

شائىرنىڭ دائىم بۇرنىنى تارتىشقا ئادەتلەنگەن بىر تونۇشى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئۆيىدە راسا ئىلھامى بىلەن شېئىر يېزىۋاتقىنىدا، ھېلىقى تونۇشى ئۇنى يوقلاپ كەپتۇ ـ دە، شائىرنىڭ ئىلھامىغا دەخلى قىلماسلىق ئۈچۈن، ئاستاغىنا بىر چەتتە ئولتۇرۇپتۇ. لېكىن، ئادىتى بويىچە پات ــ پات بۇرنىنى تارتىپ قويۇپتۇ. ئەمەلىيەتتە، شائىر بۇ تونۇشىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۆيگە كىرىشتىن ئىلگىرىلا بۇرنىنى تارتىشىدىن تۇيغانىكەن. ئەمما، يېزىۋاتقىنىنى تېزراق پۈتكۈزۈۋېتىش مەقسىتىدە جىددىي تۇتۇش قىلغان بولسىمۇ، ھېلىقى تونۇشىنىڭ ھە دەپ بۇرنىنى تارتىۋېرىشىدىن ئىلھامى بۇزۇلۇپ، يېزىۋاتقىنىنى داۋاملاشتۇرالماي، ئاچچىقىدا «بۇرۇن» ھەققىدىكى بۇ نەزمىنى يازغانىكەن.

نېمىلا بولمىسۇن، بۇ شېئىردا شائىر تىل سەنئىتىدىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ شائىرغا خاس ماھىرلىق بىلەن سۆز ئويۇنى شەكىللەندۈرۈپ، بىر ئادەمنى قاتتىق ھەجۋىي قامچىسى ئاستىغا ئالىدۇ.

ئاپتورى نامەلۇم بولغان تۆۋەندىكى بېيىتقا نەزەر ئاغدۇرايلى:

نەپسىگەر سۈرەتكە كەلسە، سۈرىتى ئاخۇن كېلۇر،
بىر ئېلىپنى تارتىۋەتسە، ئارقىسىدىن خۇن كېلۇر.

ــ مۇھەممەتتوختى ئەھمەد خاتىرىسىدىن

بۇ يەردىكى «ئېلىپ» (ئەلىف) ئەرەب ۋە چاغاتاي يېزىقىدىكى «ا» (ئا) بولۇپ، «ئاخۇن» (اخون) دېگەن سۆزدىكى «ا» چۈشۈپ قالسا، بۇ سۆز «خۇن»غا ئۆزگىرىپ قالىدۇ. چالا ساۋاتلارنى قامچىلاش مەنىسىگىمۇ ماڭىدىغان بۇ شېئىر مەنە جەھەتتىن قوپالدەك بىلىنسىمۇ، ئىلمىي نۇقتىدىن ئۇنداق ئەمەس.

بۇ مىسرالارنى مۇنداقلا بىر ئوقۇش بىلەن شائىرنىڭ زادى نېمە دېمەكچى بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر ئوي - پىكىرگە كېلىش ناھايىتى تەس. بۇ خىلدىكى سۆز ئويۇنلىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھېسسىيلىق بىلەن ئەقلىيلىقنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا شېئىرىي كەيپىياتقا كىرىشنى تەلەپ قىلىدىغان سۆز ئويۇنى بولۇپ، ئەقلىي ئىشلىتىش جەريانىدا، ھەقىقىي مەنىدىكى شېئىرىي بوشلۇق ھاسىل قىلىنغانلىقنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئەگەر، بىز تۇيۇقلارنى ۋاقىتغا يەتكۈزۈپ يازالىساق، تۇيۇقنىڭ ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن مەزمۇن تېرەنلىكىدىن باشقا، ھەربىر سۆز، بوغۇملىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن ئاجايىپ گۈزەل بىر رىتىم ئۇنى ئوقۇغان كىشىنى ھەيران قالدۇرالايدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھىتى، لاتاپىتى ۋە يېتەلەيدىغان بالاغىتى ئۈستىدە بىزدىكى ئىمكانسىز ئۇھسىنىشلارنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ.

بالاغەت ــ تەلەپكە يېتىش دېگەن سۆز بولۇپ، شېئىرىيەتتە سۆزنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە پىرىسلاپ ئىشلەش، ئىخچاملاش ئارقىلىق، مەنە دائىرىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ۋە يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزۈپ، يۈرەكنى تىترىتكۈدەك ، يەنى ئادەم تەسىرلەنگۈدەك، ئىبرەت ئالغۇدەك ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ، ئوبرازلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش ماھارىتىدۇر. مەسىلەن:

ملك تەشەككۇر، مەي قۇيۇپ سۇنغان ئەزىز ساقى ساڭا،
ئېشقىدىن مەندەك شېخى سۇنغان ئەزىز ساقى ساڭا.
روھىيەتتە قىلمىدى لوقمانمۇ ساقىچە پىكىر...
تۆرپە جام - ئەسلىي يۈرەك سۇنغان ئەزىز ساقى ساڭا.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «رۇبائىيات»تىن

بۇ تۇيۇقنىڭ 1 ـ مىسراسىدىكى «سۇنغان» ـ «ئۇزاتقان، سۇنۇپ بەرگەن» دېگەن مەنىدە؛ 2 ـ مىسراسىدىكى «سۇنغان» ـ «ئوشتۇلغان، پاچاقلانغان» دېگەن مەنىدە؛ 4 ـ مىسراسىدىكى «سۇنغان» ـ «يەنە ئۇزاتقان، سۇنۇپ بەرگەن» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

بۇ تۇيۇقتىكى ئاساسىي ماھارەت 2 ـ ۋە 4 ـ مىسرالاردا بولۇپ، شائىر بۇ يەردە ئۆزىنى شېخى سۇنغان ـ پەرسۇدە بولغان گۈل ـ گىياھلارغا يوشۇرۇن ئوخشىتىپ، ئارقىدىنلا ئاھاڭداش سۆزنىڭ ياردىمى بىلەن مىسرا مەزمۇنىدىكى سەكرەتمىلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. يەنى «يۈرىكى سۇنغان» ساقىغا ئېھتىرام بىلدۈرگەن.

ئەنگلىيەلىك رومانتىك شائىر پېرسى شېللىي: «ئوخشىتىش ـ شېئىر تىلىنىڭ ئۇلى...» دېسە، يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتېل: «يوشۇرۇن ئوخشىتىشقا ماھىر بولۇش ـ تالانتنىڭ بەلگىسىدۇر. چۈنكى، ياخشى بىر ئوخشىتىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئوخشىمىغان شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنى بايقاش كېرەك» دەيدۇ.

تۇيۇقلارنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى ـ ئوخشىتىش قاتارلىق تۈرلۈك مەجازىي ۋاستىلەر ۋە ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنىڭ ئۇستىلىق بىلەن ئوبرازلىق ئىشلىتىلىشى بولۇپ، شائىرنىڭ بەدىئىي ئىستېداتىنىڭ يېتۈك خىسلەتلىرى كۆپ نامايان بولۇشى كېرەك. مەسىلەن:

ئانا سۈتى بەك ئۇلۇغ، قان جەۋھىرى، ئاق، بالام،
كۆيۈپ ھامان ئوتىدا، سۈلىرىدا ئاق، بالام.
كۆز يۇمسا كىم ئانىنىڭ ھالال تەرى ـ ئەجرىگە،
ئەما بولۇر كۆزىگە چۈشۈپ بىر كۆن ئاق، بالام.

(ئابدۇرېھىم زۇنۇن: «بۇلاققا سىرداش خىياللار»دىن)

بۇ تۇيۇقنىڭ 1 ـ مىسراسىدىكى «ئاق» سۈپەت: ئاق رەڭ مەنىسىدە؛ 2 ـ مىسراسىدىكى «ئاق» پېئىل: ئېقىش، ئاقماق مەنىسىدە؛ 4 ـ مىسراسىدىكى «ئاق» ئىسىم: كېسەل مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، بۇ تۇيۇقتا ئاھاڭداش سۆزلەردىن، شۇنىڭدەك «ئوتىدا كۆيۈش، سۈيىدە ئېقىش»تىن ئىبارەت خەلق تىلىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى شۇنچىلىك چىرايلىق ياپسالاشتۇرۇپ، ئانىنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت دىداكتىكا ئوتتۇرىغا قويۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇزۇن يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىسپاتلانغان ئەنئەنىۋى قاراش ـ كىمكى «ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەجرىگە كۆز يۇمۇپ، ئۇلارنى قاقشاتسا، ئۆزىمۇ بالىلىرى تەرىپىدىن قاقشىتىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت» ئىبرەتلىك ھەقىقەت يورۇتۇپ بېرىلگەن.

مەلۇمكى، تۇيۇقتا مەلۇم بىر پىكىر تۆت مىسراغا ياكى ئىككى مىسراغا سىغدۇرۇلىدىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە قاپىيەلىرى ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەردىن تەركىب تاپىدىغان، يەنى شائىرنى تەرەپ ـ تەرەپتىن قاتتىق ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشى قانداق ئىستىلىستىكىلىق ئۇنۇمگە ئېرىشىشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

شائىر تۇيۇقتا ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇشنىڭ ھەقىقىي ئۇلگىسىنى يارىتىمەن، ئوقۇرمەنلەرگە كەڭ تەسەۋۋۇر بوشلۇقى قالدۇرىمەن، شېئىرىي كەڭلىك يارىتىشتا ئۇلگە ـ ئۆرنەك، يەنى نەمۇنە بولغۇدەك كۆرۈنەرلىك ئۇتۇق قازىنىمەن دەيدىكەن، ئالدى بىلەن ھەر جەھەتتىن يېتىلگەن، پىشقان تىل ئۇستىسىغا، مۇمكىن بولسا يېتىلگەن تىلشۇناسقا ئايلىنىشى كېرەك.

## 7. مەجازىي ۋاستىلەرنىڭ تۇيۇقتىكى رولى

تۇيۇقمۇ باشقا شېئىرىي شەكىللەرگە ئوخشاش، بولۇپمۇ رۇبائىيغا ئوخشاش تىلنىڭ ئۆتكۈر، مەجازىي ۋاستىلەرگە تويۇنغان ـ باي بولۇشىنى، ئىپادىلەش ئىقتىدارى، سۆز ئىشلىتىش ماھارىتى ۋە چىن ھېسسىياتنىڭ ئۇرغۇپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنىڭ رولىدىن ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن مەجازىي ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، تۇيۇقنىڭ تەلەپ ۋە ئۆلچەملىرىنى قانائەتلەندۈرۈشنى زۆرۈر شەرت قىلىدۇ. بۇ خىل بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ شېئىرىي تىلنىڭ مۇزىكىدارلىقىنى ئاشۇرۇش، سۆز ئويۇنى شەكىللەندۈرۈش ۋە شېئىرىي بوشلۇق ھاسىل قىلىش، شۇنداقلا، شائىرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سۆز ئىشلىتىش ئۇسلۇبىنى نامايان قىلىشتىمۇ ئوينايدىغان رولى ناھايىتى چوڭ. تۆۋەندە بۇ نۇقتىنى بىر قانچە جەھەتتىن ئىزاھلاپ ئۆتىمەن:

1) شېئىرىي تىلنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى ئاشۇرىدۇ

ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنىڭ تاۋۇش تەركىبىنىڭ ئوخشاشلىقى تەبىئىي ھالدا شائىرنى مول قاپىيە ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، ئۇ شېئىرىي تىلنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى ئاشۇرۇشتەك ئىستىلىستىكىلىق روللارنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

چىلىش پۆكلە دۈشمەننى ئۆرتە ئوتقا ياق!
يېتىش غالىبىيەتكە، سائادەتكە كۆكرەك ياق!
كەسكىن مىنۇت يېتىپ جانغا كەلسە ئىمتىھان،
دېمە ھەرگىز قۇربان بېرەيمۇ يا ـ ياق؟!

ـ لۇتپۇللا مۇتەللىپ

بۇ مىسرالاردىكى ئاھاڭدارلىق ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەردىن ھازىرلانغان تەييار قاپىيە خۇرۇچلىرى بىلەن كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، مۇئەللىپنىڭ شېئىرىي ئىستېداتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

2) سۆز ئويۇنى شەكىللەندۈرىدۇ

ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەر قاپىيە ئېھتىياجىغا يېڭى بىر شېئىرىي تۈس، يېڭى بىر بەدىئىي ئوبراز ئاتا قىلىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان تۈس ۋە بەدىئىي ئوبراز سۆز ئويۇنىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

بۈيۈك قامۇس «قۇتادغۇبىلىك»تە مۇنداق بىر بېيىت ئۇچرايدۇ:

بۇ يالڭۇق ئاتى بولدى ياڭلۇق ئۈچۈن،
بۇ ياڭلۇق ئۆرۈلدى بۇ يالڭۇق ئۈچۈن.

(ئىنساننىڭ ئىسمى يېڭىلانغانلىقى ئۈچۈن «يالڭۇق» بولغان، يېڭىلىش ئىنسان ئۈچۈن بېرىلگەن).

بۇ بېيىتنىڭ 1 ـ مىسرادىكى «يالڭۇق» ـ «ئىنسان»، 2 ـ مىسرادىكى «يالڭۇق» ـ «خاتالىق ئۆتكۈزۈش» مەنىلىرىنى بېرىدۇ. شائىر شەكلى ئوخشاش ئىككى سۆزدىن پايدىلىنىپ، سۆز ئويۇنى شەكىللەندۈرگەن. «قۇتادغۇبىلىك»تە بۇنداق سۆز ئويۇنى شەكلىدە تۈزۈلگەن بېيىت كۆپ ئۇچرايدۇ.

ـ كۆلگىنىڭ «ماقۇل»مىدى يا «ياق»مىدى،
ئۇ يىگىتنىڭ ساڭا نەرى ياقمىدى؟
ـ ئەيىبى شۇ: ماڭا تەڭلەشتىن بۇرۇن،
باغرىنى ئەل باغرىغا بىر ياقمىدى.

ـ تېيىپجان ئېلىيېۋ: «تاللانغان شېئىرلار»دىن

بۇ تۆيۈقتا شائىر دىيالوگ ئۇسۇلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، شېئىرىي پىكىرگە كەڭ ۋە ئازادە يول ئېچىپ، ئارقىدىنلا «ماقۇل» بىلەن «ياق»تىن ئىبارەت ئىككى سۆزنى قارىمۇقارشى قويۇپ سۆز ئويۇنى قىلىش ئارقىلىق « ئەل سۆيمىگەننى ئەر سۆيمەس» دېگەن يەكۈننى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بۇنداق سۆز ئويۇنى شەكلىدىكى تۆيۈقلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

3) شېئىرىي بوشلۇق ھاسىل قىلىدۇ

شائىر تۆيۈقتا ئېيتىلىش ئاھاڭى، يېزىلىش شەكلى ئوخشاش ياكى ئېيتىلىش ئاھاڭى پەرقلىق، يېزىلىش شەكلى ئوخشاش، ئەمما مەنە جەھەتتە ئوخشىمايدىغان ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەردىن پايدىلىنىپ، تۆيۈقتا نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ تېپىشىغا ھاۋالە قىلىش ئارقىلىق، ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان ئوي ـ پىكىرگە قارىتا ئوقۇرمەنلەردە چوڭقۇر چۈشەنچە، تەسىرات قوزغاش مەقسىتىگە يېتىدۇ. دېمەك، تۆيۈق شېئىرنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇشتەك ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

يۈگمەچنى دېسە «رەيھان» زەپ ياراشقان ئات، دېمە،
ماختىنىپ لاگقا ئېشەك «مەن ئات» دېسە، «سەن ئات» دېمە.
پىتنە ئوقياسىنى كۆڭلۈڭ ئۆزگىلەرگە تەگلىسە،

سۇندۇرۇپ تاشلا ئۇچاققا «قىنى چەنلەپ ئات» دېمە.
(غەنىزات غەييۇرانى: «تارىم بويىدا»دىن)

ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەر تۇيۇقتىكى سېھرىي گۈزەللىكنى تەشكىل قىلغۇچى بىر بېزەك، بىر مەجازىي ۋاستە بولۇپ، شېئىرىي گۈزەللىك بىلەن پەلسەپىۋىلىكنىڭ يارقىن مېۋىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنىڭ تۇيۇقنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ئاشۇرۇشتا ئوينايدىغان رولى يۇقىرىقى نۇقتىلار بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى شائىرنىڭ بۇ سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئۇسلۇبىدىمۇ نامايان قىلىنىدۇ. ئاساسلىق ئىشلىتىش ئۇسلۇبى تۆۋەندىكىچە:

1) 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ مىسرالىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاخىرىدىكى قاپىيە ئوخشاش - بىر خىل ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەردىن، يەنى AAAA شەكىلدە كەلگەن تۇيۇق. مەسىلەن:

بەزىلەر سۆزلەيدۇ يالغان - ياۋىداق، ئويدۇرما ساپ،
بىل، بولالماس ئەگرى شاخ مىڭ يىلدىمۇ كەتمەنگە ساپ.
مەن كېرەك بولسام، مۇبادا، يىپ قىلىپ يىڭنەڭگە ساپ،
رازىمەن، بولساڭ ئەگەردە توغرا سۆزلۈك، كۆڭلى ساپ.

(ئابدۇرېھىم زۇنۇن: «تارىم» ژۇرنىلى 2008 ـ يىللىق 2 ـ سان)

2) 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ مىسرالىرىنىڭ ئاخىرىدىكى قاپىيە ئوخشاش بىر خىل ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەردىن، يەنى AB AA شەكىلدە كەلگەن تۇيۇق. مەسىلەن:

يوق قىيان كەلگەندە ئۆرۈلمەيدىغان تىك يار، بالام،
سەن گوياكى سەل بولۇپ، ئۆتكەل-توساقنى يار، بالام.
بولسا يار خالىس نىيەت، مەردانىلىق خىسلەت ساڭا،
باغرىنى ئاچقاي قەلەمقاش، ئاھۇ كۆزلۈك يار، بالام.

(ئابدۇسالام ئابباس تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر لۇغىتى»دىن، مەمتىمىن زۇنۇن شېئىرى)

3) 1 ـ، 2 ـ مىسرالىرىنىڭ ئاخىرىدىكى قاپىيە ئوخشاش - بىر خىل، 3 ـ، 4 ـ مىسرالىرىنىڭ ئاخىرىدىكى قاپىيە يەنە بىر خىل ئوخشاش ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەردىن پۈتكەن شەكىل بولۇپ، ئۇ ئادەتتە «قوش تەجنىس» دېيىمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ، BB AA قاپىيە شەكىلدە تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

مۇھەببەت تويىغا سەۋزە تېنىمنى سەن قەلەم قىلدىڭ،
ساداقەت شەجرىگە قاش، كىرپىكىمنى ھەم قەلەم قىلدىڭ.
لىۋىڭدە مەست قىلىپ، جەڭگە ئېتەكىڭنى ئەلەم قىلدىڭ،
قىلىپ بەند ئىشقى زىندانىڭ ئارا ئاخىر ئەلەم قىلدىڭ.

(ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «رۇبائىيات»تىن)

4) 1 ـ، 3 ـ مىسرالىرى ئاق قالدۇرۇلۇپ، 2 ـ، 4 ـ مىسرالىرىنىڭ ئاخىرىدىكى قاپىيە ئوخشاش - بىر خىل ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەردىن، يەنى ـ A ـ A شەكىلدە تۈزۈلگەن تۇيۇق. مەسىلەن:

ئەسلا سازلانماس دۇتارىڭ نەغمىگە،
كەلمىسە ماس «بوم» بىلەن «زىل» ئىككى تار.
شۇ نەقىلدىن بىر ئەقىل تاپ، ماڭ ئۇدۇل،
ئەكسىچە ماڭغان يولۇڭنىڭ ئالدى تار.

(روزى سايىت: «رۇبائىيلار ۋە تۇيۇقلار»دىن)

بۇ خىل «چالا» تۇيۇقلار يېقىنقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

5) 1 ـ، 2 ـ مىسرالىرىنىڭ ئاخىرىدىكى قاپىيە ئوخشاش - بىر خىل ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەردىن پۈتكەن شەكىل بولۇپ، ئۇ ماھىيەتتە كىلاسسىكلار ئېيتىپ ئۆتكەن تەجنىستىن ئىبارەت. شائىر ئىككى مىسرالىق تۇيۇق - تەجنىس يازماقچى بولۇپ قولىغا قەلەم ئالغاندا، ئويلىغان شېئىرىي پىكرىنى ئىككى مىسراغا سىغدۇرالماي قالىدۇ-دە، پىكرىگە ئەگىشىپ داۋاملاشتۇرىدۇ. تولۇق (توم تۇيۇق) تۇيۇق قىلىشقا 4 ـ مىسرا ئۈچۈن ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاپالماي، ئاخىرقى مىسرالارغا باشقا سۆزلەرنى قاپىيە قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر خىل تۇيۇق - «نۇقسانلىق تۇيۇق» مەيدانغا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئاڭلىغانىشىم بۇ گۈزەلنىڭ تۆت تەرەپتىن داڭقىنى،
شەنگە ياققانىدىم ھەر كۈندە ئىسرىق داڭقىنى.
ئول پەرى ئويناپ ئۆتۈپ، يا چاچمىدى باشىمغا زەر،
ياكى گۈلزار لەۋلىرىدىن يەشمىدى دىل چاڭقىنى.

(ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «رۇبائىيات»تىن)

كىشىلەر ئاتاپ ئادەتلەنگەن سۆز بويىچە 1 ـ، 2ـ مىسراسى مۇكەممەل تەجنىس ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل تۇيۇقلار كىلاسسىك شېئىرىيەتتىمۇ، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدىمۇ ئانچە- مۇنچە ئۇچراپ قالىدۇ.

6) 1ـ، 4ـ مىسرالىرىنىڭ ئاخىرىدىكى قاپىيە ئوخشاش -بىر خىل ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەردىن پۈتكەن شەكىل بولۇپ، ئۇنىڭ 2ـ مىسراسى ياكى 2ـ، 3ـ مىسراسى 1ـ، 4ـ مىسرادىن ئىبارەت شەكىلداش قاپىيەگە قاپىيەداش بولۇپ كېلىدۇ. بۇمۇ ماھىيەتتە يەنە بىر خىل «نۇقسانلىق تۇيۇق» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۆزگىنى ياراتماس ئۆزىدىن باشقا،
تەڭ كۆرمەس ياقۇتنى ئۆزىدىكى تاشقا.
ۋە بەلكىم سالغاندۇر رەبىم ئەخمەقلىق،
دەردنى ئەڭ ئەخمەق رەشكچى باشقا.

(تېيىپجان ئېلىيېۋ تۈزگەن: «يېڭى رۇبائىيلار»دىن، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن شېئىرى)

7) قوش قاپىيەلىك تۇيۇق. بۇمۇ تۇيۇقلارنىڭ بىر خىل تۈرى بولۇپ، ئادەتتە ئاھاڭداش ياكى شەكىلداش سۆزلەر ۋە ياكى ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەر ئارىلاش قاپىيە بولۇپ كەلگەن تۇيۇقلارنىڭ ئاخىرىدا يەنە قاپىيە ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتى بولمىسىمۇ، لېكىن، شېئىرىيەتتىكى تۈرلۈك تەلەپ ۋە ئېھتىياجلار تۈپەيلىدىن يەنە بىر قەۋەت قاپىيە ئىشلىتىش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قوش قاپىيەلىك تۇيۇق مەيدانغا كېلىدۇ.

كۆكسىنى چەنلە رەقىبنىڭ، ئات قېنى!
مەيلى ئىچ، جەڭدە ھالالدۇر ئات قېنى.
يارمىساڭ مۇشكۈل توساقلار باغرىنى،
ساڭا شۇ «پالۋان» دېگەن نام - ئات قېنى؟!

(ئا. زۇنۇن: «جۇڭگو مىللەتلىرى» 2001 - يىللىق 6-سان)

مەزكۇر تۇيۇقنىڭ 1 ـ مىسراسىدىكى «ئات» - «ئاتماق، تەپكىنى باسماق، ئېتىش»، ؛ 2ـ مىسراسىدىكى «ئات» ـ «مىنىدىغان ئات، ھايۋان»، «قېنى» - «قان»؛ 4ـ مىسراسىدىكى «ئات» - «نام، ئىسىم»، «قېنى» (1ـ مىسرادىكى مەنە بىلەن ئوخشاش) قاتارلىق مەنىلەردە كېلىپ، شەكىلداش قوش قاپىيە ھاسىل قىلغان.

8) كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ مەلۇم بىر مەنىسىنىڭ بۆلۈنۈشىدىن كېلىپ چىققان سۆزلەرنى قاپىيە قىلىش نەتىجىسىدە يېزىلىدىغان شېئىرلار، يەنى ئىلھام(مەنىسى : شېئىر سەنئىتىدە ئىككى مەنىلىك سۆز ئىشلىتىش سەنئىتى، يەنى ئىككى بىسلىق، كۆپ مەنىلىك سۆزلەردىن پايدىلىنىش) بولۇپ، بۇ ئاتالغۇ ھازىر ئومۇمەن ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەمما، بۇ خىل سۆزلەر بىلەن يېزىلغان شېئىرلار ئۇچراپ قالىدۇ. ئەگەر قاملاشتۇرۇپ يازالىسا، بۇمۇ تۇيۇققا تەۋە بولىدۇ. مەسىلەن:

قىيا باقىپ ۋۇجۇد دۇتارىنىڭ دىلتارىنى چەكتىڭ،
تەبەسسۇم بىرلە شاد ئەيلەپ، كۆڭۈل رەپتارىنى چەكتىڭ.
چۈشۈمدە ئۇشبۇ مەگزىمگە لىۋىڭ ئانارىنى چەكتىڭ،
قىلىپ جادۇ دىماغىمغا خوتەن ئىپارىنى چەكتىڭ.

(ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «رۇبائىيات»تىن)

بۇ تۇيۇقنىڭ 1 ـ مىسراسىدىكى «چەكتىڭ» - «چالدىڭ»؛ 2ـ مىسراسىدىكى «چەكتىڭ» ـ ئىشىك چېكىشتىكى «چەكتىڭ»؛ 3ـ مىسراسىدىكى «چەكتىڭ» - «تامغا سالدىڭ»؛ 4ـ مىسراسىدىكى «چەكتىڭ» - «چاچتىڭ» دېگەندەك

مەنىلەردە كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆزلەر بىر سۆزنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشلىق كۆپ خىل مەنە ئۆزگىرىشلىرىدىن كەلگەن.

9) تولۇق نۇقسانلىق «تۇيۇق» ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەردىن قاپىيەلىشىپ كېلىۋاتقان مەلۇم بىر مىسراسى ئىككى سۆزنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە، قالغان مىسرالارغا قاپىيىداش بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مېنى يانجىپ قىلسا كۆل دەرد تۆگمىنى،
تاشلىما يار، ياغلىقىڭغا تۆگ مېنى.
بۇ تۆگۈن كېپەنگە ئوخشاپ قالمىسۇن،
ئىزمە ئاچقىن ھەم قاداپ قوي تۆگمىنى.

(تېيىپجان ئېلىيېۋ: «تاللانغان شېئىرلار»دىن)

بۇ خىلدىكى شېئىرلار ھازىرقى ۋە بۇگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە «تۇيۇق» نامىدا بىر قەدەر كۆپ يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ تۇيۇق ئەمەس. چۈنكى، تۇيۇق بولۇش ئۈچۈن يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، قاپىيە بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەر چوقۇم ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەر بولۇشى شەرت. بۇ ئەڭ ئەقەللىي بىر تەلەپ بولۇپ، بۇ تەلەپ قاندۇرۇلمىغان شېئىرلار تۇيۇق ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدىكى شېئىرنىڭ1 ـ مىسرادىكى «تۆگمىنى» دېگەن سۆزنىڭ يىلتىزى «تۆگمەن» بولۇپ، «ئە»نى «ئى»غا ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئىسىملارنىڭ چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى»نى قوشۇپ ھاسىل قىلغان؛ 2 ـ مىسرادىكى «تۆگ مېنى» سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، « تۆگ» ئۆز ئالدىغا ئايرىم مەنە بېرەلەيدىغان سۆز، «مېنى»نىڭ يىلتىزى «مەن»گە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى»نى قوشقاندىن كېيىن «ئە» «ئې»غا ئاجىزلىشىپ ھاسىل بولغان؛ 4 ـ مىسرادىكى «تۆگمىنى» دېگەن سۆزنىڭ يىلتىزى «تۆگمە» بولۇپ، بۇ سۆزگىمۇ ئوخشاشلا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغاندىن كېيىن «ئە» «ئې»غا ئاجىزلىشىپ ھاسىل بولغان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ يەردىكى «ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەر» دەپ قارىلىپ، شائىرنى تۇيۇق يېزىشقا قىستىغان بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى مەجبۇرىي يوسۇندا تۈرلەنگەن، قۇراشتۇرۇلغان سۆزلەر بولۇپ، «تۆگ مېنى»دەك قۇراشتۇرۇلغان سۆزلەر ۋە تۈرلىنىشتىن ھاسىل بولغان شەكلەن شەكىلداش سۆزلەر ھەرگىزمۇ ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆز بولالمايدۇ ۋە تۇيۇقتا مەجازىي ۋاستە ھەم ماتېرىيال بولالمايدۇ .

ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆز ھاسىل قىلىشنىڭ مۇھىم بىر شەرتى ــ سۆزلەرنى تۈرلىگەندىن كېيىن، ئەسلىدە ئىستېمال قىلىنىۋاتقان مەلۇم بىر سۆزگە شەكىل جەھەتتىن ئوخشاپ قالسا ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەر كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ. مەسىلەن:

«تەڭگە» (بەش تەڭگە، ئون تەڭگە) دېگەن سۆزگە «تەڭگە تەڭ سۇ قوشماق» دېگەندىكى «تەڭگە» سۆزىنى جۈپلەپ، بۇ ئىككى سۆزنىڭ قۇرۇلمىسى تەلەپپۇز ھەم يېزىلىش شەكلى جەھەتتىن ئوخشىغانلىقى ئۈچۈنلا «ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆز» دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، كېيىنكى «تەڭگە»نىڭ يىلتىزى «تەڭ» بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىسىملارنىڭ يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى «گە» قوشۇلۇش بىلەن «پۇل» مەنىسىدىكى «تەڭگە» سۆزىگە شەكىل جەھەتتىن ئوخشاپ قالغان. دېمەك، بۇنداق سۆزلەر ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆز بولالمايدۇ. شائىرلار بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك.

دەرۋەقە ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەر ئىچىدە مۇئەييەن بىر تۈپ سۆزنىڭ مەلۇم سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىنكى شەكلى تىلىمىزدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان باشقا بىر تۈپ سۆز بىلەن تەلەپپۇزى ياكى يېزىلىشى ئوخشاش بولۇپ قالغاندا پەيدا بولىدىغانلىرىمۇ، يەنە مۇئەييەن تۈپ سۆزگە مەلۇم سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، تەلەپپۇزى ۋە يېزىلىش شەكلى ئوخشاش، بىراق مەنىلىرى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ياكى مەنىلىرى بىر ـ بىرىگە يېقىن كەلمەيدىغان سۆزلەردىن ھاسىل بولغانلىرىمۇ بار. مەسىلەن:

1. ياغلىق: I تۈپ سۆز. ئىسىم. قول ياغلىق، باش ياغلىق...

ياغلىق: II ياسالما سۆز (ياغ + لىق). سۈپەت. ياغلىق گۆش، ياغلىق دان...

2. باشلىق (باش + لىق): I ئىسىم. ئائىلە، ئىدارە، تەشكىلات، مۇئەسسەسە قاتارلىقلارغا باشچىلىق قىلغۇچى مەسئۇل كىشى، رەھبەر، ئائىلە باشلىقى، ئىدارە باشلىقى...

باشلىق (باش + لىق): II ئىسىم. ئاياغ كىيىمنىڭ يۈزىنى قاپلاپ تۇرىدىغان قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئومۇمەن ، يۇقىرىقى قاپىيە شەكىللىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۇچراپ تۇرىدىغان مەۋجۇت شەكىللەر بولۇپ، تۇيۇقلارنىڭ قاپىيە شەكىللىرىمۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

تۇيۇقنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنلىرىدىن باشقا شەكىللىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىزدىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

يېقىنقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەتنىڭ «تۇيۇق» شەكلى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ، مۇشۇ ساھەدە ئىزدىنىپ، خەلق ئارىسىدىكى ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنى قېزىپ، ھەقىقىي مەنىدىكى تۇيۇق يازغان شائىرلار ئانچە كۆپ ئەمەس. ئىزچىل يېزىپ كېلىۋاتقانلار تېخىمۇ ئاز.

تۇيۇق يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن شائىر چوقۇم ئانا تىلنى ئۆگىنىپ ئانا تىلنىڭ قىلىنى قىرىققا يارالايدىغان سەنئەتكار ۋە سۆز ئۇستىلىرىدىن بولۇشى، سۆز ئىشلىتىش ماھارىتىنى پۇختا ئىگىلىگەن بولۇشى كېرەك.

مەلۇمكى، ئەدەبىياتنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرى، شېئىرىيەتنىڭ ھەربىر تۈرىنىڭ ئۆزىگە خاس تىل ئىشلىتىش ئۇسۇلى، قائىدىسى بولىدۇ. لېكىن، ئۇنى پەرقلەندۈرۈپ ئۆگىنىش ئاسان ئىش ئەمەس. جاپا چەكمەي، ئەجىر سىڭدۈرمەي تىل ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ماياكوۋىسكى: «بىر گىرام رادىي قېزىش ئۈچۈن بىر يىل ئەمگەك قىلىشقا توغرا كەلسە، شېئىر يېزىشتا بىر سۆز ئۈچۈن سۆز كانلىرىدىن مىڭ تونىلاپ سۆز قېزىشقا توغرا كېلىدۇ» دەيدۇ. بۇ، ھەقىقەتەن توغرا ئېيتىلغان سۆز بولۇپ، تىلنى ياخشى ئۆگەنمىگەن شائىر ياخشى شېئىر يازالمايدۇ.

بىزدە: «قۇشناچىمىنىڭ ئېشىنى ئوخشاتقىنى موللىكامنىڭ ئوتيېشى» دېگەن گەپ بار. تۇيۇق ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنى ئۆزىگە مۇھىم مەجازىي ۋاستە ۋە قاپىيە قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان بولغاچقا، سۆزلەرنىڭ يېزىلىش شەكلى - ئىملاسىنى بىلمىسە تۇيۇقنى قەتئىي يازغىلى بولمايدۇ. يازغان تەقدىردىمۇ، شەكلى قېلىپلاشمىغان سۆزلەردىن تۇيۇق يازغاندا، مەلۇم زامان ئۆتكەندىن كېيىن، قاپىيە قىلىنغان ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنىڭ مەلۇم بىرىنىڭ تاۋۇش تەركىبىدە ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا، بۇنداق «تۇيۇق» زاماننىڭ تاللىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، شاللىنىپ، شائىردىن بۇرۇن بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىدۇ.

50- يىللارنىڭ بۇ تەرىپىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى جەمئىي سەككىز قېتىم ئۆزگەردى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى، سۆز تەركىبلىرىنىڭ تۈرلۈك ئۆزگىرىش شەكىللىرىنى ئۆگەنمىگەن، بىلمىگەن شائىرنىڭ تۇيۇق يېزىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. يازدى دېگەندىمۇ شەكىلگە تەئەللۇق بولغان ئەڭ ئەقەللىي تەلەپلەرنىمۇ قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ.

شۇ نەرسىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، شېئىرلارنىڭ شەكلى شۇنداقلا «تۇيۇق» ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن شەكىللىرى تەييار ، ئۆزگەرمەيدىغان، تەرەققىي قىلمايدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇنى، شائىرلار ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، يەنە شائىرلار ئۆزگەرتىدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. تۇيۇقنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ، قاپىيە شەكىللىرىنىمۇ، ئەڭ مۇنەۋۋەر نەمۇنىلىرىنىمۇ شائىرلار ياراتقان ھەم يەنە يارىتالايدۇ. لېكىن، مۇھىمى: ئۇنىڭ ئۆلچەملىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلغان، رىئايە قىلغان، قانۇنىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، ئۇنى قانداق قىلىپ ئۆتكۈر، تېرەن مەنىلىك سۆز سەنئىتى بىلەن چىرايلىق بېزەپ، كىشىلەرنىڭ زوقىنى تارتقۇدەك قىلىپ روياپقا چىقىرىشتا.

تۇيۇقنىڭ قاپىيەلىرى مۇمكىن بولسا قوشۇمچە قوشۇلماي سۆز يىلتىزلىرىنى ئاساس قىلىپ يېزىلسا، شائىرنىڭ پىكرى يېڭى بولسا، ھېسسىيات سىڭدۈرۈشى، مەزمۇن تېرەنلىكى تەرەپتىن رۇبائىيلىق ئۆلچىمىگە توشسا، ئاندىن ئۇ، كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چەككۈدەك ھەقىقىي مەنىدىكى تۇيۇق بولالايدۇ.

## 8. تۇيۇقلاردا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

شېئىر يېزىش شاگىرت قوبۇل قىلىپ ئۆگەتكىلى، ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەنگىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. لېكىن، شېئىر يېزىش ئىقتىدارىغا ۋە ماھارىتىگە ئىگە ئۆگەنگۈچىلەرگە نىسبەتەن ماھارەت سىرلىرىنى، كىلاسسىكلارنىڭ، زامانىمىزدىكى ئىقتىدارلىق شائىرلارنىڭ ئۈلگە ـــ ئۆرنەكلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۇستاز كېرەك. قالغىنى ھەۋەسكارلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن روياپقا چىقىدۇ.

راستىنى ئېيتقاندا، مەتبۇئاتلاردا تالانتلىق شائىرلاردىن قابىلىيەتسىز ھەۋەسكارلار كۆپ بولىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، شېئىر ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تولۇق ساقلاپ قالالماي، بۇ مۇقەددەس دەرگاھ دەرۋازىسىز شەھەرگە ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ. تۇيۇقتىن ئىبارەت چاققان، ئەمما بىر قىسىم شائىرلارغا، ئوقۇرمەنلەرگە تولىمۇ سىرلىق تۇيۇلىدىغان بۇ شېئىرىي شەكىل تېخىمۇ شۇنداق بولماقتا.

بۇ ساھەدە «ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامدا يورغىلار» دېگەندەك، ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، تۇيۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئوبدان ئۆگەنمەي تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ تۇيۇقلىرىنى مۇنداقلا بىر ئوقۇشتىن ھاسىل قىلىۋالغان خاتا چۈشەنچىلىرىگە ئاساسلىنىپ، ھاياجان بىلەن «تۇيۇق» يېزىۋاتقانلارمۇ، دوراپ يېزىۋاتقانلارمۇ كۆپ بولۇپ، بۇ خىل «تۇيۇق»لاردا تۇيۇقتا ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەر قاپىيە ۋە مۇھىم مەجازىي ۋاستە قىلىنىدىغانلىقتەك ئەقەللىي تەلەپمۇ ئورۇنلانمىغان ، كۆپ مەنىلىك سۆزلەر ياكى خاتا ئىشلىتىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان سۆزلەرنى ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، «تۇيۇق» يازىدىغانلارمۇ بار. بۇنداق ئەھۋال پېشقەدەم،ئوتتۇرا ياش ۋە ياش شائىرلاردىمۇ،يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان ياش ھەۋەسكارلاردىمۇ ساقلانماقتا. مەتبۇئاتلاردا بۇخىل ھالەتكە ئازتولا چەك قويۇلۇشى كېرەك.

مەسىلەن، بەزى نوپۇزلۇق ئەدىبلەرنىڭ نوپۇزلۇق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان ئەسىرىنى مىسال ئالساق، «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىدا بېسىلغان شېئىرغا قاراپ باقايلى:

جان تىكىپ ئىشلەيلى بىز باشتىن ـ ئاياق،
يېڭى يولغا قوي قەدەم پۇتقا كىيىپ يېڭى ئاياق.
يېڭىلىقتىن بەختىمىزنى يارىتىشقا شەرت قىلىپ،
كەل ئىچەيلى ئىجتىھاتنىڭ شەربىتىدىن بىر ئاياق.

مانا بۇ شائىر ھاجى ئەھمەد كۆلتېكىن نەشرگە تەييارلىغان، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 1993ـ يىلى 5ـ ئايدا نەشر قىلغان «سامان يولى» ناملىق كىتابقا بىرىلگەن ئىمىر ھېزىم ئىمزاسىدىكى «تۇيۇقلار» (13پارچە)نىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ 1ـ مىسراسىدىكى قارىمۇقارشى سۆز «باشتىن ـ ئاياق» ئەمەس، «باشتىن ـ ئاياغ» بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت جانلىق تىل ۋە يېزىق تىلىغا تەۋە بارلىق تىل ماتېرىياللىرىدا پۇت تەرەپنى ۋە پۇتقا كىيىدىغان نەرسىنى «ئاياغ» ۋە «ئاياغ كىيىم» دەپ ئاتايدۇكى، ھەرگىزمۇ «ئاياق» دېمەيدۇ ۋە مۇشۇنداق يازمايدۇ. 2ـ مىسراسىدىكى «ئاياق» پۇتقا كىيىدىغان كىيىمنى بىلدۈرۈپ كەلگەن سۆز بولۇپ، ئۇ «ئاياغ كىيىم» بولۇشى كېرەك ئىدى. 4ـ مىسراسىدىكى «ئاياق» ـ چۆچەك، يەنى «ياغاچتىن ياسالغان قاچا» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بۇ سۆز توغرا ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما «ئاياغ» قا «ئاياق»نى قاپىيە قىلسا تۇيۇق بولمايدىغانلىقى ئېنىق. شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ «تۇيۇق»لارنىڭ مۇتلەق كۆپى تۇيۇق بولالمىغان.

ئەمدى يەنە «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 1997ـ يىلى 12ـ ئايدا نەشر قىلغان مەرھۇم شائىر روزى سايىتنىڭ «رۇبائىيلار ۋە تۇيۇقلار» ناملىق كىتابىدىكى مۇنۇ «تۇيۇق»قا قاراپ باقايلى:

دېدىڭ: «بىر چاغ بىنا قىپسەن ئۆسۈپتۇ گۈل، كۆچەت تىك ـ تىك؟»
قېنى سەنمۇ ھەۋەس قىلساڭ ماڭا ئوخشاش كۆچەت تىك، تىك!
تېگەر ئاغزىڭغا شۇ تىككەن كۆچەتنىڭ مېۋىسى ئاخىر،
ناۋادا سەۋرىلىك بولساڭ، سۇغارساڭ، يۇمساڭ تىك ـ تىك.

مانا، ھەممە سىر ئاشكارا بولدى. بۇ «تۇيۇق»نىڭ 1ـ مىسراسىدىكى «تىك ـ تىك» تەكرارلانما پېئىل، «تىكمەك، تىكىش»؛ 2ـ مىسراسىدىكى «تىك، تىك»مۇ پېئىل بولۇپ، بىر «تىك»نىڭ ئوتتۇرىغا پەش قويۇپ، پەشنىڭ ياردىمى بىلەن ئىككى سۆز قىلىپ II شەخسكە بۇيرۇق قىلغانلىق ئىماسىنى ئىپادىلىگەن؛ 4ـ مىسرادىكى «تىك ـ تىك» ـ خوتەن دىيالېكتىغا تەۋە سۆز بولۇپ، «ئالدىراڭغۇ، سەۋر ـ تاقەت قىلالمايدىغان» دېگەندەك مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن، مەقسەتكە يېتەلمىگەن. چۈنكى، 1 ـ، 2 ـ مىسرالاردا كەلگەن «تىك ـ تىك»لەر «تىك» دېگەن بىرلا كۆپ مەنىلىك سۆزنىڭ تەكرارى بولۇپ، «كۆچەت تىك، ئورۇق تىك، چېدىر تىك، كىيىم تىك، تىكىشى توختىمايدىغان...» دېگەن سۆز بىرىكمىلىرىنى ھاسىل قىلالايدۇ. بۇ توپلامدىكى تۇيۇقلارنىڭمۇ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى تۇيۇقلۇق دەرىجىسىگە توشمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەر بىلەن كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ پەرقىنى ئايرىتىشنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆلچەملىرى بولۇپ، ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلى: كۆپ مەنىلىك سۆزلەر قانچە كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ، ھەممىسى بىر مەركىزىي مەنىدىن يىراقلاپ كېتەلمەيدۇ ۋە بىرلا سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولىدۇ (يۇقىرىقى «تىك تىك»لەرنىڭ ھەممىسى پېئىل). ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەر يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە، مەنە جەھەتتىن بىر- بىرىدىن ناھايىتى يىراق بولىدۇ ھەمدە كەم دېگەندە ئىككى سۆز تۈركۈملىرىگە تەۋە بولىدۇ. مەسىلەن:

بولساڭ سەن دۇنيادا ياخشى - كۆڭلى ساپ،
ئۇنارمەن كەتمەنگە قىلاي دېسەڭ ساپ.
- ئەركىن ئەبەيدۇللا

بۇ تۇيۇقنىڭ ئالدىدىكى مىسرادا كەلگەن «ساپ» - «ساپ دىل، ئاق كۆڭۈل، پاكىز، تازا» دېگەن مەنىلەردە كەلگەن، سۈپەت؛ كېيىنكى مىسرادىكى «ساپ» - «دەستە، تۇتقۇچ» دېگەن مەنىلەردە كەلگەن، ئىسىم؛ قاتارلىقلارغا ئوخشاش...

## 9. ئاخىرقى سۆز

شۇنىسى ئېنىقكى، ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنى توغرا تاللاپ، ئۇنى دەل جايىدا قوللانغاندا، تۇيۇقتا بىر خىل ھېسسىي تۇس، رەڭدار، گۈزەل جەزبە ۋە زىننەت بېغىشلاپ، مەزمۇنغا تېرەنلىك، كەڭلىك ئاتا قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرگە يېڭىلىق تۇيغۇسى، چوڭقۇر تەسىرات ۋە زوق بەخش ئەتكىلى بولىدۇ.

تۇيۇقنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ئاشۇرۇشتا، ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنىڭ ئوينايدىغان مەجازىيى ۋاسىتىلىق رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەرنىڭ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئوينىغان ۋە ئوينايدىغان رولى ئۈستىدە يەنىمۇ ئىزدىنىش زۆرۈرىيىتىنى ھەربىر شائىر - چوڭقۇر تونۇپ يېتىشى لازىم. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، تۇيۇق - خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىكى تۆت مىسرالىق قوشاقلار زېمىنىدا تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ، مول مېۋە بېرىپ كېلىۋاتقان، شەكىل جەھەتتىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى تۆتلۈكلەرگە تەۋە بولغان، شېئىرىي تىل جەھەتتە ئەڭ ئىخچام، مەزمۇن جەھەتتە ئەڭ مەركەزلەشكەن، ئومۇملاشتۇرۇلغان ۋە رۇبائىيغا ئوخشاش چوڭقۇر، ئوبرازلىق، ئاز سۆز ئارقىلىق كەڭ مەزمۇننى ئىپادىلەپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدىغان، ھەرخىل تېمىلاردا يېزىلىدىغان، ئاھاڭداش، شەكىلداش سۆزلەر قاپىيە قىلىنىدىغان ھەمدە ئەڭ مۇھىم مەجازىي ۋاستە سۈپىتىدە رول ئوينايدىغان، بۇ خىل سۆزلەردىن سەنئەت سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، سۆز ئويىنى شەكىللەندۈرىدىغان، ھەرخىل ۋەزىن، ھەر خىل تۇراق، ھەرخىل بوغۇم تۈزۈلۈشىدە، ھەر خىل شەكىلدە يېزىلىدىغان، تولۇق ئاياغلاشقان، مەلۇم بىر ئوي - پىكىرگە ئىگە بولغان ئۆز ئالدىغا بىر خىل مۇستەقىل شېئىرىي شەكىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئورنىنى، تىل تەتقىقاتىدىكى تەتقىقات ئوبيېكتىلىق رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى تەتقىقاتىدا ئىنتايىن مۇھىم يۆنىلىش بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

## ئىزاھلار

[1] ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر نەشرگە تەييارلىغان: ««مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن ›دىن پارچىلار»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980ـ يىلىلىق 1ـ سان، 155 ـ، 156ـ بەتلەر.
[2] خالىدە مۇتىئى نەشرگە تەييارلىغان: «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، («شېئىر تىلى توغرىسىدا»)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1- نەشرى ۋە بېسىلىشى، 32 - بەت.
[3] خالىدە مۇتىئى نەشرگە تەييارلىغان: «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، «شېئىر تىلى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىدە ئېلىنغان نەقىل.
[4] مەھمۇت زەيدى، سەمەت دوگايلى تۈزگەن: «ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 - يىلى 7ـ ئاي، 1ـ نەشرى، 153 ـ بەت.

## پايدىلانمىلار


1. يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984.
2. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999- يىلى 8-ئاي 1-نەشرى، 1999- يىل 10- ئاي 1- بېسىلىشى.
3. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «رۇبائىيات»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى 10 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى، 1982 ـ يىلى 3 ـ ئاي، 1- بېسىلىشى.
4. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر نەشرگە تەييارلىغان: «‹مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن› دىن پارچىلار»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980ـ يىللىق 1ـ سان.
5. مەھمۇت زەيدى، سەمەت دوگايلى تۈزگەن: «ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 7 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.
6. ئابدۇسالام ئابباس تۈزگەن: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1996ـ يىلى 8ـ ئاي، 1- نەشرى ۋە بېسىلىشى.
7. ھاجى ئەھمەد كۆلتېكىن: «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982ـ يىلى 7ـ ئاي، 1ـ نەشرى ۋە بېسىلىشى.
8. خالىدە مۇتىئى نەشرگە تەييارلىغان: «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 7 ـ ئاي، 1- نەشرى ۋە بېسىلىشى
9. تېيىپجان ئېلىيېف: «تاللانغان شېئىرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985ـ يىلى 5ـ ئاي، 1ـ نەشرى ، 11 ـ ئاي، 1- بېسىلىشى.
10. ھاجى ئەھمەد قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان: «سامان يولى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993ـ يىلى 5ـ ئاي، 1ـ نەشرى ۋە بېسىلىشى.
11. روزى سايىت: «رۇبائىيلار ۋە تۇيۇقلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997ـ يىلى 12ـ ئاي، 1- نەشرى ۋە بېسىلىشى.
12. غەنىزات غەيۇرانى: « تارىم بويىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983ـ يىلى 8ـ ئاي، 1ـ نەشرى.
13. ئابدۇرېھىم زۇنۇن: «بۇلاقتا سىرداش خىياللار»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000- يىلى 9- ئاي 1- نەشرى ۋە بېسىلىشى.
14. «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەر.
15. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
16. «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

第 32 卷第 2 期　　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　32 ـ يىللىق 2 ـ سان
2011 年 6 月　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　　2011 ـ يىلى 6 ـ ئاي

ماقالە نومۇرى: 1005 _ 5878 (2011) 02 _ 075 _ 09

# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە بەدىئىي زوق*

## ئابلىمىت مۇھەممەت يىلتىزلىق

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844007)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسىملىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ئېستېتىكا ئېڭى سىڭدۈرۈلگەن. شۇڭا، ئۇ كۈچلۈك جەلپكارلىققا ئىگە. ھالبۇكى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش، تەھلىل قىلىش، پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق، كىشىلەر ئۇنىڭدىن مەنىۋى خۇشاللىققا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، ھەمدە ئىدىيە جەھەتتىن تەربىيە ۋە ئىلھام ئالىدۇ. مانا بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىشتۇر. بۇ ماقالىدە، يۇقىرىقى قانۇنىيەتكە ئاساسەن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى جەريانىدا ئەسەرلەردىن زوقلىنىش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

摘要：民间文学是文化最重要的组成部分之一，其深层渗透了人民大众的文化审美意识。正因为如此，她具有很强的魅力。然而，通过文学作品的教学、分析、辨别，人们其中得到精神上的快乐、享受和她的美丽，并且受到思想上的教育和鼓舞，这就是所谓的文学作品欣赏。本文根据上述规律，主要论述在民间文学的教学中怎样进行作品欣赏的问题。

**Abstract:** Oral folk literature is one of the most important component parts of a culture; a people's cultural aesthetic consciousness is woven into its deep structure. It is therefore highly attractive. But by studying literary works, analyzing them, and comparing them, people receive spiritual sustenance, enjoy the beauty of these works, and also acquire wisdom and inspiration. This constitutes enjoyment of literary works. On the basis of these principles, this article will consider the problem of enjoying oral folk literature during the course of instruction in the subject.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G122　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى قويۇق ئېستېتىكا ئامىللىرى بىلەن يۇغۇرۇلغاچقا، كۈچلۈك جەلپكارلىققا ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنىڭدىن زوقلىنىپ، ئۇنىڭدىن تۈرلۈك ئىجتىمائىي، تارىخىي ۋە تۇرمۇش بىلىملىرىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، مەنىۋى خۇشاللىققا ئېرىشىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىش شەخسلەرنىڭ بىلىم سەۋىيەسى، بىلىم دائىرىسى ۋە بىلىم قۇرۇلمىسى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا كىشىلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىش سەۋىيەسىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. ئەدەبىي زوق كىشىلەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش جەريانىدا بارلىققا كېلىدىغان بىر خىل پەۋقۇلئاددە مەنىۋى پائالىيەت. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى پەقەت زوقلاندۇرۇش ئارقىلىقلا گۈزەللىك قىممىتىنى نامايان قىلالايدۇ. كىشىلەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش، تەھلىل قىلىش، پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق مەنىۋى خۇشاللىققا ئېرىشىپ، گۈزەللىكتىن بەھرىمەن بولىدۇ، ھەمدە ئىدىيە جەھەتتىن تەربىيەگە ئىگە بولىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن ئىلھام ئالىدۇ، مانا بۇ ئەدەبىي زوقلىنىش جەريانىدۇر.

ئەدەبىي زوق ئەسەرلەردىكى ئوبرازلار ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ كاللىسىدا ھېسسىيات، تەپەككۇر ئويغىتىپ، ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، بەدىئىي تەپەككۇرغا يېتەكلەيدىغان بىر خىل پسىخىك

---

* بۇ ماقالە 2011 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئابلىمىت مۇھەممەت يىلتىزلىق (1957 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، پىروفېسسور، ماگىستىرانت يېتەكچىسى، فولكلور ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

پائالىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېچىش رولى، تەربىيەۋى رولى، شۇنداقلا گۈزەللىك تۇيغۇسىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئېستېتىك رولى بولىدۇ. مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە يۇقىرىقىلار ئۆز ئارا بىرىكىپ، بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ، كىشىلەرنى گۈزەل بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈپ، ئادەمنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا مەلۇم جەھەتتىن تەربىيەگە ئىگە قىلىش ـ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئالاھىدە ئىجتىمائىي رولىدۇر. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن زوقلىنىشنىڭ پىرىنسىپلىرىمۇ ھەم شۇنداق. لېكىن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەم ئەدەبىيات، ھەم ئىلىم-پەن خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئەدەبىي جەھەتتىن زوق ئېلىپ باھا بېرىش بىلەن بىرگە، «ياغاچ ئات» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەسەرلەر ۋە سېھرىي چۆچەكلەردىكى «سىرلار» ، شۇنداقلا، بىر قىسىم ماقال- تەمسىللەرنى ئىلىم -پەن نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ، مۇلاھىزە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى بىر قەدەر تولۇق، چوڭقۇر ئېچىپ بەرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەدەبىيلىكى ھەممە ئەسەرلەرگە ئورتاق. ئەمما، ئىلىم ـ پەن قىممىتىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بارلىق ئەسەرلەرگە ئورتاق بولۇشى ناتايىن.

بىر پۈتۈن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىككى ياقلىمىلىقىدا يەنىلا ئەدەبىيلىك ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئالدى بىلەن ئەدەبىيات، پۈتكۈل ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ بىر قىسمى. ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئىدراكىي ماتېرىياللار بىلەن ئىدىيەۋى ھېسسىياتنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان سەنئەت تەپەككۇر شەكلىنى ئاساس قىلىدۇ. چوڭ ھەجىملىك داستانلار، ماقال-تەمسىل، تېپىشماقلار، قەدىمكى ئەپسانىلاردىن يېقىنقى دەۋردە ئىجاد قىلىنغان قوشاقلارغىچە ھېچقايسىسى بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تىل سەنئىتى، ئۇ تىل ماتېرىياللىرى ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى ئارقىلىق كەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. تىل ماتېرىياللىرىغا تايىنىش جەھەتتە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىيات ئوخشاش. ئەمما تىل ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىش، بولۇپمۇ ئەسەرلەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرۈش جەھەتتە ئىككى خىل ئەدەبىيات روشەن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە تارىخ، مىللەت، فولكلور، ئەخلاق، دىن، سەنئەت قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئۇنىۋېرسال گەۋدىلىنىشى بولغاچقا، يازما ئەدەبىياتتىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. يۇقىرىقى ئىجتىمائىي ئامىللار ئەسەرلەردە تىل ماتېرىياللىرى ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى شۈبھىسىزكى، ئالدى بىلەن يەنىلا ئەدەبىياتتۇر.

بىرىنچى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى- تىل سەنئىتىدۇر. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بىرى ئۇنتۇلماي، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ كېلىشىدىكى سەۋەب كۆپ خىل بولسىمۇ ئۇنىڭدىكى مۇھىم بىر سەۋەب ، بۇ ئەسەرلەر قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى ۋە خاس ئېغىز تىلى ئالاھىدىلىكىگە، جەلپكار ھېكايە ۋەقەلىكىگە، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان پېرسوناژلار ئوبرازىغا ئىگە بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارنى بويسۇندۇرغانلىقىدىندۇر.

ئەمگەكچى خەلق، بولۇپمۇ داڭلىق خەلق سەنئەتكارلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىپ، ئەنئەنىۋى ھېكايىلەر ۋە ئېغىز تىلىنى ئۈزلۈكسىز پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۇنى ئاجايىپ ساپ، ساددا سېھرىي گۈزەللىككە ئىگە قىلغان، ئۇنىڭدىن سەھرانىڭ ساپ ھىدى پۇراپ تۇرىدۇ،ئۇنىڭدا قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك چاقناپ تۇرىدۇ.

ئەپچىلەم ماڭا ـ ماڭا تاق چۈشلەر بىلەن ھېرىپ- ئېچىپ، تەرگە پىشىپ، ھېلىقى باينىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىشىكى ئالدىغا ئۇلىشا ـ ئۇلاشمايلا ئىتلىرى قاۋاپتۇ، «ئۇھا! » دەپ ئۈجمە سايىسىغا ئۆزىنى تاشلىشىغا باي چىقىپ تولاپتۇ:

ــــ ھەي گاداي، ئەمدى سەن نەدىن پەيدا بولدۇڭ، ئۆت بۇ ياققا!

ــــ باي ئاكا، بۇ كۆپچىلىك ئۆتىدىغان يول ئۈستىغۇ.

ــــ يول كۆپنىڭ بولغىنى بىلەن ئۈجمىنىڭ سايىسى مېنىڭ.

ــــ بىر ئاز دېمىمنى ئېلىۋالغىچە ئۈجمىلىرىنىڭ سايىسى توگەپ قالماس.

ــــ توگەپ قالسا بولامتى ئەمىسە؟ ئۈجمە ئۆستۈرۈشۈپ بەرگەندەك گەپ قىلىسەنغۇ. بىلەمسەن، بۇ ئۈجمىنىڭ ھەربىر يوپۇرمىقى بىر ئاق تەڭگىگە توختىغان!...

ــــ بۇ گەپچە، مەن پۇلىنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپتىمەن-دە؟

ــــ توغرا. لېكىن، پۇلىنىڭ سايىسىدا باي ئۆزى ئولتۇرىدۇ. مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، ئەگەر پۇلۇڭ بولسا سەنمۇ ئولتۇرىسەن.

ــــ پۇلۇم بولسا ئولتۇرامدىم؟

ــــ ھە، ئەلۋەتتە.

ــــ ئۇنداق بولسا ئۈجمىلىرىنىڭ سايىسىنى ساتامالا؟

ــــ چوڭ سۆزلىمەي يولۇڭغا ماڭساڭ بولارمىكىن!

ــــ پۇلنىڭ چوڭ سۆزلىتىدىغانلىقىنى ئۆزلىرى بىلمەملا؟

ــــ ...

ئەلۋەتتە مىنەل ئىمان[1]، بىزلەر بولساق شاھىت... -دەپ قەلەمنى قەغەزگە سوۋاشقا باشلاپتۇ... "مەنكى سەلەي باي ھويلامنىڭ كوچا پاسىلىدىكى چوڭ ئۈجمىنىڭ سايىسىنى ئەپچىلاخۇنغا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ھازارى مەجلىس ئالدىدا تۆتيۈز تەڭگە كۆمۈشكە ساتتىم. تاكى ئۈجمە ئۆزى قىرىپ يوقالغىچە ئۇنىڭ سايىسىدىن ئەپچىلاخۇن ۋە ھەتتاكى ئۇنىڭ ئاغىنە، قىش ئەقرىبالىرىمۇ[2] ھەر قاچان، ھەر زامان بىمالال پايدىلىنىدۇ. مۇبادا بۇنىڭغا پىقىر ۋە مېنىڭ ئەۋلادىم نارازى بولۇپ دەۋا قىلسا، يۇرت، شەرئى ئالدىدا دەۋاسى باتىل[3] بولغاي" دېگەن گەپلەر يېزىلىپتۇ. ئاخىرىغا ساتقۇچى، ئالغۇچى ۋە گۇۋاھچى-شاھىتلار قول قويۇپتۇ.

يۇقىرىقى پارچە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ گۆلتاجىسى ــــ «ئۈجمە سايىسى» دىن ئېلىنغان. ئۇنىڭدىكى قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى، روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىك، جانلىق ئېغىز تىلى، پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى خاسلىق قاتارلىقلار شۇنچىلىك تەبىئىي ھەم گۈزەل بولۇپ، كىشىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ « مۆھۈر خەت » تىكى « ھەر قاچان»، « ھەر زامان» ، « بىمالال»دېگەن سۆزلەر كۈچلۈك مەنتىقىلىق ، شۇنچىلىك جايىدا ئىشلىتىلگەنكى، بۇ سۆزلەر ئارىسىدىن سۇ تۈگۈل ھاۋامۇ ئۆتمەيدۇ، شۇنداقلا ئۇ يەنە چۆچەكنىڭ كېيىنكى راۋاجىغا داغدام يول ئاچقان.

سېيىت نوچى پور بايۋەچچىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپلا شۇنداق بىر كۆتۈرۈۋىدى، پور بايۋەچچە يىلتىزى يوق سېپىق كۆتەكتەك، پاشنىسى يوق ئەسكى ئۆتۈكتەك يۇلقۇنۇپ چىقتى. سېيىت نوچى ئۇنى بىر قولى بىلەن شۇنداق ئايلاندۇرۇۋىدى، ئەيھانناس! چاقپىلەكمۇ ئۇنداق ئايلانماس، پىر- پىر- پىر!!!... سېيىت نوچى ئۇنى قارا شەھەر دەرياسىغا شۇنداق ئېتىۋىدى، پور بايۋەچچە خۇددى داشقا چۈشكەن ماشتەك، تاغدىن چۈشكەن تاشتەك، كۆزدىن ئاققان ياشتەك، تۇز قويمىغان ئاشتەك، قىلىچ ئۈزگەن باشتەك دەريانىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا چۈشتى... بۇ گەرچە تەسۋىرى بايان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى قويۇق شېئىرىي پۇراققا ئىگە قىلىنىپ، جەلپكارلىقى ئاشۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سېيىت نوچىنىڭ كۈچتۈڭگۈرلۈكى مۇبالىغە ۋاستىسى بىلەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ بايانلار سادا، چىن، گۈزەل بولۇپ، مول ھېكايە ۋەقەلىكى بىلەن يۇقىرى بەدىئىي جەلپكارلىققا ئىگە قىلىنغان.

تىل نۇقتىسىدىن قارىغاندا، خەلق قوشاقلىرى ئەڭ زور ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەردۇر. خەلق قوشاقلىرى خەلق تۇرمۇشىنىڭ بىۋاستە شېئىرىي ئىنكاسى بولۇپ، مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنىڭ چىنلىقى، تۇرمۇش بىلەن بولغان

مۇناسىۋىتىنىڭ زىچلىقى، پەلسەپىۋى پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، شەكلىنىڭ خىلمۇ ـ خىل، بەدىئىي ۋاستىلىرىنىڭ گۈزەللىكى، تىلىنىڭ جانلىق، راۋانلىقى، ئىخچام، ئاممىبابلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بۇ تۈرنى كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە قىلغان. خەلق قوشاقلىرى خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىنىڭ گۈلتاجىسى بولۇپلا قالماستىن، مىللىي مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى چاقناپ تۇرغان گۆھەرگە ئايلانغان.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئالاھىدە بىر تۈر بولۇپ، ئادەتتىكى ئەدەبىياتتا بولمىغان ئىلىم ـ پەن قىممىتىگە ئىگە. لېكىن ئۇ تىل سەنئىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئېستېتىك سۇبيېكت ۋە ئوبيېكت، ئېستېتىك غايە ۋە قىزىقىش، ئەنئەنىۋى ۋاستە، ماھارەت جەھەتلەردە ئەدەبىياتقا خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەلق ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك تارقىلىش جەريانىدا، سانسىزلىغان خەلق سەنئەتكارلىرى تەرىپىدىن ئۈزلۈكسىز پىششىقلاپ ئىشلىنىپ، كۈنسېرى مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن. شۇڭا ئۇنىڭدىكى ئېستېتىك سۇبيېكت بىلەن ئوبيېكت زىچ بىرلىشىپ، ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغان. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۇلار كۆڭۈل بۆلىدىغان چوڭ ئىشلارنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى، شۇنداقلا ئۇنىڭدا خەلق ئاممىسىغا ئەڭ تونۇشلۇق شەكىل ۋە ۋاستىلەر قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. خەلق ئاممىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى سۆزلەش، تارقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەسەرلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەپ ئېستېتىك سۇبيېكت بىلەن ئوبيېكتنى «قايتا ئىجاد قىلىدۇ». دېمەك، ئۇلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى سۆزلىگۈچى، تارقاتقۇچى ھەم ئۇنىڭدىن زوقلانغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئىپادىلەنگەن ئېستېتىك غايە ۋە ئېستېتىك خاھىشمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى، ئۇ كۆپ ساندىكى خەلق ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ ئېستېتىك ئېڭىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئادەتتە ئۇ كوللېكتىپ ئاڭنىڭ تارىخىي چۆكمىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا خەلق ئاممىسىنىڭ ئالاھىدە مىللىي پىسخىكا ساپاسى، مىللىي تەپەككۇر شەكلى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقادلىرى، ئېستېتىك ئادەتلىرى، ئېستېتىك مايىللىقى ۋە ئۇنىڭدىن شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلەر مۇجەسسەملەنگەن. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا خەلق ئاممىسىنىڭ بىر خىل ئاددىي ـ ساددىلىقى، ساپ ـ سەمىمىيىتى، ئوچۇق ـ يورۇق، تۈز كۆڭۈللۈكى، مەردانىلىقى، قىزغىنلىقى قاتارلىق بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەر ئومۇميۈزلۈك ئىپادىلەنگەن.

ئەمگەكچى خەلق تۇرمۇشنى يۈرەكلىك تەسەۋۋۇر قىلىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىنى قەيسەرلىك بىلەن ئىپادىلەپ، ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنى پۇخادىن چىققۇچە ئىزھار قىلىپ، كوللېكتىپ ئېستېتىك ئېڭى ۋە دەۋرلەردىن بۇيان ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقان بەدىئىي ئەنئەنىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن. مۇنەۋۋەر خەلق سەنئەتكارلىرى سۆزلەش، ئېيتىش جەريانىدا، ئۆزىگە خاس ئىجادچانلىقى ۋە ئورۇنلاش ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىشتا، ھامان خەلق ئاممىسىنىڭ ئېستېتىك ئېڭى ۋە بەدىئىي ئۇسلۇبىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى خاسلىقىنى يوقاتماي كەلگەن.

خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئەزەلدىن بار بولغان ئېستېتىك ئاڭ ۋە بەدىئىي ئەنئەنە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدە بەزى ۋاستە ۋە شەكىللەر ـــ قوشاقلاردىكى تەكرارلىنىش، ھېكايىلەرنى باشلاش، ئاخىرلاشتۇرۇشتىكى ئىزچىللىق قاتارلىقلارنى؛ ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن سېلىشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە، ئوخشىتىش، سىمۋول قاتارلىقلارنى؛ ھېكايە بايان قىلىشتىكى «ئۈچ ئابزاسلىق قۇرۇلما» شەكىللىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ھېكايىلەردىكى «ئۈچ ئابزاسلىق قۇرۇلما» شەكلى گەرچە تەكرار بولسىمۇ، لېكىن ئادەمنى بىزار قىلمايدۇ، ئەكسىچە ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئۇزۇنغىچە ئەستىن چىقمايدۇ. بۇ ھال خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

ئەسەرلىرىنى ئەستە تۇتۇش، ئىگىلەشكە ئاسانلىق يارىتىپ، مەركىزىي ئىدىيە بىلەن پېرسوناژلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەسەرگە قويۇق كەيپىيات، شېئىرىي تۇيغۇ ئاتا قىلغان. بۇ خىل ئەنئەنىۋى ۋاستىلەر جايىدا قوللىنىلسا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئاددىي، ئىخچام، ئەمما چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ ئىپادىلەشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەسەرلەرنى تىل جەھەتتىنمۇ ماسلاشقان، بىر پۈتۈن گۈزەللىككە ، رىتىمدارلىققا ۋە ئاھاڭدارلىققا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ، ھەممە ئۇلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېستېتىك جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئەدەبىي جەھەتتە زوقلىنىشقا قارىتىلغان. لېكىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك نوقۇل ھالدىكى ئەدەبىياتلا بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا يەنە مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا ئامىللىرىمۇ سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن يالغۇز ئەدەبىياتنىڭ گۈزەللىكى نۇقتىسىدىن زوق ئېلىپلا قالماستىن، پەن تېخنىكا مەدەنىيىتى نۇقتىسىدىنمۇ زور دەرىجىدە پايدىلىنىدۇ. بۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەم ئەدەبىيات، ھەم ئىلىم-پەن خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەم ئەدەبىيات، ھەم ئىلىم-پەن خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇتۇش ۋە ئۇنىڭدىن زوق ئېلىش، تەتقىق قىلىشتا، ئۇنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىنى شەرھلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭدىكى ئىلىم-پەن ئامىللىرى ئۈستىدىمۇ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئوخشىمىغان ئەسەرلەرگە ئوخشىمىغان مۇئامىلە قىلىشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە بولۇپ، ئىلىم- پەن خاراكتېرى كۈچلۈك ئەسەرلەرگە(پەن -تېخنىكا مەزمۇنىنى ئىپادىلەيدىغان ماقال-تەمسىللەر) قارىتا، ئۇنىڭ ئىلىم-پەن خاراكتېرى بىلەن ئەدەبىي خاراكتېرىنى بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندە، ئۇنىڭدىكى مول مەزمۇنلارنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگىلى بولىدۇ.

## 1. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي قىممىتى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە تارىخىغا ھەمرا بولۇپ، تارىخنىڭ گۇۋاھچىسىغا ئايلانغان. بولۇپمۇ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى، تارىخىي رىۋايەتلەر، تۇرمۇش چۆچەكلىرى، مۇراسىم ناخشىلىرى، ئۆرپ-ئادەت مەزمۇنىدىكى ماقال-تەمسىللەرنىڭ قالدۇرغان تارىخىي تەسىرى چوڭقۇر، تارىخىي قىممىتى زور. مۇئەييەن تارىخىي ۋەقەلىك ئاساسىدا قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرى مەدھىيەلەنگەن ئېپوسلار ھەقىقىي تارىخىي خاراكتېرگە، شۇنداقلا تارىخشۇناسلىق قىممىتىگە ئىگە. مەسىلەن، «ئوغۇزنامە» دە تۈركىي خەلق، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇششاق ئىپتىدائىي قەبىلىچىلىكتىن بىر پۈتۈن مىللەت بولۇپ ئۇيۇشۇشقا قاراپ مېڭىشتەك تارىخىي جەريان ئىپادىلەنگەن..... ئۇلار ھەم ئەدەبىي ئەسەر ھەم مۇئەييەن تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ.

تارىخ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان رىۋايەتلەر، بولۇپمۇ تارىخىي ۋەقە، تارىخىي پېرسوناژلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ تارىخىي قىممىتى تەبىئىيكى تېخىمۇ زور بولىدۇ. تارىختا خاتىرىلەنمىگەن نۇرغۇن پاكىتلار رىۋايەتلەردە بىر قەدەر چىنلىق بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بولغاچقا، بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ تارىخىي قىممىتى ئەدەبىي قىممىتى بىلەن تەڭ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ، بەزىدە ھەتتا ئەدەبىي قىممىتىدىن تارىخىي قىممىتى ئۈستۈن تۇرىدۇ.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بىر قىسىم خەلق قوشاقلىرىنى « شېئىرىي تارىخ» دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «كۆچ - كۆچ » قوشىقى. يەنە بىر قىسىم تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى قوشاقلاردا ئەينى دەۋر تارىخى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. 1881- يىلدىن 1884- يىلغىچە چاررۇسىيە ئىلى رايونىدىن نەچچە ئونمىڭ ھەر مىللەت ئاممىسىنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ كەتكەن بولۇپ، «كۆچ - كۆچ» قوشىقى ئەنە شۇ ئەلەملىك

كۆنلەرنىڭ ئەينەن خاتىرىسىدۇر.
ئاق پاشا لەشكەرلىرى،
ئالتۇن كولاپ تاش كەستى.
پۇقرالارنى كۆچ ـ كۆچ دەپ،
قىلىچ بىلەن باش كەستى.
كۆچ ـ كۆچ دېسە قورقىمىدۇ،
كۆچۈپ يۇرمىگەن ئەللەر.
ئۆز يۇرتىغا يېتەمدۇ؟
بېرىپ كۆرمىگەن يەرلەر.
ئالمۇتاغا كۆچ دەيدۇ،
بارار يېرىمىز قۇملۇق.
راس گېپىنى ئېيتمايدۇ،
كۆزى كۆك، بېشى يۇڭلۇق.

## 2. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مىللەتشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق جەھەتتىكى قىممىتى

ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي مۇھىتتا ياشىغان ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدا تارقالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە مىللەتشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىققا ئائىت نۇرغۇن ماتېرىياللار ساقلانغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇشۇنداق ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىشتا، ئۇنىڭدىكى مىللەتشۇناسلىق قىممىتىنى قېزىشقا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر. تۆۋەندىكى قوشاقلارغا قاراپ باقايلى:

ئىلى يولى خاڭ يولى،
رومالدا ئاي گۈلى.
ئىلىدا تاپقان پۇللار،
قىمارۋازنىڭ پاي پۇلى.

كەمبەغەل، يېتىمچىلەر،
تەڭدىن تولىسى خاڭدا.
يۇرتىغا كېتەي دېسە،
بىردىن چاپىنى داڭدا.

قەشقەردىن چىقتى دەردمەن ئوغۇللار،
دەردكە پايلىماي غېرىب بولغانلار.
..................................
ئۇ يەردىن ئۆتتۇق تامغا تاش،
ئىلىخوغا يېقىن كەلدۇق جان ئاداش.
مانا كەلدۇق ئىلىخو دېگەن شەگە،
ئالتە شەگە داڭ كەتكەن يەرگە.
ئىلىخومۇ پەرىشان يۇرت ئىكەن،
نەگە بارساڭ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ئىكەن.
..................................
ئىش بولسا چاكار بىز،
بولمىسا بىكار بىز.
كۆڭلىمىزگە ئازار بەرمەڭ،
مۇساپىرغا قاتار بىز.
يېتىشمىز دەڭ،
چېكىشمىز بەڭ،
ئاتا ـ ئانىمىز سوراپ قالسا،
تارتقان جەبرىمىزنىڭ جىمىسىنى دەڭ.
(«مۇساپىرلار قوشىقى»دىن)

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى،
شا تاۋادا ئۈچلىغان.
ئەرگە تەگمەيمەن دېسەم،
ئانام بېشىمغا مۇشلىغان.
قارىغايىنى ئەگكۈنچە،
مەيلىم يوققا تەگكۈنچە،
ئۆلۈپ كەتسەم بولمامدۇ،
مۇنداق دەردنى تارتقۇنچە.
(«توي قوشىقى»دىن)

## 3. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ فولكلورلۇق قىممىتى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئالدى بىلەن ئەدەبىيات، شۇنداقلا ئۇ بىر ئارلىق پەن. ئەگەر خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى بۇ پەننىڭ غولى دېسەك، مىللەتشۇناسلىق بىلەن فولكلور ئۇنىڭ ئىككى قانىتى. شۇڭا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىق قىلىشتا ئۇنى مىللەتشۇناسلىق ۋە فولكلور بىلىملىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

مەملىكىتىمىزدىكى نۇرغۇن مىللەتلەردە كېلىن

كۆچۈرگەندە يىغلاش ئادىتى بار. ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى، قۇللۇق جەمئىيەتلىرىدە خوتۇن - قىزلار ئەرلەر تەرىپىدىن بۇلاپ ئېلىپ كېتىلىپ، ئەرلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئاياللار تەرەپتە تۇرۇپ (ئاياللىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ) خوتۇنغا ئەر بولۇش ئادىتى ياۋايىلىق بىلەن بۇلاش ئارقىلىق، خوتۇنلار ئەرلەر تەرەپتە تۇرىدىغان (خوتۇن ئەرنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغان) ئادەتكە ئۆزگەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇلاپ كېتىلگەن «خوتۇن» لار يىغلىغان؛ فېئوداللىق جەمئىيەتكە كەلگەندە، ئەرلەر ئېزىزلىنىپ، ئاياللار پەس كۆرۈلدى. ياتلىق قىلىنغان قىزلار ئەرلەر تەرىپىدىن ئات-ئىشەك، قول دەپ قارىلىپ خارلاندى. بۇ خىل كەچۈرمىش خوتۇن- قىزلارنىڭ كۆزىدىن قان- ياش ئالدى؛ كونا جەمئىيەتتە خەلق ئارىسىدا « قىز بالىنى تۇماق بىلەن ئۇرسا يىقىلىپ چۈشمىسە، تويىنى قىلسا بولىدۇ » دەيدىغان بىمەنە گەپ تارقالغان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان نارەسىدە قىزلار ئاشۇ خىل فېئوداللىق قاراشنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن. ئادەتتە 9 - 10 ياشلاردىكى قىزلار تۇماق بىلەن ئۇرسا يىقىلمايدۇ، لېكىن ئۇلار تېخى ئۆزلىرىنىڭ باللىق دۇنياسى ئىچىدە قونچاقلىرى ۋە «تاش تەرمەك» لىرى بىلەن دۇنيادىن بىخەم ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا نە خوتۇن بولۇش، نە ئۆي تۇتۇش دېگەنلەر ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە تويى بولغان قىز-يىگىتلەر تويى كۈنىلا كۆرۈشىدۇ، تويىدىن ئىلگىرى قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالىدىن قىلچە خەۋەرسىز بولىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، تۇيۇقسىزلا يات بىر خەقلەر كېلىپ ئاغزىدىن ئوغۇز سۈتىنىڭ تەمى كەتمىگەن، ھېچنىمىدىن خەۋىرى يوق بىر نارەسىدىنى ئۆزى چوڭ بولغان ئىللىق ئۆيىدىن، ئاتا- ئانىسىدىن ئايرىپ، ئېلىپ ماڭسا، يەنە كېلىپ بەزىدە «چاپىنىمىنىڭ يېڭىنى، شا تاۋادا ئۆچلىغان. ئەرگە تەگمەيمەن دېسەم، ئانام بېشىمغا مۇشت » لىغان ئەھۋالدا ئەلۋەتتە يىغلايدۇ - دە. تويى بولغان قىزنىڭ كۆچۈرۈپ ئېلىپ ماڭغاندا يىغلاش ئادىتى مانا مۇشۇنداق بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. يىغلاش ئادىتىنىڭ فولكلور قىممىتى ناھايىتى زور بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

## 4. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ پەن-تېخنىكىلىق قىممىتى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشى داۋامىدا يارانقان سەنئەت جەۋھىرى بولۇپ، ئۇ ناھايىتى مول ئادىمىيەت پەنلىرى قىممىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئىلىم- پەن جەھەتلەردىكى بىر مۇنچە تەجرىبە ۋە بىلىملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. دېھقانچىلىق، ھاۋارايى، باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق، مۇھىت مەزمۇنىدىكى ماقال- تەمسىللەردە نۇرغۇن قىممەتلىك بىلىم - تەجرىبىلەر مۇجەسسەم بولۇپ، خەلقنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇشى جەريانىدا ئىنسانلارنى قىممەتلىك ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەجرىبىلىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئۆزىنىڭ غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

يەر ھەيدىسەڭ كۆز ھەيدە،
كۆز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە.
قىغىسىز يەر، پۇلسىز ئەر.
ئانارنى چۆلگە تىك، ئەنجۈرنى كۆلگە (تىك).
ئاي قوتانلىسا ئايدا ياغار،
كۈن قوتانلىسا كۈندە ياغار.
بىرنى كەسسەڭ، ئوننى تىك.
ساپ ھاۋا تەنگە داۋا.

يۇقىرىقى ماقال- تەمسىللەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىلىم- پەن بىلىملىرى كىشىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش جەريانىدا تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشقا يېتەكلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ياغاچ ئات» قاتارلىق بىر قىسىم چۆچەكلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىلىم - پەن تېخنىكىسى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارمۇ كىشىلەرنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىلھاملاندۇرۇش رولىغا ئىگە. « ياغاچ ئات» نىڭ ئاساسىي ئىدىيەسى مۇھەببەت. لېكىن چۆچەكتىكى ياغاچچى بىلەن تۆمۈرچىنىڭ ھۈنەر- سەنئەتتە ۋايىغا يەتكەنلىكى - « ياغاچنى ئاسماندا ئۇچۇرتۇپ، تۆمۈرنى سۇدا ئۈزدۇرۇشى» كىشىلەرنى پەن-تېخنىكا كەشپىياتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا

ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا يەنە «ئۇچار گىلەم»، «ئەينەئىي جاھان» (جاھان ئەينىكى)، «ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان ئالما» قاتارلىق سېھرىي چۆچەكلەر تارقالغان بولۇپ بۇ چۆچەكلەردىكى دېتاللار كىشلەرگە پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلەپ، يېڭى كەشپىياتلارنى يارىتىشقا ئىلھام بېرىدۇ.

## 5. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىش قىممىتى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نىكاھ، مۇھەببەت، ئۆرپ-ئادەت، دىنىي ئېتىقادقا ئوخشاش كۆندىلىك تۇرمۇش ئىشلىرىدا تېخىمۇ كەڭ ئەمەلىي قوللىنىلىش رولى بولىدۇ.

(1) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نىكاھ، مۇھەببەتلىشىش ئىشلىرىدا قوللىنىلىشى. فېئوداللىق جەمئىيەتتە، نىكاھ ۋە مۇھەببەت باشقىلارنىڭ ئارىلىشىۋېلىشى نەتىجىسىدە سودا-سېتىق ئورنىغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، بۇ ھال نۇرغۇنلىغان نىكاھ پاجىئەلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئاياللارنى تاۋار ئورنىدا ئېلىپ-ساتىدىغان فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى ئۈزۈندىن بۇيان قىز-يىگىتلەرنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىغاچقا، ئەركىن مۇھەببەتنى كۈيلەيدىغان ھەر خىل ناخشا-قوشاق، ھېكايە-چۆچەكلەر مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن: ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى «ھاي-ھاي ئۆلەن»، «قىز قوشىقى»، «گۈلەمخان»، «قەمبەرنىسا» ۋە باشقىلارنى ئالساق، بۇ ناخشىلاردا قىز-يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ بەختسىز سەرگۈزەشتىلىرىنى ئىزھار قىلدى، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلدى.

(2) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ماجىرالارنى ھەل قىلىشتا قوللىنىلىشى. بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ھەمىشە خەلق قوشاقلىرى، داستانلار ياكى سەنئەت شەكىللىرى ئارقىلىق خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەر ھەل قىلىنىدۇ. دولان مەشرەپلىرى ئىچىدە مەخسۇس "ئاداۋەتنى يۇيۇش مەشرىپى" بار. بىر مەھەللىدە ئىككى ئادەم ئاداۋەتلىشىپ قالسا، يىگىت بېشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مەخسۇس مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ، ئاداۋەتلىشىپ قالغانلار ياراشتۇرۇپ قويۇلىدۇ. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئاداۋەتلىشىپ قالغان ئىككى تەرەپ « ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز » ئالدىدا، ئاداۋەتلىشىش جەريانىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىدۇ، «ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز» ئۇلارنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىدۇ، يىگىت بېشى ئۇلارغا چاي، ياكى چىلىم (تاماكا) تۇتىدۇ، ئىككىسى چاينى بىر ئوتلامدىن ئىچىپ، بىر-بىرىگە تۇتىدۇ، ياكى چىلىم چېكىشىدۇ، ئۇلار « ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز» ئالدىدا ئاداۋەتنىڭ شۇنىڭ بىلەن تۈگىگەنلىكى، بۇندىن كېيىن ئىناق ئۆتىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىدۇ، كۆپچىلىك مۇبارەك بولسۇن دېيىشىپ تەبرىكلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاداۋەت يۇيۇلغان بولىدۇ. ناۋادا ئۇلار (ياكى ئۇ) جامائەتنىڭ ئالدىدا ياراشقان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە داۋاملىق ئاداۋەت ساقلىسا، بۇنداق ئادەملەر قارشى ئېلىنمايدۇ. دېمەك، خېلى كۆپ مىللەتلەر ئارىسىدا ئىلگىرى ناخشا-قوشاق ياكى ماقال-تەمسىللەر ئارقىلىق ھەر خىل ماجىرالارنى ھەل قىلىش ئادىتى بولغان.

(3) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئۆرپ-ئادەت ۋە ئېتىقادلاردا قوللىنىلىشى. خەلق ئىچىدىكى بەزى ئۆرپ-ئادەتلەر ھامان دىنىي ئېتىقاد، خۇراپاتلىق ۋە باشقا روھىي ھالەتلەر بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە تازا بولمىغان شاكاللار بار بولۇپ، تەنقىد قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما ئۇ قەدىمدىن ئۇدۇم بولۇپ كېلىۋاتقان ئۆرپ-ئادەت بولغانلىقتىن ، بەلگىلىك دەرىجىدە خەلقنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەت ۋە ئېتىقادلىرى شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدا، بولۇپمۇ ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئەكس ئېتىدۇ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى ئۆرپ ـ ئادەتكە مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر ئارقىلىق خەلقنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئېتنوگرافىيەسى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار تارىخىي جەريانلارنى چۈشىنىپ يەتكىلى بولىدۇ.

مۇنەۋۋەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئەدەبىيلىكى بىلەن ئىلىم-پەن قىممىتى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ئەسەرلەرنىڭ ئىلىم-پەن قىممىتى ئەدەبىيلىك ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ،

ئەدەبىيلىك ئىچىگە ئىلىم-پەن بىلىملىرى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئوقۇتۇش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىشتىن ئېستېتىك زوق ئېلىشتا، بولۇپمۇ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئوقۇتۇش، تەتقىق قىلىشتا، ئەدەبىيلىك بىلەن ئىلىم-پەن قىممىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەدەبىيلىكىدىن زوقلىنىش ئاساسىدا، ئۇنىڭدىكى ئىلىم-پەن قاتلىمىغا چوڭقۇر چۆكۈشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ياكى ئۇنىڭ ئىلمىي-پەن قىممىتىنى شەرھلەش بىلەن بىللە، ئەدەبىي قىممىتىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىشىمىز لازىم.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئوقۇتۇش، تەتقىق قىلىشتا ئەسەرلەرنى ھېكايە ۋەقەلىكى، پېرسوناژلار خاراكتېرى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى قاتارلىق تەرەپلەردىن تەھلىل قىلىپ، مەزمۇنىنى يۈزەكى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ھېكايە ۋەقەلىكى، پېرسوناژلار خاراكتېرى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىنى شەكىللەندۈرگەن ئىجتىمائىي ئاساس ـ مەدەنىيەت ئامىللىرى ئىچىگە چۆكۈپ، چوڭقۇر قاتلاملىق مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدىن ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇھىتى ۋە كىشىلەر پسىخىكىسىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ۋەكىللىك ئەسەرلەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىشىمىز لازىم. ھېكايە ۋەقەلىكىنى شەكىللەندۈرگەن مەدەنىيەت ئامىللىرىنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى بىر قەدەر ئەتراپلىق ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئوقۇتۇش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىشتىن زوقلىنىشتا، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئەدەبىيات نۇقتىسىدا تۇرۇپ زوق ئېلىپ، ئىلىم-پەن نۇقتىسىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئۇنىڭ ئەدەبىيلىكى بىلەن ئىلىم-پەن قىممىتىنى بىرلەشتۈرگەندىلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشەندۈرگىلى ۋە ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

## ئىزاھلار

[1] ئەلۋەدۇ مىنەل ئىمان: ۋەدىسىدە تۇرۇش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر، يەنى ۋەدە قىلىش ئىمان ـ ئېتىقادقا ئوخشاش مۇقەددەس ئىشتۇر. چۆچەكتە بۇ سۆز ئەل- جامائەت ئالدىدا« شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى » دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان.

[2] قىش ئەقرىبا: ئۇرۇق- تۇغقان، دوست- بۇرادەر.

[3] باتىل: ئۆتمەس، ھېسابقا ئېلىنماسلىق، ئىناۋەتسىز.

[4] ئىپتىدائىي قەبىلىلەردە قايسى قەبىلىنىڭ ئادەم سانى كۆپ بولسا شۇ قەبىلە كۈچلۈك ھېسابلانغان، شۇڭا ئۇ دەۋرلەردە « ئىچ كۈيئوغۇل » ئومۇمىيۈزلۈك قارشى ئېلىنغان.

## پايدىلانمىلار


1. ئابلەت ئۆمەر قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997.
2. ئابلىمىت مۇھەممەد: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002.
3. «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (1- كىتاب)، «ئۈجمە سايىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980.
4. «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» (1-كىتاب)، «سىيىت نوچى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981.
5. مۇھەممەد رېھىم توپلاپ رەتلىگەن: «ئۇيغۇر خەلق ماقال- تەمسىللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980- يىل.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

32 - يىللىق 2 - سان　　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　第 32 卷第 2 期
2011 - يىلى 6 - ئاي　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　　2011 年 6 月

ماقالە نومۇرى: 04 _ 084 _ 02 (2011) 5878 _ 1005

# ئورقۇن ئابىدىلىرىدىكى ئەپسانىۋى ئامىللار *

**ئاقىز تالىپ**

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830054)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى ــ كۆك تۈرۈك خانلىقى ۋە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى قىممەتلىك تارىخىي ھۆججەت ۋە رېئالىستىك بەدىئىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇ ماقالىدە، « ئورقۇن ئابىدىلىرى » ناملىق ئەسەردىكى مەڭگۈ تاشلاردا ئۇچرىغان ئەپسانىۋى ئامىللار كۆرسىتىلىدۇ، ھەمدە بۇ ئامىللارنىڭ مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنىڭ ئەدەبىي قىممىتىنى ئاشۇرۇشتىكى ئەھمىيىتى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要:**《鄂尔浑碑铭文》作为鄂尔浑维吾尔王朝时期的重要的历史文献和文艺作品把我们提供当时维吾尔人的意识形态、生活状态、宗教信仰、生活习惯、邻国关系等方面的珍贵的信息。《鄂尔浑碑铭文》虽然是现实主义体裁的作品但是不乏一些深化因素。

本文主要指出《鄂尔浑碑铭文》一书里的三部碑铭文中所出现的神话因素及其作用。

**Abstract**: Stela inscriptions, as valuable historical documents and realistic literary works from the era of the Göktürk Kingdom and the Orkhon Uyghur Kingdom, provide us with valuable information. This article will outline some of the mythical elements to be found in the "Orkhon Inscriptions," and will also consider how these elements increase the literary quality of the stela inscriptions.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I222　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بىر قىسىم ئۇرۇق - قەبىلىلەر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى دەۋردىن مىلادىيە 9 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل يايلاقلىرىدا ياشاپ شانلىق مەدەنىيەت ياراتقان. ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ بىر قىسمىمۇ مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئورقۇن ۋادىسىنى پائالىيەت مەركىزى قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دەۋردە يارىتىلغان ئەدەبىيات « ئورقۇن دەۋرى ئەدەبىياتى » دەپ ئاتالغان. ئورقۇن دەۋرىدە يارىتىلغان يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى « مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى» ئىگىلىگەن بولۇپ، تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىدە خاقان، ۋەزىر ۋە سانغۇنلار ئۈچۈن تۆھپە خاتىرە تاش ئورنىتىدىغان ئادەت بولغان، بۇ خاتىرە تاشلارغا ئاشۇ شەخسلەرنىڭ ئىش- پائالىيەتلىرى، ۋەز - نەسىھەتلىرى ئويۇلاتتى. بۇ خىل خاتىرە تاشلار « مەڭگۈ تاشلار » دەپ ئاتالغان.

مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى ــ ئالدى بىلەن كۆك تۈرۈك خانلىقى ۋە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى قىممەتلىك تارىخىي ھۆججەت بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىختا ئۆتكەن خاقانلارنىڭ خانلىقنى قۇرۇش، مۇستەھكەملەش ۋە خانلىقنىڭ ئەسكىرىي تۈزۈلمىسى، ھەربىي يۈرۈشلىرى ۋە خانلىقنى كۈچەيتىش يولىدا كۆرسەتكەن تۈرلۈك تىرىشچانلىقلىرى ھەققىدىكى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئەتسە، رېئالىستىك بەدىئىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنى ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيەت، قانۇن-تۈزۈم، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ ـ ئادەت، قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان تۈرلۈك

---

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 4- ئاينىڭ 5-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئاقىز تالىپ ( 1982 - يىلى 1- ئايدا تۇغۇلغان )، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى 2008-يىللىق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات كەسپىنىڭ ماگىستىرانتى.

مۇناسىۋەتلەر ھەققىدىكى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. مېنىڭچە ئۇ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرىدىن سىرت يەنە ھەر تەرەپلىمە تەتقىقاتىمىزنىڭ ئوبيېكتى بولالايدىغانلىقى بىلەنمۇ قىممەتلىك. چۈنكى ، مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى، بولۇپمۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى قاتارلىق جەھەتلەردە خېلى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەتقىقاتلار ئىشلىنىپ كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭدىكى ئەپسانىۋى ئامىللار ھەمدە بۇ ئامىللارنىڭ ئەسەردىكى ئەھمىيىتى ھەققىدە تەتقىقاتلار يېتەرلىك بولمىدى. مەن بۇ ماقالىدە، «ئورقۇن ئابىدىلىرى»[1] ناملىق كىتابتىكى كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى، بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى، تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشىنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى بىر قىسىم ئەپسانىۋى ئامىللارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەردىكى رولى، ئەھمىيىتى ھەققىدىكى دەسلەپكى چۈشەنچەمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

ئەپسانە ـ قەدىمكى ھېكايە ژانىرى بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئوبرازلاشتۇرۇش جەريانىدۇر. ماركسنىڭ تەبىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەپسانە ئىنسانلار خىيالىدا ئاڭسىز ھالدا بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ ئاغزىدا ئومۇملۇق ھالدا بارلىققا كەلگەن ئىجادىيىتى. ئۇ قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ كائىناتنى چۈشەندۈرۈشى، ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىرادىسى ۋە غايىسى، شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيە ئۆزگىرىشى ۋە راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت [2]. گەرچە ئەپسانىلەردە ئاجايىپ-غارايىپ ھادىسىلەر يۈز بەرسىمۇ، ئۇ مەلۇم تەرەپلەردىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا باغلانغان بولىدۇ. ئۇ كۆپ ھاللاردا نوقۇل فانتازىيەلىك ئامىللارغا تايىنىپ توقۇپ چىقىلغان بولسىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئاجىزلىقنى يېڭىش، بەختلىك ھاياتقا ئىنتىلىش ئارزۇ-ئىستىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خىلمۇ-خىل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئىرادىسىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن كۆرستىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ:

(1) ئالتاي تىللىق مىللەتلەر ئەپسانىلىرىدە ئاساسلىق تەڭرىدىن ئۈچى بولۇپ، ئۇلار كۆك تەڭرىسى، يەر-سۇ تەڭرىسى ۋە ئاياللار-باللار تەڭرىسى ئۇماي ئانىدىن ئىبارەت. تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئورتاق بولغان ئەڭ چوڭ ئىلاھ «تەڭرى» بولۇپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئۇ ئالەمنى ئىدارە قىلىدۇ، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئورقۇن ئابىدىلىرىدە بۇ ئۈچ تەڭرى ئۆز نۆۋىتىدە ئايرىم-ئايرىم تىلغا ئېلىنىدۇ، ھەمدە خاقانلارنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشىغا، ئۇرۇش قىلىشىغا، ئۇرۇشلاردا نۇسرەت قازىنىشىغا ياردەملىشىدۇ. مەسىلەن: بۇ ھەقتە كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشىدا مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ:

"ئۈستىدە كۆك ئاسمان، ئاستىدا قوڭۇر يەر يارىتىلغاندا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارىتىلىپتۇ. ئىنسان بالىلىرىنىڭ ئۈستىدە ئاتىلىرىم، دادىلىرىم بۇمىن خاقان ( ۋە ) ئىستەمى خاقان خاقان بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ (D1) " [3].

"كۆكتە تۇرۇك تەڭرىسى (ۋە) تۇرۇك مۇقەددەس يەر سۇ (روھلىرى) شۇنداق قىپتۇ: تۇرۇك خەلقى يوقالمىسۇن، خەلق بولسۇن دەپ ئاتام ئىلتەرىش خاقاننى، ئانام ئىلبىلگە قاتۇننى كۆكتىن (تېخىمۇ) يۇكسەك كۆتۈرۈپتۇ، شۈبھىسىز (D11) "[4].

يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆك تەڭرىنىڭ ناھايىتى قۇدرەتلىك ئىلاھ بولۇپ، ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، مۇقەددەس كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەمدە قاغانلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىكى مۇھىم كۈچ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

(2) تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدە خاقانلارنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى تەڭرىنىڭ ھۆكمى بويىچە بولىدۇ، ئورقۇن ئابىدىلىرىدىكى خاقانلارنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشىمۇ بىۋاستە كۆك تەڭرى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. مەسىلەن:

كۆل تېگىن ئابىدىسىدە: " (مەنكى) تەڭرىدەك (ۋە) تەڭرىدىن بولمىش تۇرۇك بىلگە خاقان بۇ دەۋردە (تەختتە) ئولتۇردۇم (G1) "[5].

"تەڭرى بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن مېنىڭ (مۇ) تەلىيىم بولغانلىقى ئۈچۈن خاقان بولۇپ تەختتە ئولتۇردۇم (G9) "[6].

بىلگە خاقان ئابىدىسىدە: ''تەڭرى بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن، مېنىڭ (مۇ) تەلىيىم بولغانلىقى ئۈچۈن (خاقان بولۇپ) تەختتە ئولتۇردۇم (k7)''[7].

''ئانام قاتۇننى بۇيۇكلەتكەن تەڭرى، (ئۇلارغا) دۆلەت بەرگەن تەڭرى، تۈرك خەلقىنىڭ نام-شەرىپى يوق بولمىسۇن دەپ، مېنى ئۇ تەڭرى (خاقان) قىلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزدى (D21)''[8] دېگەن بايانلار ئۇچرايدۇ.

تونيۇقۇق ئابىدىسىدىكى بىرىنچى تاشتا: ''... ئۇنىڭدىن كېيىن تەڭرى ئەقىل بەرگەنلىكى ئۈچۈن (ئۇنى) مەن ئۆزۈم خاقان قىلدىم (B6)''[9] دېگەن بايانلار بار.

يۇقىرىدىكى مىساللاردىن، خاقانلارنىڭ تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە تەختكە ئولتۇرغانلىقى، ھەممىدە خانلارمۇ ئادەتتىكى خان بولماستىن تەڭرىنىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلغان ئالاھىدە خان ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

(3) بۇ ئابىدىلەردە ھەر قايسى دەۋردىكى ئۇرۇشلار، خەلقنى ئىدارە قىلىش ۋە جەڭدە قولغا كەلتۈرگەن بارلىق نەتىجىلەر، ھەتتا پارچىلىنىش، بۆلۈنۈش ھالىتىدىكى خانلىقنىڭ قانداق قىلىپ خەۋپلىك ۋەزىيەتتىن قۇتۇلغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلارمۇ تەڭرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن غەلىبىلەرمۇ تەڭرىگە باغلىنىپ چۈشەندۈرۈلىدۇ، ھەممە تەڭرى ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلغۇچى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. مەسىلەن:

كۆل تېگىن ئابىدىسىدە: ''...قىرىق يەتتە قېتىم قوشۇن تارتىپتۇ، يىگىرمە قېتىم ئۇرۇش قىپتۇ. تەڭرى شۇنداق بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن، دۆلىتى بارلارنى دۆلىتىدىن مەھرۇم قىپتۇ، باشلىقلارنى باش ئەگدۈرۈپتۇ (D15)''[10].

''...تەڭرى ھىمايە قىلسۇن، ئىلاھىي مەدەتكار تەقدىرىم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان خەلقنى تىرىلدۈرۈپ تويغۇزدۇم.... (D29)''[11].

بىلگە خاقان ئابىدىسىدە:

''... تەڭرى بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن، مېنىڭمۇ تەلىيىم بولغانلىقى ئۈچۈن (خاقان بولۇپ) تەختتە ئولتۇردۇم....كەمبەغەل خەلقنى باي قىلدىم. تەڭرى بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن تەختتە ئولتۇرغاندا (مەنمۇ) تۆت ئەتراپتىكى خەلقنى يىغىپ تەرتىپكە سالدىم، تەشكىللىدىم... (K7,9) '' [12].

بىلگە خاقان ئابىدىسىدە: ''... يۇقىرىدا كۆك، تۆۋەندە يەر مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن كۆز يەتكۈسىز،قۇلاق ئىشىتكۈسىز خەلقىمنى شەرقتە كۈن چىققۇچە، جەنۇبتا كۈن ئوتتۇرىسىغىچە، غەربتە كۈن پېتىشقىچە، شىمالدا كېچە ئوتتۇرىسىغىچە ئورۇنلاشتۇردۇم(K11) ''[13].

تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشىدا: ''... قوشۇنى ئالتە مىڭ كىشىلىك ئىكەن، بىز ئىككى مىڭ كىشىلىك ئىدۇق.ئۇرۇشتۇق، تەڭرى بۇيرىدى، (ئوغۇزلارنى) يەڭدى (G9)''[14].

تونيۇقۇق 2- تېشىدا: ''...كېچە كەلدۇق، (مۇشۇ يەرلەرگىچە) كەلگەنلەر (كېلىش) قىيىن (ئىدى) دېدى، ( ئەمما بەكمۇ قىيىن ) ھېس قىلمىدى. بەلكى تەڭرى ئۇماي، مۇقەددەس يەر ۋە سۇ ( روھلىرى بىزگە ) ياردەم قىلغۇەتتى (D3) ''[15].

بۇ مىساللاردىن قارىغاندا تەڭرى پەقەت ھەممىدىن يۇقىرى ئۇلۇغ سۈپەتلىك ئىلاھ بولۇپلا قالماي يەنە خاقانلارغا ناھايىتى يېقىن تۇرىدۇ. بۇنداق يېقىن تۇرۇش بىر تەرەپتىن، تەڭرىنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى نامايان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خاقانلار ئۇرۇشتا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە ئۇتۇقلىرىنى بىۋاستە تەڭرىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈپ تەڭرىنىڭ رولى ۋە كۈچىنى تېخىمۇ غايىۋىلىككە كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ناھايىتى قۇدرەتلىك زور ئىلاھىي مەدەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئىلاھلىرى ئىچىدە كۆك تەڭرىنىڭ ئىمتىيازى ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ مەركىزىي ئورۇندا تۇرىدۇ، قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ نەزەرىدە ئۇ ئىنسانىي دەۋردىكى بارلىق ئىجتىمائىي، سىياسىي مەۋجۇتلۇقنىڭ كاپالەتچىسى نوپۇزىغا ئىگە ياراتقۇچى، ئۇ ھەممىگە قادىر، شۇنداقلا ئىلاھىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە تەبىئەتتىن ھالقىغان مەۋجۇتلۇق ئىدى.

قىسقىسى، ئورقۇن ئابىدىلىرىدىكى « تەڭرى » مۇ بۇ ئابىدىلەردە ئۇچرىغان ئىلاھلار ئىچىدىكى ئورنى، رولى چوڭ ۋە قۇدرەتلىك. ئۇ نوقۇل ھالدىكى تەڭرى ئەمەس، ئۇ خاقانلارنى تەختكە ئولتۇرغۇزىدىغان، ھەممىدە جەڭ قىلىش، يۇرت باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردا خاقانلار بىلەن بىرلىكتە خەلق ئۈستىدە

ئويلىنىدىغان، يادەم قىلىدىغان، ئەقلىي ئىقتىدارغا، كۈچ - قۇۋۋەت، ئىرادىگە ئىگە، كىشىلەرگە بەخت-سائادەت ئاتا قىلىدىغان ئالاھىدە تەڭرىدۇر.

ئەلۋەتتە، بۇ ئابىدىلەر تارىخىي ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن رېئالىستىك ئەسەر بولسىمۇ ئەپسانىۋى ئامىللارنىڭ بولۇشى ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېڭى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەڭگۈ تاشلاردا قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېڭى ۋە تۇرمۇشقا، تەبىئەتكە بولغان چۈشەنچىسى ئەپسانىۋى ئامىللار ئارقىلىق ئەسەر مەزمۇنىغا سىڭدۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ ئالەم ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنىڭ بەدىئىي يوسۇندىكى ئىپادىلىنىشىدۇر. بۇ مەڭگۈ تاشلاردا ئۇچرىغان ئەپسانىۋى ئامىللار ئابىدىنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرىكىپ ئۇچۇر مەنبەسىنى تېخىمۇ موللاشتۇرغان، ئەسەردە ھەر قايسى خانلار ئۆزىنى كۆك تەڭرى بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىكتىن بۇ ئەسەر قەدىمكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا خاس خۇسۇسىيەتلەر بىلەن تېخىمۇ يېقىنلىشىپ ئەسەر تىلىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. قاغانلارنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى، ئېلىپ بارغان جەڭلىرى ۋە جەڭلەردە ئۇچرىغان قىيىنچىلىقتىن ئوڭۇشلۇق قۇتۇلۇشى قاتارلىق بىر قاتار ۋەقەلىكلەر ئەپسانىۋى ئامىللار ئارقىلىق ناھايىتى تەسىرلىك، ئېنىق، جانلىق ئىپادىلىنىپ ئەسەرنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان.

يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىز پەقەت ئورقۇن ئابىدىلىرى ئىچىدىكى كۆل تېگىن، بىلگە خاقان، تونيۇقۇق ئابىدىلىرىدە ئۇچرىغان بىر قىسىم ئەپسانىۋى ئامىللار بولۇپ ، باشقا ئابىدىلەردە تېخىمۇ كۆپ ئۇچرىشى مۇمكىن. بۇ ئابىدىلەردىكى ۋەقەلىكنىڭ بايان قىلىنىش شەكلى ۋە تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆپرەك ئۆگىنىشكە ۋە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## ئىزاھلار

[1] ئەركىن ئارىز، ئابدۇبەسىر شۈكۈرى تۈرۈكچىدىن تەرجىمە قىلغان « ئورقۇن ئابىدىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009- يىل 3 - ئاي 1- نەشرى.
[2] ۋاھىتجان ئوسمان، ئەسقەر ھۈسەيىنلەر تۈزگەن « ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى »، 44- بەت.
[3] «كۆل تېگىن ئابىدىسى» شەرق يۈزى 1-قۇر، « ئورقۇن ئابىدىلىرى» 45-بەت.
[4] «كۆل تېگىن ئابىدىسى» شەرق يۈزى11-قۇر، « ئورقۇن ئابىدىلىرى» 49-بەت.
[5] «كۆل تېگىن ئابىدىسى» جەنۇب يۈزى 1-قۇر، « ئورقۇن ئابىدىلىرى» 39-بەت.
[6] «كۆل تېگىن ئابىدىسى»جەنۇب يۈزى 9-قۇر، « ئورقۇن ئابىدىلىرى»43 -بەت.
[7] «بىلگە خاقان ئابىدىسى»شىمال يۈزى 7-قۇر، « ئورقۇن ئابىدىلىرى» 77-بەت.
[8] «بىلگە خاقان ئابىدىسى» شەرق يۈزى 21-قۇر، « ئورقۇن ئابىدىلىرى» 93-بەت
[9] «تونيۇقۇق ئابىدىسى»غەرب يۈزى 6-قۇر، « ئورقۇن ئابىدىلىرى» 113-بەت.
[10] « كۆل تېگىن ئابىدىسى » شەرق يۈزى 15-قۇر، « ئورقۇن ئابىدىلىرى» 51-بەت.
[11] « كۆل تېگىن ئابىدىسى » شەرق يۈزى 29-قۇر، « ئورقۇن ئابىدىلىرى» 59-بەت.
[12] «بىلگە خاقان ئابىدىسى» شىمال يۈزى 7-9-قۇر، « ئورقۇن ئابىدىلىرى» 79-بەت
[13] «بىلگە خاقان ئابىدىسى» شىمال يۈزى 11-قۇر، « ئورقۇن ئابىدىلىرى» 79-بەت.
[14] «تونيۇقۇق ئابىدىسى» جەنۇب يۈزى 9-قۇر، « ئورقۇن ئابىدىلىرى» 43-بەت.
[15] «تونيۇقۇق ئابىدىسى» 2-تېشى شەرق يۈزى13-قۇر، « ئورقۇن ئابىدىلىرى» 125-بەت

**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

32 ـ يىللىق 2 ـ سان
2011 ـ يىلى 6 ـ ئاي

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)

第 32 卷第 2 期
2011 年 6 月

ماقالە نومۇرى: 11 ـ 088 ـ 02 (2011) 5878 ـ 1005

# «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىنىڭ ۋارىيانتلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى شامان دىنى چۈشەنچىلىرى توغرىسىدا*

## ياسىن مۇھەممەتنىياز تېكە

(خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، خوتەن. 848000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى داستانلىرىنىڭ بىرسى. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيىتىگە ئائىت نۇرغۇن چۈشەنچىلەر ساقلانغان. «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىنىڭ ھازىرغىچە تۆت خىل ۋارىيانتى بايقالدى. مەزكۇر ماقالىدا، مۇشۇ ۋارىيانتلارنىڭ ۋەقەلىك قۇرۇلمىسى، تىلى ۋە باشقا دېتاللىرى جەھەتتىكى پەرقلەر سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا كۆرسىتىلىدۇ.

**摘要：**维吾尔民间达斯坦《秦铁木尔勇士》是维吾尔族最古老的英雄达斯坦之一。其中存在着关于维吾尔族原始文化的许多心念。至今已发现民间达斯坦《秦铁木尔勇士》的四种变体。本论文以对比基础上指出了这些变体的情节构架，语言及其它细部的变异。

**Abstract:** The epic poem *Chin Tömür Batur* is one of the Uyghur people's most ancient epics, and thus contains much information regarding early Uyghur culture. To date, four variants of *Chin Tömür Batur* have come to light; this paper will compare these variants in light of differences in plot, language use, and various other details.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: **G122**    ماتېرىيال بەلگىسى: **A**

«چىن تۆمۈر باتۇر »داستانى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر قەدەر كەڭ تارقالغان قەھرىمانلىق ھەققىدىكى داستانلارنىڭ بىرسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قەدىمكى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىق ھاياتى، تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، كۆچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ھازىرغىچە بۇ داستانىنىڭ خەلق ئارىسىدىن تۆت خىل ۋارىيانتى يىغىۋېلىندى. بۇلار «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى، « چىن تۆمۈر باتۇر» داستانى، «ئاقئۇلامبەردىخان» داستانى، « ئاققۇلان بەردىخان » داستانى قاتارلىقلاردۇر.

«چىن تۆمۈر باتۇر» تېمىسىدىكى بۇ داستان، چۆچەكلەرنىڭ قۇرۇلمىسى چوڭ جەھەتتىن تۆت قىسمغا بۆلىنىدۇ. داستانىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا مۇنداق ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ: ئىلى ئىقلىمىدىكى پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنى تۇغماس بولۇپ، ئۇ كىچىك خوتۇنى تۇغقان بالىلارنى سۇغا تاشلىۋېتىدۇ. ئەمما، بۇ بالىلارنى ئېيىق قۇتقۇزىۋالىدۇ. بۇلار كېيىن بىر بىرىسىگە ئىسىم قويۇشىۋالىدۇ. چوڭىنىڭ ئىسمى چىن تۆمۈر، كىچىكىنىڭ ئىسمي مەختۇمسۇلا دەپ بېكىتىلىدۇ. ئۇلار يايلاقتا ئىجىل ئىناق ياشايدۇ. داستانىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا، چىن تۆمۈر ئوۋچىلىق قىلىدۇ. ئۇ ھەر قېتىم سىرتقا ماڭغاندا، سىڭلىسىغا «توخۇنى تاخ دېمە، مۈشۈكنى پەش دېمە، چېچىڭنى سۇدا تارىما »دېگەندەك پەرھىزلەرنى بېكىتىپ قويىدۇ. ئەمما مەختۇمسۇلا پەرھىزگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، موماي قىياپىتىگە كىرىۋالغان يالماۋۇز ئۇنىڭ تاپىنىدىن قان شورايدۇ. يالماۋۇز ئۇدا ئالتە قېتىم قان شورىغاندا، ھالسىزلانغان مەختۇمسۇلا ئەھۋالنى ئاكىسىغا بايان قىلىدۇ. چىن تۆمۈر باتۇر مەختۇمسۇلانى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، يالماۋۇزنى ئۆلتۈرىدۇ. داستانىنىڭ ئۈچىنچى قىسمى ۋەقەلىكنىڭ كولمۇناتسىيەسى بولۇپ،

* بۇ ماقالە 2010ـيىلى 11ـئاينىڭ 1ـكۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ياسىن مۇھەممەتنىياز تېكە (1975ـ يىلى 6ـئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، ماگىستىر. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

چىن تۆمۈر باتۇر مەختۇمسۇلانى قۇتقۇزۇپ، يالماۋۇزنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، سىڭلىسىنى موڭغۇل شاھزادىسى ئۇزمۇخ ئېلىپ قاچىدۇ. مەختۇمسۇلا ئىككى باللىق بولىدۇ ۋە ئۇزمۇخنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلىدۇ. داستاننىڭ تۆتىنچى قىسمى خاتىمىسى بولۇپ، چىن تۆمۈر باتۇر ئەما بولۇپ قالىدۇ. مەختۇمسۇلانىڭ ئالمىسى بىلەن كۆزى ئېچىلىپ، ئاكا ــ سىڭىل قايتىدىن جەم بولىدۇ.

## 1. ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىنىڭ ھەرقايسى ۋارىيانتلىرىدىكى پەرقلەر

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنى ھەرقايسى ۋارىيانتلارغا ئورتاق بولغان قۇرۇلما، لېكىن يەنە بىر قاتار پەرقلەرمۇ بار. بۇلارنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپكە يىغىش مۇمكىن.

### 1) ۋەقەلىك قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى پەرق

«چىن تۆمۈر باتۇر» داستانى بىلەن «ئاققۇلان بەردىخان » داستانىنىڭ ۋەقەلىك قۇرۇلمىسىدىكى پەرق ئەسەرنىڭ خاتىمىسىدە ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: بۇرۇنقى زاماندا، بايتۇرخان ئىسىملىك بىر خاقان بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىكەن. تۆتىنچىسىنىڭ ئىسمى ئاققۇلان بەردىخان ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىركۈنى بايتۇرخاننىڭ توقال ئاغىچىسى ھامىلدار بولۇپ، بىر قىز پەرزەنت تۇغۇپتۇ. بۇنىڭدىن بايتۇرخان قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ ئۇ قىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئاققۇلان بەردىخان سىڭلىسىنى ئوۋ يېمىكى قىلماق ئۈچۈن دادىسىدىن ئۇنى سوراۋاپتۇ. ئورمانلىققا ئەكىرىپ، ئۇنى كۆك بۆرىنىڭ بېقىشىغا سۇناقچى بولۇپتۇ. لېكىن، كۆك بۆرە ئۇنى قوبۇل قىلالماپتۇ. كېيىن كېيىك ئۇنى ئۈچ يىل بېقىپ بېرىدىغان بوپتۇ. ئۈچ يىلدىن كېيىن ئاققۇلان بەردىخان سىڭلىسىنى تاپشۇرۇپ ئاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا مەختۇمسۇلا دەپ ئات قويۇپتۇ. ئىككىسى بىر خىلۋەت جايدا ئۆي تۇتۇشقا باشلاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئاققۇلان بەردىخان يامان چۈش كۆرۈپتۇ. سىڭلىسىغا مۇنداق ئۈچ ئىشنى قىلماسلىقنى تاپىلاپ قويۇپ، يولغا راۋان بولۇپتۇ. بۇ ئۈچ ئىش ساچىنى دەريادا تارىماسلىق، توخۇنى «تاخ» دېمەسلىك، مۈشۈكنى « پەش » دېمەسلىك ئىكەن. ئەمما مەختۇمسۇلا بۇلارغا خىلاپلىق قىلىپتۇ. ئامالسىز ئۆزىنى ئۆزۈندىن بۇيان كۈتۈپ تۇرغان، يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن ئوت تىلەپتۇ. كېيىن يالماۋۇز موماي بېرىپ، ئۇنى چېچىدىن تورۇسقا باغلاپ قويۇپ، قېنىنى شوراپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر بۇنى سېزىپ قاپتۇ. سىڭلىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن. ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق ئېلىشىپتۇ. ئاخىرى يالماۋۇزنى يېڭىپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا يالماۋۇزغا سىڭلىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈزۈپتۇ. جاھان تىنچىپتۇ. كېيىن مەختۇمسۇلا يەنە چېچىنى سۇدا تاراپتۇ. شۇ تۇيەيلى ئۇنىڭ بىر تال چېچى بۇ يەردىن ئۈچ ئايلىق يىراقتىكى بىر ئەلنىڭ شاھى بۆگۈستاننىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. بۆگۈستان خان ئاخىرى ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئېرىشىشنى كۈن ــ تۈن ئارزۇ قىلىپتۇ، ئەمما مەختۇمسۇلا بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپتۇ. قۇتۇلۇش جەريانىدا بىر ئوغلىدىن ئايرىلىپتۇ. قىزى بۆگۈستاننىڭ قولىدا قاپتۇ. مەختۇمسۇلا ئاكىسىنى ئىزدەپ تېپىپتۇ. قولىدىكى ئۈزۈكنى بىر چۆرە ئارقىلىق ئەۋەتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاققۇلان بەردىخاننىڭ كۆزى ئېچىلىپتۇ. بۆگۈستانخان مەختۇمسۇلانى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى بايان قىلىپتۇ. ئاخىرى مەختۇمسۇلانىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

«ئاققۇلان بەردىخان »داستانىمۇ ۋەقەلىك نۇقتىسىدىن يۇقىرىقى داستان بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. كۆرۈشكە بولىدۇكى، بۇ ئىككى داستانىنى تۆت بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدۇ : داستاننىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە شاھزادىنىڭ مەختۇمۇسلانى بۇغىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكى ۋە ئاخىرىدا سىڭلىسى بىلەن بىللە ھايات كەچۈرۈشكە باشلىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئىككىنچى بۆلەكتە، مەختۇمسۇلانىڭ پەرھىزگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن يالماۋۇز بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقى، كېيىن يالماۋۇز بىلەن ئاققۇلان بەردىخاننىڭ قاتتىق ئېلىشقانلىقى، يالماۋۇزنى يەر

ئاستىغا تىقىۋەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى بۆلىكىدە مەختۇمسۇلانىڭ يەنە بىر قېتىم پەرھىزگە خىلاپلىق قىلغانلىقى، بوگۇستان شاھىنىڭ ئۇنى بۇلاپ كەتكەنلىكى، ئاخىرىدا مەختۇمسۇلانىڭ قېچىپ كېلىپ، چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن ئۇچراشقانلىقى بايان قىلىنىدۇ. تۆتىنچى بۆلەك خاتىمىسى بولۇپ، بوگۇستان خانىنىڭ قايتىپ كېلىپ، مەختۇمسۇلانىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ (مەلۇمكى، «چىن تۆمۈر باتۇر» نامىدىكى چۆچەكتە مەختۇمسۇلانىڭ كېيىن بۇلاكچى پادىشاھ بىلەن بىللە بولغانلىقىدەك ۋەقەلىك كۆرۈلمەيدۇ).

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنى مامۇت قاسىم رەتلەپ، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئاققۇلان بەردىخان» داستانىدۇر. بۇ ۋارىيانتقا قارىغاندا، مويىدىن سايىت ئەپەندى خاتىرىلىگەن «ئاقئۇلانبەردىخان» داستانى تېخىمۇ زور پەرققە ئىگە. ئابدۇبەسىر شۈكۈرى ئەپەندىنىڭ قەيت قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، «مەزكۇر ۋارىيانتنى لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىمى توختى جامال ئەپەندى 1991 ـ يىلىدىن ئىلگىرى لوپنۇر ناھىيە تىكەنلىك يېزىسى يېڭىسۇ كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق پېشقەدەم قوشاقچى ۋە داستانچى بېغىم نىياز دېگەن كىشىنىڭ ئاغزىدىن خاتىرىلىۋالغانىكەن. مەرھۇم داستانچى بېغىم نىياز بوۋاي مەزكۇر داستاننى ئېيتىپ بەرگەندە يۈز ياشقا يېقىنلاشقان»[1]. «ئاقئۇلانبەردىخان »داستانىنىڭ ۋەقەلىكى «چىن تۆمۈر باتۇر»داستانىنىڭ ھەرقانداق ۋارىيانتىغا قارىغاندا مۇرەككەپرەك. بۇ داستاندىكى زور پەرق يالماۋۇز بىلەن بولغان جەڭ جەريانى ۋە مەختۇمسۇلانى بۇلىغۇچىنىڭ سالاھىيىتىدۇر. يەنى يالماۋۇز ئۆگەستانخانىنىڭ ئانىسى بولۇپ، جىن ـ شاياتۇنلار مەملىكىتىنىڭ پادىشاھىدۇر.

ئەگەر «ئاقئۇلامبەردىخان» داستانىنىمۇ بۆلەكلەرگە بۆلۈشكە توغرا كەلسە ئۇنىمۇ ئوخشاشلا مۇنداق تۆت بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى بۆلىكىدە، مەختۇمخانىنىڭ دۇنياغا كېلىش جەريانى، ئاقئۇلانبەردىخانىنىڭ سىڭلىسىنى بۇغىنىڭ بېقىشىغا بەرگەنلىكى، ئاخىرىدا سىڭلىسى بىلەن جەم بولۇپ ئۇنىڭغا مەختۇمخان دەپ ئات قويغانلىقى؛ ئىككىنچى بۆلىكىدە، مەختۇمخانىنىڭ يەتتە باشلىق يالماۋۇزغا يولۇققانلىقى، يالماۋۇز بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، يالماۋۇزنىڭ نۇرغۇن جىن ـ شاياتۇنلىرى بارلىقى، جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ مەختۇمخاننى بۇلاپ كەتكەنلىكى؛ ئۈچىنچى بۆلىكىدە، مەختۇمخانىنىڭ ئالۋاستىلار مەملىكىتىدە يالماۋۇزلار شاھى ئۆگەستان بىلەن مەجبۇرىي توي قىلغانلىقى. ئۇنىڭدىن ئىككى پەرزەنتلىك بولغانلىقى، شاھنىڭ دۇلدۇلىنى مىنىپ كۈھىقاپتىن قۇتۇلغانلىقى، ئاقئۇلانبەردىخان بىلەن جەم بولغانلىقى. تۆتىنچى بۆلىكىدە، ئۆگەستانخانىنىڭ مەختۇمسۇلانى ئىزدەپ كېلىشى بايان قىلىنىدۇ.

مەلۇمكى، «چىن تۆمۈر باتۇر»داستانى بىلەن «چىن تۆمۈر باتۇر»چۆچىكىنىڭ ۋەقەلىك قۇرۇلمىسىدا زور پەرق يوق. ھەتتا ئىنچىكە تەپسىلاتلىرى دېگۈدەك ئوخشىشىدۇ. ئەمما، «ئاققۇلان بەردىخان»، «ئاقئۇلامبەردىخان» داستانلىرىدا ئۆگەستانخان ياكى بوگۇستانخانىنىڭ مەختۇمسۇلانى ئىزدەپ كېلىش جەريانى قوشۇلغان. «ئاقئۇلانبەردىخان» داستانىدا شاھزادە ئۇزمۇخنىڭ ئورنىغا قويۇلغان ئۆگەستان جىن ـ شاياتۇنلار مەملىكىتىنىڭ شاھى دەپ بايان قىلىنغان بولۇپ، يالماۋۇزدىن ئىبارەت رەزىللىك كۈچىنىڭ ئارقا تېرىكى قىلىپ يارىتىلغان. ئومۇمىي تەپسىلاتلار جەھەتتىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بارلىق ۋارىيانتلاردىن خېلىلا پەرقلىنىدۇ.

## 2) ئوبرازلار جەھەتتىكى پەرقلەر

«چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنىڭ ھەرقايسى ۋارىيانتلىرى ئارىسىدىكى پەرق ۋەقەلىك قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى پەرقلا بولماستىن بەلكى، ئوبراز جەھەتتىمۇ مۇئەييەن پەرقلەرگە ئىگە.

(1) پېرسوناژلار جەھەتتىكى پەرق

«چىن تۆمۈر باتۇر»نامى بىلەن ئاتالغان چۆچەك ۋە داستانلاردا چىن تۆمۈر باتۇر، مەختۇمسۇلا، موغۇل شاھزادىسى ئۇزمۇخ، يالماۋۇز قاتارلىق ئوبرازلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. «ئاققۇلان بەردىخان» ۋە «ئاقئۇلامبەردىخان» نامىدىكى ئىككى داستاندا ئاققۇلان بەردىخان، ئاقئۇلامبەردىخان (ئېھتىمال بۇ خاتىرىلەش جەريانىدىكى پەرق بولۇپ، مويىدىن سايىتنىڭ خاتىرىلىگىنى ئەسلىي ئېيتىلىش شەكلى ،

ماموت قاسىمنىڭ خاتىرىلىگىنى ئۆزگەرتىلگەن شەكلى ياكى ئەدەبىي تىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان شەكلى بولۇشى مۇمكىن ) مەختۇمخان، مەختۇمسۇلا، بۆگۈستانخان، ئۆگەستانخان، تاشتۆمۈر، يالماۋۇز، جىن- شاياتۇن قاتارلىقلارنى كۆرستىشكە بولىدۇ.

گەرچە بۇ ئوبرازلارنىڭ ئاتىلىشىدا مەلۇم پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما خاراكتېر جەھەتتە ئىزچىللىقتا ئىگە.

چىن تۆمۈر باتۇر، ئاقئۆلامبەردىخان، ئاققۇلان بەردىخان ئوبرازلىرى باشتىن ئاخىرى ۋاپادار ئاكا، ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمان خاراكتېرىگە ئىگە (A تۈردىكى پېرسوناژ ). مەختۇمسۇلا ساددا، ۋاپادار، ئاقكۆڭۈل سىڭىلنىڭ ئوبرازىدۇر (B تۈردىكى پېرسوناژ). يالماۋۇز بارلىق تۈرلەردە ياۋۇزلۇقنىڭ سىمۋولىدۇر ( C تۈردىكى پېرسوناژ ). ئۇزمۇخ، بۆگۈستانخان، ئۆگەستانخان قاتارلىقلار (D تۈردىكى پېرسوناژلار) باسقۇنچى كۈچلەرنىڭ سىمۋولىدۇر.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار ئۆزىگە خاس شارائىت ئىچىدە تېپىكلىشىدۇ. بۇ خىل تېپىكلىشىش بەزىدە تەبىئىي شارائىت ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشسا، بەزىدە ئىجتىمائىي شارائىت ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.گاھىدا شۇ پېرسوناژنى ئوراپ تۇرغان باشقا پېرسوناژلارمۇ ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ تېپىكلىشىشىدە ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.شۇڭا مەن «چىن تۆمۈر باتۇر»چۆچىكىنىڭ ھەرقايسى ۋارىيانتلىرىدىكى پېرسوناژلار ئارىسىدىكى پەرقنى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىن ئىزدىگەندىن كۆرە، ئۇلارنى يېتىلدۈرگەن مۇھىتتىن ئىزدەش لازىم دەپ قارايمەن.

بىرىنچى، A پېرسوناژىنىڭ شارائىتى

A پېرسوناژ باشتىن ئاخىرى مەلۇم پادىشاھنىڭ شاھزادىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئاقئۆلانبەردىخان، پادىشاھنىڭ تۆت ئوغلىنىڭ تۇنجىسى بولۇپ، ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئەقىللىق ۋە باتۇر بولۇشىنى بىۋاستە بىر ھايۋان بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرمىگەن. ئەكسىچە بۇ داستاندا ھايۋاننىڭ شەپقىتىگە ئېرىشكەن ئوبراز مەختۇمسۇلادۇر. بۇخىل ئەھۋالغا قارىمۇ-قارشى ھالدا «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ۋە داستانىدا، چىن تۆمۈرنى ئادەم تۇغقان بولسىمۇ، ئۇنى ئېيىقنىڭ باققانلىقى سۆزلىنىدىغان بولۇپ، ئېيىق ئۇنىڭ باتۇر ۋە كۈچلۈك بولۇشىنىڭ مەنبەسى قىلىنغان.

ئىككىنچى، B پېرسوناژىنىڭ شارائىتى

باش پېرسوناژ چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئىسمى ئۆزگىرىپ تۇرغانىنىڭ ئەكسىچە، مەختۇمسۇلانىڭ ئىسمى بارلىق تۈرلەردە ئوخشاش بولۇپ، ئۇ «ئاققۇلان بەردىخان»داستانىدا پادىشاھنىڭ بەشىنچى پەرزەنتى سۈپىتىدە بايان قىلىنغان. پادىشاھ ئۇنى قىز دەپ تاشلىۋەتمەكچى بولغاندا، ئاققۇلان بەردىخان دادىسىدىن تىلىۋالىدۇ. ئۇنى كىيىك بېقىپ چوڭ قىلىدۇ. مەزكۇر داستاندا مەختۇمسۇلانىڭ تەقدىرى بىلەن فېئودال پادىشاھلىقنىڭ ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، مەختۇمسۇلا تۇغۇلغاندا پادىشاھ كۈتكەن ئارزۇ-ئىستەكلىرىنىڭ كۆپۈككە ئايلانغانلىقىدىن كۆڭلى غەش بولىدۇ. كۆڭلىدە«مۇقەددەس تاجۇ تەختىمگە خىرىس قىلىدىغان يوچۇق ئېچىلىپ قالارمۇ» دەپ ئويلايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا مەختۇمسۇلانىڭ تىراگېدىيەلىك مۇپتۇلالىرىغا ئۇنىڭ قىز بولۇپ تۇغۇلغانلىقى سەۋەب بولىدۇ. مەختۇمسۇلا ئۆز نۆۋىتىدە، ۋاپادار سىڭىل سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. بارلىق تۈرلەردە ئۇنىڭ ئاكىسىغا بولغان ۋاپادارلىقى ئۇزمۇخ، بۆگۈستان، ئۆگەستان قاتارلىقلار بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، ھەتتا بالىلىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە قارىماي، ئاكىسىنى ئىزدەپ بېرىشتەك تېپىك ۋەقەلىك ئىچىدە يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئۈچىنچى، C پېرسوناژىنىڭ شارائىتى

يالماۋۇز «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنىڭ ھەرقايسى ۋارىيانتلىرىدىكى جەلپ قىلىش كۈچى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ئوبراز بولۇپ، ئۇنىڭدا ئادىمىلىك خاراكتېر بىلەن ئىلاھىيلىق خاراكتېر بىرلىشىپ كەتكەن. ئۇ ھەر قېتىم ئوت بىلەن مۇناسىۋەتلىك رەۋىشتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.ئوتقا ئىگە بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئوتقا ئېتىقاد قىلغان مەلۇم دەۋردە ئەڭ يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە كۈچ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئوتنى پەش قىلىپ كىشىلەرنى بوزەك قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە مەختۇمسۇلا ئۇنىڭ قۇربانلىقىدىن ئىبارەت. گەرچە يالماۋۇز شۇنچە قۇدرەتلىك بولسىمۇ،

ئەمما ئۇ چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن بولغان ئېلىشىشتا باشتىن ئاخىرى مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا يالماۋۇز ئوبرازىنىڭ كۈچ جەھەتتە جىق خۇنۇكلەشتۈرۈلگەنلىكى ئېنىق. ياكى ئۇ ئىنسانلارنىڭ كۆپ خۇدالىق دىنلارنى بارغانچە ئېتىراپ قىلمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. گەرچە يالماۋۇز بارلىق ۋارىيانتلاردا بىردەك مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، يالماۋۇزنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاخىرقى پەيت بىر ـ بىرىسىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. «چىن تۆمۈر باتۇر»چۆچىكى ۋە داستانىدا چىن تۆمۈر بىلەن يالماۋۇز قاتتىق ئېلىشىدۇ. ئاخىرىدا كاپ ـ كاپ كۆچۈكى يالماۋۇزنى تالاپ ئۆلتۈرىدۇ. «ئاققۇلان بەردىخان»داستانىدا يالماۋۇزنىڭ ئۆلۈش جەريانى ئۆزگىچە بولۇپ، مۇنداق بېرىلگەن: «يالماۋۇز تەڭ كېلەلمەي جېنىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئېلىشا ـ ئېلىشا كەچ كىرىپ جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ. جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان يالماۋۇز بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر چاشقان ئورىسىغا كىرىپ، كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇ. ئاققۇلان بەردىخان ئۇنى ئىزدەپ تاپالمىغاندىن كېيىن ئورىنى چىڭداپ، تىنىدۇرۇپ كەينىگە قايتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋەھشىي مەخلۇق يەر يۈزىدىن يوقىلىپ جاھان تىنچىپتۇ. تىنچ ـ ئامان خاتىرجەم زامان يەنە باشلىنىپتۇ، بۇ قاباھەتلىك ئىشلار ئاستا ـ ئاستا كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ». بۇ جايدا يالماۋۇز «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ياكى داستانىدىكى چىن تۆمۈرنىڭ قارشىسىغىلا قويۇلماستىن بەلكى، پۈتكۈل ئالەمنىڭ قارشىسىغا قويۇلغان. بۇ جەھەتتە ئۇ «چىن تۆمۈر باتۇر» نامىدىكى داستان ۋە چۆچەككە قارىغاندا كۆپ كۈچلۈك. «ئائىئۇلامبەردىخان» داستانىدىكى يالماۋۇزنىڭ شارائىتى يۇقىرىدا دېيىلگەندىن تېخىمۇ روشەن ھالدا پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنى باشقا تۇرلەردىكىگە ئوخشاش يەككە يېگانە ئەمەس. ئۇ جىن شاياتۇنلار بىلەن بىللە تۇرىدۇ. ئۇ يەنە يالماۋۇزلار شاھى ئۆگەستانخاننىڭ قول چوماقچىسىدۇر. ئۇ خۇددى باشقا چۆچەكلەردىكى دىۋىلەرگە ئوخشاش كوھقاپتا تۇرىدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭ بىر ئۆزگىچىلىكىدۇر.

ئۈچىنچى، D تۈردىكى پېرسوناژلارنىڭ شارائىتى بۇلار ئۇزموخ، ئۆگەستان، بۆگۈستان قاتارلىقلار بولۇپ، داستان ۋەقەلىكىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشمىغان. شۇنداقلا «چىن تۆمۈر باتۇر»چۆچىكىنى تەتقىق قىلىۋاتقان تەتقىقاتچىلار بىر قەدەر سەل قاراۋاتقان پېرسوناژدۇر. بۇ تۈردىكى پېرسوناژلار ئاساسەن دېگۈدەك باشتىن ئاخىرى مەختۇمسۇلانىڭ چىچىنى كۆرۈپ ئاشىق بولىدۇ. بۇ خۇددى باشقا چۆچەكلەردىكى «چۈشىدە كۆرۈپ ئاشىق بولۇش» موتىفى ياكى داستانلاردىكى «ئەينەكتە كۆرۈپ ئاشىق بولۇش» موتىفىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئۇلار مەختۇمسۇلانى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭدىن پەرزەنتلىك بولىدۇ. ئاخىرىدا مەختۇمسۇلانىڭ قېچىپ كېتىشى بىلەن ئەسەردىكى رولى تۈگەيدۇ. بۇلار D تۈردىكى پېرسوناژلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى. ئەمما «ئاققۇلان بەردىخان» داستانىدىكى ئۆگەستان ئالاھىدە شارائىتقا ئىگە. يەنى ئۆگەستان يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ ئوغلى بولۇپ، دادىسىدىن قالغان مال ـ مۈلۈككە يالغۇز ئىگە بولۇۋېلىپ، ئانىسىغا ۋاپاسىزلىق قىلىدۇ. «ئائىئۇلامبەردىخان»داستانىدا ئۇ بىر توپ جىن شاياتۇنلار شەھىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئانىسىنىڭ گېپىگە كىرىپ مەختۇمسۇلانى بولاشقا كىرىشىدۇ ۋە مەقسىتىگە يېتىدۇ. يالماۋۇز ئۇنىڭ ئانىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا قەست قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئۇ ئۇزموخ شاھتىن پەرقلىنىدۇ. يەنى مەختۇمسۇلاغا ئاشىق بولۇشتا، چاچ ۋاستىلىق رول ئوينىمايدۇ. ئەمما، ئۆگەستانخان ئوبرازىدا يەنە مەختۇمسۇلاغا بولغان ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتىمۇ بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق بۇ تەرىپى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

(2) ھايۋاناتلار ئوبرازى توغرىسىدىكى پەرقلەر

ھايۋاناتلار ئوبرازى نۇقتىسىدا «چىن تۆمۈر باتۇر»نامىدىكى چۆچەك ۋە داستاندا ئېيىق ئوبرازى ئاساسلىق ھايۋانات ئوبرازى بولسا، «ئائىئۇلامبەردىخان»، «ئاققۇلان بەردىخان » داستانىدىكى ئاساسلىق ھايۋانات ئوبرازى كىيىك ئوبرازىدۇر.

قارىماققا ھەر ئىككى ھايۋان ئىنسانلارغا

ياخشىلىق قىلىدىغان سېھىرلىك ھايۋان تېپىغا كىرسىمۇ ئەمما، بۇ ئىككى ھايۋاننىڭ ئەسەردە تۇتقان ئورنى بىر بىرىسىدىن پەرقلىنىدۇ. يەنى «چىن تۆمۈر باتۇر»چۆچىكى ۋە داستانىدا چىن تۆمۈر باتۇر ۋە مەختۇمسۇلانى ئېيىق بېقىپ چوڭ قىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ئەسلى ئاتا-ئانىسى ئادىمىزات بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئېيىقنىڭ قولىدا چوڭ بولىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ دېگىنىدەك چىن تۆمۈرنىڭ كۈچتۈڭگۈر بولۇشى بىلەن ئېيىقنىڭ ئۇنى بېقىۋېلىشىدا زور مۇناسىۋەت بار، ئەلۋەتتە. بۇ نۇقتىدا ئالدى بىلەن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدىكى ئېيىق نامى بىلەن باغلىنىشلىق چۆچەكلەر بىلەن تونۇشۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ تۈردىكى چۆچەكلەر «باتۇرلۇق ھەققىدىكى چۆچەكلەر»گە تەۋە بولۇپ، تومپسۇن AT301 تىپقا تەۋە قىلىنغان. «ئېيىق باتۇر» ۋە «ئېيىق چىمچىلاق» چۆچەكلىرىدە، ئېيىق بىر بوۋاق بالىنى ئېلىپ قېچىپ، بىر مەزگىل ئېمىتىدۇ. بەزى ۋارىيانتلىرىدا ئېيىق باتۇر يۇرتتىن چىقىپ كېتىپ ئورمانلىقتا غەيرى ئىقتىدارغا ئىگە دۆ پالۋان ۋە ھۆ پالۋان دېگەنلەر بىلەن بىللە ياشايدۇ. دېمەك، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ باتۇرلۇقى بىلەن ئېيىقنىڭ بىۋاسىتە باغلىنىشى بولۇپ، بۇ ئەلۋەتتە توتېمغا ئائىت مەدەنىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. «ئاقئۇلامبەردىخان» داستانىدا ئاقئۇلامبەردىخاننى ئېيىق بېقىۋالمايدۇ. ئۇ بىر شاھنىڭ پەرزەنتى بولۇپ، ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنىڭ بارلىققا كېلىشى ھېچقانداق ھايۋان بىلەن باغلىنىشلىق بولمىغان. ئەكسىچە ھايۋاناتقا باغلىنىشلىق بولغان بۇ خىل ئالاھىدىلىك مەختۇمسۇلانىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن. يەنى مەختۇمسۇلانى كىيىك بېقىپ چوڭ قىلغان.

بۇلاردىن باشقا «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنىڭ ۋارىيانتلىرىدا ئات، ئىت، توخۇ، بۆركۈت قاتارلىق ھايۋانات ئوبرازلىرى مەۋجۇت. بۇ ھايۋانلار ئومۇمەن ھەممىسىگە ئورتاق بولغاچقا، قايتا چۈشەندۈرۈشنى مۇۋاپىق كۆرمىدىم.

**3) تىل ئىشلىتىش ۋە بايان جەھەتتىكى پەرقلەر**

چۆچەكلەرنىڭ ئورۇندىلىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇنى بايان قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە سەنئەت ماھارىتىگە ئىگە بولۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. شۇڭا چۆچەكلەرنىڭ تىلى ئاددىي بولغاندىن باشقا يەنە، كىتابىي سۆزلەر ئىنتايىن ئاز بولىدۇ. «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى دەل مۇشۇ ئالاھىدىلىكنى ھازىرلىغان بولۇپ، خەلق تىلىغا ئىنتايىن يېقىن. «چىن تۆمۈر باتۇر»داستانىمۇ ھەم شۇنداق. ئەكسىچە «ئاققۇلان بەردىخان » داستانى ۋە «ئاقئۇلامبەردىخان» داستانى بۇ جەھەتتىن ئالدىنقى ئىككى تۈردىن ئالاھىدە پەرقلىق بولغان.

«چىن تۆمۈر باتۇر»داستانى ۋە چۆچىكى ۋەقەلىك بايان قىلىش شەكلى جەھەتتىن بىر بىرىسىگە ئىنتايىن يېقىن بولۇپ، ئاددى -ساددا ھەشەمسىز بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنغان. مەسىلەن: «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى مۇنداق باشلانغان: « قەدىمكى زاماندا ئىلى ئىقلىمىدا چوڭ بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئىككى خوتۇنى بولسىمۇ ئەمما پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام ئىكەن. ئۇ خاپىلىقىنى بېسىش مەقسىتىدە ھەر دائىم شىكارغا چىقىپ تاماشا قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئاي، كۈنلەر ئۆتۈپ، پادىشاھنىڭ كىچىك خوتۇنى ھامىلىدار بولۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ شىكارغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن شىكارغا چىقىپ كەتكەندە، كىچىك «خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ» مەلۇمكى، مەزكۇر داستاننىڭ باشلىنىش ئۇسۇلى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ.

ئەمدى بىز «ئاققۇلان بەردىخان»داستانىغا قاراپ باقايلى، داستان مۇنداق باشلانغان:

«بۇرۇنقى زاماندا، بايتۇرخان ئىسىملىك بىر خاقان ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ سەلتەنەتلىك تاجۇ -تەختى، ھەددى -ھېسابسىز مال- مۈلكى، مىڭلىغان سەرخىل سەردار، تۈمەن مىڭلىغان لاۋۇ-لەشكەرلىرى بولۇپ، شانۇ -شەۋكىتى ئالەمگە مەشھۇر ئىكەن. ئۇ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى تۇلپار ئۈستىدە، بەيگە -شىكار، جەڭگى -جېدەل، سەپەرگاھىدا ئۆتكۈزۈپتۇ. بارلىق كۈچ -قۇۋۋىتى، زېھنى-مېھنىتىنى ئۆز ئەل -يۇرتىنى قوغداش، تاجۇ- تەختىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش

يولىدا تەسەررۇپ قىلغاچقا خەلقى تىنچ ـ ئامان ۋە ئاسايىشلىقتا هايات كەچۈرۈپتۇ».

«ئاققۇلان بەردىخان» داستانىنىڭ باشلىنىش قىسمىدىن مەلۇمكى، داستانىنىڭ تىلى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، باشقا ئاغزاكى تۈرلەرنىڭ باشلىنىشىدىن پەرقلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ۋە داستانى ۋەقەلىكنى باشلاشتا، ئەسەرگە كىرىپلا ۋەقەنى باشلاش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولسا، «ئائىۇلامبەردىخان» داستانىدا، چۆچەكلەرگە خاس بولغان «ۋەسىيەت قالدۇرۇش » موتىفى ئارقىلىق ۋەقەلىكنى باشلىغان.

چۆچەك ۋە داستانىنىڭ قەهرىمانلارنىڭ تاشقى شەكلى، ۋەقەلىك تەرەققىياتىنى بايان قىلىشتىمۇ ئىخچام بولۇشقا ئەهمىيەت بېرىلگەن. ئوخشاشلا، ئىچكى كەچۈرمىش تەسۋىرگە كۆچەپ كەتمىگەن. بىز «چىن تۆمۈر باتۇر»چۆچىكىدىكى چىن تۆمۈر باتۇر ۋە يالماۋۇزنىڭ تاشقى قىياپەت تەسۋىرىگە قاراپ باقايلى: چوڭ خوتۇنى كۆلگەن تاشلىۋەتكەن ھېلىقى باللارنى بىر ئېيىق سۈدىن ئېلىپچىقىپ، جاڭگالغا ئېلىپ كېتىپ بېقىپتۇ. باللار ئۆسۈپ چوڭ بوپتۇ. ئەقلىگە كەلگەندە ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئات قويۇشۇۋاپتۇ. ئوغۇلنىڭ ئېتى چىن تۆمۈر، قىزنىڭ ئېتى مەختۇمسۇلا بوپتۇ. بۇ باللار سەهرانىڭ ساپ هاۋاسىدا ساغلام، كۆچلۈك هەم بەك چىرايلىق بولۇپ ئۆسۈپتۇ. كېيىنچە ئۇلار ئېيىقتىن ئايرىلىپ، جاڭگالنىڭ بىر چېتىگە ئۆي ياساپ، شۇ ئۆيدە ياشاشقا باشلاپتۇ».

«ئاققۇلان بەردىخان»داستانىدا ئاققۇلان بەردىخاننىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە ئاققۇلان بەردىخانىنىڭ قىياپىتى ۋە ئالاهىدىلىكى مۇنداق بېرىلگەن:

« ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىكەن. چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى ئاققۇلان بەردىخان، ئىككىنچىسى جۇجى بەردىخان، ئۈچىنچىسى دالۇغا بەردىخان، كەنجىسى پاڭچۇلۇقخان ئىكەن. ئۇلار ئۆزگىچە خىسلەتلىك، ئەلەمدە كامالەتلىك، قاپلان يۈرەك، كۆچلۈك بىلەك پالۋانلار بولۇپ، غەزەپلەنگەندە تەنلىرى تاشتەك قېتىپ ھېچقانداق تىغ ئۆتمەيدىكەن. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ هەيۋىسىدىن رەقىبلىرىنىڭ يۈرىكى تىترەيدىكەن. ئاققۇلان بەردىخان مەرد، قەيسەر، ئىرادىلىك بولۇشتىن تاشقىرى، ناهايىتى ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل ئىكەن. ئاجىز ـ مىسكىنلەرنىڭ هاجىتىنى ئاسان قىلىپ بېرىدىكەن. شۇڭلاشقا خەلق ئۇنى ناهايىتى هۆرمەتلەيدىكەن».

مېنىڭچە، داستاندا بېرىلگەن باتۇرنىڭ خىسلىتى هەققىدىكى بايانلار چۆچەككە قارىغاندا جىق مۇرەككەپ ۋە شېئىرىي تۈيغۇغا باي.

بىز يەنە يالماۋۇزنىڭ تاشقى قىياپىتىنى تەسۋىرلەشتە قوللانغان تىلغا قاراپ باقايلى:

| | |
|---|---|
| «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدە | مەختۇمسۇلا ئىس چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن مورىسىدىن ئىس چىقىۋاتقان بىر ئەسكى تام ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۆي ئىچىدە بىر قېرى موماي ئولتۇرغۇدەك. |
| «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىدا | مەختۇمسۇلا ئىس چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇزۇن مېڭىپ، ئىس چىقىۋاتقان بىر ئەسكى تاملىق ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۆي ئىچىدە بىر موماي ئولتۇرغۇدەك. |
| «ئاققۇلان بەردىخان»داستانىدا | مەختۇمسۇلا قارىسا بىر ئەسكى قومۇش ساتما ئالدىدا بىر موماي بېلىق كاۋاپ قىلىپ ئولتۇرار ئىكەن.مەختۇمسۇلا ئۇنىڭ سوغۇق تەلەتىنى كۆرۈپ، قورقۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترەك بېسىپتۇ.ئۇنىڭ قانسىز چىرايى ئۆلۈككە ئوخشايدىكەن.قىزارغان كۆزلىرىدىن ۋەھشىي بۆرىدەك ئوت چاقنايدىكەن. |
| «ئائىۇلامبەردىخان»داستانىدا | .قىز شۇ تەرەپكە بېرىپ ئوت ئەكەلمەيمۇ، دەپ تاغ باغرىغا بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بىر موماي بىر قازاندا ئاق پىت، يەنە بىر قازاندا كۆك پىتنى قاينىتىپ ئولتۇرغۇدەك. |

بېرىلگەن جەدۋەلدىن مەلۇمكى، كېيىنكى ئىككى تۈردە ئىشلىتىلگەن تىل بىر قەدەر مۇرەككەپ ۋە

تەپسىلىي.

بىز نۆۋەتتە تەھلىل قىلىۋاتقان بۇ تۆت تېۋرىنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى پەرقى يەنە چۆچەكتە شېئىرىي مىسرالارنىڭ بىر قەدەر ئازراق بولۇشى، داستانلاردا شېئىرىي مىسرالارنىڭ بىر قەدەر كۆپ بولۇشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىدا قوشاق ئەڭ ئاز بولۇپ 24 مىسرا قوشاق قىستۇرۇلغان. «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدە 161 مىسرا قوشاق ئۇچرايدۇ. «ئاققۇلان بەردىخان » داستانىدا 134 مىسرا، «ئاقئۇلامبەردىخان » داستانىدا 61 مىسرا شېئىر بار. بۇنىڭدىن باشقا «ئاققۇلان بەردىخان » داستانى ۋە «ئاقئۇلامبەردىخان » داستانىدا بىز يولۇقتۇرغان قوشاقلار لوپنۇر قوشاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ھازىرلىغان.

## 2. «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىنىڭ ھەرقايسى ۋارىيانتلىرىدا ئىپادىلەنگەن شامان دىنىغا ئائىت چۈشەنچىلەر

شامان دىنى تۈنجى سۈنئىي دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوخشىمىغان مىللەتلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. ئۇ كەڭ ئالتاي ۋادىسىدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان رايونلارغا ئورتاق بولغان مەدەنىيەت ھادىسىسى. « ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئان قەبىلىلىرىنىڭ ئىپتىدائىي ئادەتلىرى بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ...... ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامان دىنى ئېتىقاد ئادەتلىرى بەلگىلىك ئوخشاشلىققا ئىگە»[2]. بۇ شامان چۈشەنچىسىنىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت ھادىسىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

«شامان دىنى كۆپ خۇدالىق دىن بولۇپ پەيغەمبەر مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنىڭ ئېتىقاد ئوبيېكتلىرى ئىچىدە تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى بىر قەدەر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا ھەممىشە ھايۋان، بولۇپمۇ ئۆزلىرى تۇتېم قىلغان ھايۋان ئەجداد دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئوخشاشلا ھايۋانلار بىلەن، بولۇپمۇ تۆت خىل ھايۋاننىڭ سېھرىي كۈچكە ئىگە شامان ئىلاھىي ھايۋانلىرى بۆركۈت، ئات، ئېيىق، بۇغا بىلەن زىچ قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە دەپ قارايدۇ»[3] . بىز «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنىڭ بىزدە ساقلىنىۋاتقان ھەرقايسى ۋارىيانتلىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھايۋانات تۇتېملىرىغا ئائىت بولغان بۇنداق ئامىللارنى ھەم تاپالايمىز.بۇلاردىن ئېيىق ۋە كېيىكلەرنى كۆرستىش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئېيىق

«چىن تۆمۈر باتۇر » داستانىدا چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلانىڭ تاشلىنىۋېتىلگەندە ئېيىق تەرىپىدىن بېقىۋېلىنغانلىقىدەك ۋەقەلىك بېرىلگەن. بۇ ئۇيغۇرلاردىكى ئېيىق ئېتىقادچىلىقىنىڭ مەزكۇر ئەسەردىكى قالدۇقى بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچى، كېيىك

«ئاققۇلان بەردىخان» ۋە «ئاقئۇلامبەردىخان» داستانلىرىدا ئېيىق تىلغا ئېلىنمىغان. ئەسەرنىڭ باش قىسمىدا ئاللىقاچان ئاقئۇلامبەردىخان تۇغۇلۇپ بولغان. ئەمما ئەسەردە «چىن تۆمۈر باتۇر»چۆچىكى ۋە داستانىدىكى بالىنى تاشلىۋېتىش ۋەقەلىكى تەل – تۆكۈس چىقىرىۋېتىلمىگەن. يەنى، بۇ ۋەقەلىك مەختۇمسۇلاغا يۆتكەلەنگەن. مەختۇمسۇلانى بېقىۋالغان كېيىكمۇ، خۇددى ئېيىققا ئوخشاش تۇتېم چۈشەنچىسىنىڭ ئىپادىسى بولۇشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى، بۆركۈت

بۆركۈتنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى تۇتېملىق دەرىجىسى مەسىلىسىدە ئېنىق بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق.ئەمما بۆركۈتنىڭ شاماننىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكى ھەممىگە ئېنىق. مەسىلەن: «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنىڭ ھەرقايسى ۋارىيانتلىرىدا ھايۋانلاردىن ئېيىق، بۇغا، بۆرە قاتارلىقلارلا ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ئېيىق چىققىنىدا بۇغا چىقمايدۇ، بۇغا چىققىنىدا ئېيىق چىقمايدۇ. ئەمما بۆركۈت باشتىن ئاخىرى مەۋجۇت. بۇ بىزگە ئۇنىڭ ئەسەردىكى ھايۋانلار ئوبرازى ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ئوبراز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندە بۇ ھەقتە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز:

«ھەممىگە مەلۇمكى، بۆركۈت شامانىنىڭ سىمۋولى. ئۇنى كۆرۈش شامان ئىلاھىنى كۆرگەنگە باراۋەر. بۆركۈت شامان دىنىنىڭ مۇقەددەس جەمەتىدە ئۆزگىچىلىككە ئىگە خاسىيەتلىك ھايۋان. مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرى بۆركۈتكە ئوخشاش قۇشلارنى كۆرسە ئالدى بىلەن بۇ قۇشلار شامانىنىڭ نامايەندىسى، شامانىنىڭ مۇقەددەس قۇشى دەپ تونۇيتتى. نۇرغۇن رىۋايەتلەردە بۆركۈت تەڭرىنىڭ مۇقەددەس قۇشلىرىنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. يەنە كېلىپ بۆركۈت ئىنسانلار بىلەن تەڭرى ۋە ئىلاھلار ئارىسىدا ئەلچى بولۇشتەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە»[4] . بۇ بىرىدە بۆركۈت ئوبرازىنى نوقۇل «چىن تۆمۈر باتۇر»چۆچىكىدىنلا ئىزدىمەي بەلكى، باشقا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىنمۇ ئىزدەش لازىملىقىنى چۈشەندۈردى. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرىدا «بەخت قۇشى»تىپىدىكى چۆچەكلەر مەۋجۇت. بۇ تىپتىكى چۆچەكلەردە بۆركۈت ھەمىشە مەلۇم ئادەمنىڭ بېشىغا قونۇپ شۇ كىشىنىڭ پادىشاھ بولۇشىنى بېكىتىدۇ. بۇخىل ۋەقەلىك دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرگە بولۇپمۇ، ئالتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكى بىلەن مەلۇم ئالاقىسى بار مىللەتلەرگە ئورتاق مۇتىق بولسا كېرەك. دەرۋەقە، ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىدە بۆركۈت ئوبرازى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. « مەڭگۈلۈك پادىشاھلىقنى ئىزدەش » ناملىق چۆچەكتە شاھزادە مۇنداق دەيدۇ: « كۆكلۈمگە ئازار بېرىدىغانلار ئىنسانلاردۇر. ھەتتا پادىشاھمۇ ئاقىۋەت ئەزرائىلنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. مەن شۇڭا ئۇنداق بىر يەرنى تېپىشقا ئىنتىزارمەنكى، ئۇ يەردە ئەزرائىل كۈچ قۇدرىتىنى يوقاتقان بولسا» شاھزادىنىڭ دەرت-ئازابىدىن ئۆلۈمگە نىسبەتەن كىشىلەردە پەيدا بولىۋاتقان قارشىلىقنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ۋېنگىر ئەجدادلىرىنىڭ خىيالىدا بۇ خىل قارشىلىقنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئۈچۈن بۆركۈتنىڭ ئىلاھىي كۈچىنىڭ ياردىمى بولۇشى كېرەك. ئۇلار مەڭگۈلۈك پادىشاھلىقنى ئىزدەپ ئۆز پادىشاھلىقىدىن يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن ئاسمان ـ پەلەك دەرەخنى، بىر بۆركۈتنىڭ دەرەخ ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىدۇ. شاھزادە دەرەخكە يېقىن كەلگەندە بۆركۈت شاھزادىنىڭ بېشىغا چۈشۈپ پادىشاھقا ئايلىنىدۇ. بۆركۈت شاھزادىگە: « تەڭرى ماڭا ۋە پۇقرالىرىمغا مەڭگۈ ياشاشنى بەخش ئەتتى » دەيدۇ»[5].

يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بۇ ۋەقەلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىغا ئىنتايىن تونۇش. بۇنداق ۋەقەلىك ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت داستانلىرىدا ۋە چۆچەكلىرىدە كەڭ ئۇچرايدۇ. بىرمۇنچىلىغان خەلق داستانلىرىدا شاھزادە ياكى كەمبەغەل يىگىت بىر يۇرتقا بېرىپ قالغاندا، كىشىلەرنىڭ ئاسمانغا قاراپ «گاھ، گاھ»دېگىنىنى ئاڭلايدۇ. كىشىلەردىن پادىشاھنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ۋە مۇشۇ قۇشنىڭ كىمنىڭ بېشىغا قونسا شۇنىڭ شاھ بولىدىغانلىقىنى ئاڭلايدۇ. قۇش دەل شۇ مۇساپىرنىڭ بېشىغا قونىدۇ. ئاقىۋەت دەل شۇ كىشى شاھ بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە سۇمۇرغنىڭ كىشىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشى، خاسىيەتلىك قۇشنىڭ شاھنى زەھەردىن ساقلاپ قېلىشى قاتارلىق قۇشقا ئائىت چۆچەكلەر بار. بۇلاردىمۇ ۋاستىلىق ھالدا پادىشاھنى ساقلاپ قېلىشتەك ۋەقەلىك ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇلار «چىن تۆمۈر باتۇر»نىڭ ھەرقايسى ۋارىيانتلىرىدا ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان بۆركۈت ئوبرازىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. «چىن تۆمۈر باتۇر » چۆچىكىدە چىن تۆمۈر پادىشاھنىڭ ئوغلى. «ئاققۇلان بەردىخان»، «ئاقئۇلامبەردىخان» داستانلىرىنىڭ ئاخىرىدا چىن تۆمۈرنىڭ ئەسلىي پادىشاھلىقىغا داۋاملىق ۋارىسلىق قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. دېمەك، بۆركۈت ئەسەرنىڭ ئاخىرىدىكى شاھنى قوغداش رولىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندۇر.

يۇقىرىقىدىن باشقا، ئاتمۇ «چىن تۆمۈر باتۇر»چۆچىكىدىكى ئالاھىدە ھايۋان بولۇپ، ئۇ چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ باتۇر بولالىشىدا، مەختۇمسۇلانىڭ قېچىپ كېلەلىشىدە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بولۇپمۇ مەختۇمسۇلانىڭ ئۆگەستان خان ياكى بۆگۈستانخانىنىڭ ئاتلىرى ئارىسىدىن ئەڭ ئاخىرىدىكى «ئەڭ ئاخىرىدىكى بىر كۆك چامبول تارغىلات تاي»نى تاللىشى روشەن سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە.

يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدىن مەلۇمكى، «چىن تۆمۈر باتۇر»چۆچىكىنىڭ ھەرقايسى ۋارىيانتلىرىدىن ئالىملار قەيت قىلىۋاتقان« شامان دىنىنىڭ ئىلاھىي ھايۋانلىرى بۈركۈت، ئات، ئېيىق، بۇغا » ئىدى دېگەن ھۆكۈمنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئاساسلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ.

(2) سان چۈشەنچىلىرى

شامان دىنىنىڭ سان چۈشەنچىلىرىدە ئۈچ، تۆت، يەتتە، توققۇز، قىرىق قاتارلىق سانلار تىلغا ئېلىنىدۇ. «چىن تۆمۈر باتۇر»نىڭ ھەرقايسى ۋارىيانتلىرىدا تىلغا ئېلىنغان سانلاردىن بۇ سانلارنى بايقاش ئىنتايىن ئاسان. تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن بۇنى كۆرۈش مۇمكىن:

| ئۇچرايدىغان سانلار | ‹‹چىن تۆمۈر باتۇر›› چۆچىكى | ‹‹چىن تۆمۈر باتۇر ›› داستانى | ‹‹ئاققۇلان بەردىخان›› داستانى | «ئاقئۇلامبەردىخان» داستانى |
|---|---|---|---|---|
| ئۈچ | √ | √ | √ | |
| تۆت | | | √ | |
| يەتتە | √ | | √ | √ |
| قىرىق | √ | √ | | √ |
| توققۇز | | | √ | |

شامان ئېتىقادى بىلەن سانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلغۇچىلار سانلارنىڭ شامانچە مەنىسىنى ئۈچنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادلارنىڭ ئالەمنى ئۈچكە بۆلۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. ھازىرچە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن قاراش مۇنداق، يەنى ئالەم قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ نەزەرىدە ئاسمان(يورۇقلۇق دۇنياسى)، يەر(ھاياتلىق دۇنياسى)،يەر ئاستى(قاراڭغۇلۇق دۇنياسى) دەپ ئۈچكە بۆلىنىدۇ. ،ۇ شامان دىنىدىكى ئۈچنىڭ ئاڭلاتقان مەنىسىدۇر.

بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ نەتىجىلىرىدە، تۆت سانى ئاساسەن «تۆت ئاناسىر»بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈلسە، يەتتە پارسلارنىڭ يەتتە خۇدا چۈشەنچىسىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. شۇنداقلا بەزىلەر يەتتىنى ئۇلۇغلاش چۈشەنچىسى شامان دىنىدىن قالغان بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. فىروفىسسور ئابدۇبەسىر شۈكۈرى « ‹ يەتتە › ۋە ‹قىرىق › مۇقەددەس سانلىرىنىڭ مەنىۋى ئاساسى يەنىلا قەدىمكى ئالتاي خەلقلىرىنىڭ شامان ئېتىقادى بىلەن باغلىنىدۇ»دەپ قارايدۇ ۋە «ھازىرغىچە ئۇيغۇر باخشىلىرى بىمارغا پىرە سالغاندا يەتتە ئائىلىدىن قىرىق پارچە پۇرۇچنى ئېلىپ كېلىپ تۇغ باغلايدۇ»[6]دېگەن پاكىتنى شېپى كەلتۈرىدۇ. بۇ قاراشلار «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىدىكى سانلارنىڭ مۇنداقلا ئوتتۇرىغا چىققان بولماستىن، بەلكى زور مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

(3) ئوت ئېتىقادچىلىقى

«چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىنىڭ ھەرقايسى ۋارىيانتلىرىدا بارلىق زىددىيەتنىڭ باشلىنىشى مەختۇمسۇلانىڭ ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويۇشى بىلەن باغلىنىشلىق. «چىن تۆمۈر باتۇر» تېمىسىنىڭ شۇنچە يارقىن بولۇشىدىكى سەۋەبمۇ دەل مۇشۇ ئوت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تەتقىقاتچىلار «چىن تۆمۈرنىڭ قەھرىمانلارچە كۆرەش قىلىپ جادۇگەردىن ئوتنى تارتىۋېلىش تېمىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتقا بولغان ئىپتىدائىي چۈشەنچىسى ۋە ئىلاھىي قەھرىمانغا چوقۇنۇش ئىدىيەسىنى، يەنى ئۆز ۋاقتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتكە بولغان ئىپتىدائىي كۆز قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ »[7] دەپ قارايدۇ. ئابدۇبەسىر شۈكۈرى «بىز فولكلور ۋە

يازما مەنبەلىرىمىزدىكى ‹خاسىيەتلىك ئوت›لارنى بىردەك يەڭگىلىك بىلەن زەردۇشىزم ياكى ‹ئاۋىستا› دىن كەلگەن، دەپ ھۆكۈم قىلساق ئىلمىي بولماي قالىدۇ، جۈملىدىن ‹ئاقئۇلامبەردىخان› داستانىدىكى ‹ئوت›مۇ ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىنىشى لازىم. مەزكۇر داستاندا شامان ئېتىقادى قارىشى مۇتلەق ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ‹ئاق ئۇلامبەردىخان› داستانىدىكى خىسلەتلىك ئوت شامان ئەقىدىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك»[8] دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ. ئەمما بىز زەردۇشىزم، ئاۋىستادىكى ئوتقا مۇناسىۋەتلىك بايانلاردىن ئاسانلا چەتنەپ ئۆتەلمەيمىز. ئېنىقكى، ئوت ئىزدەش موتىفى مەزكۇر داستاننىڭ قەدىمىيلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم پاكىت.

«ئوت ئىزدەش» چۆچەك دۇنياسىدا كەڭ تارقالغان موتىف بولۇپ، ياپونىيەلىك تەتقىقاتچى نىشىۋاكى تاكوۋۇنىڭ « ‹ چىن تۆمۈر باتۇر› چۆچىكىنىڭ موتىفى توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، تۇزۇلارنىڭ « قارا ئاتلىق جاڭسەن ئاكا»، سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ «دەرەخ، تاش، ئات ئاكىلار»، «گۈيىسدۇر»، «جادۇگەرنى ئۆلتۈرگەن يىگىت»، سالالارنىڭ «ئاتىنچىكىم ماسىم»، خۇيزۇلارنىڭ « ما ئاكا ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى»، موڭغۇللارنىڭ « بۆكمۇنگۈن شېكشېرىك باتۇر»، «ساڭسىرنىڭ ماڭغۇس ئۈچ قېرىنداشنى يېگىشى»، «قارلىغاچ شاھزادە»، «ئۈچ ياشلىق شاھزادە»، قازاقلارنىڭ «سەرگەردان»، ئۆزبېكلەرنىڭ «بەسىر باتۇر» قاتارلىق چۆچەكلىرىدە بۇ خىل موتىف مەۋجۇت. بۇلار «ئوت ئىزدەش» موتىفىنىڭ قەدىمىيلىكى بىلەن بىرگە « چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ۋە داستانىنىڭ ئاجايىپ يىراق مۇساپىنى باسقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## ئىزاھلار

[1][3][6][8] ئابدۇبەسىر شۈكۈرى، «ئۇيغۇر خەلق داستانى ‹ئاقئۇلامبەردىخان› ۋە شامان دىنى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1999 ـيىللىق 4ـ سان.

[2] راخمان ئابدۇرېھىم، «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـيىل نەشرى، 5 ـ بەت.

[4] [5] جۇڭ جىنۋېن، «ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىدىكى شامانىزم مەدەنىيىتى»، «مىراس» 1997 ـيىللىق 1ـسان.

[7] رەيھان قادىر، « ‹ چىن تۆمۈر باتۇر› تۈركۈمىدىكى چۆچەكلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1991 ـ يىللىق 2ـ سان .

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 10 ـ 099 ـ 02 (2011) 5878 ـ 1005

# نەۋايى ۋە نىزارىي قەلىمى ئاستىدىكى «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنىڭ سۇژېت تىپلىرى توغرىسىدا*

ماھنۇر يۇنۇس

(ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ژۇرناللار نەشرىياتى، ئۈرۈمچى. 830011)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** «فەرھاد ـ شىرىن» دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى تىراگېدىيەلىك ئىشقى ـ مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ بىرى. «فەرھاد ـ شىرىن» ئەپسانىسى ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ 590ـ628ـ يىللىرىدا تەختكە ئولتۇرغان دارا بىلەن خىسراۋ پەرۋىزنىڭ نامىغا توقۇلغان رىۋايەتلەردىن باشلانغان. بۇ رىۋايەت ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادا بولۇپمۇ، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە «فەرھاد ـ شىرىن»نىڭ يۈزدىن ئارتۇق ۋارىيانتى بار بولۇپ، سۇژېتلارنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا كىلاسسىكلار قەلىمىدىن چۈشمەي، تەكرار ـ تەكرار تەسۋىرلىنىشىنىڭ سەۋەبى سۇژېتىنىڭ «مۇقەددەس» لىكىدىندۇر. بۇ ماقالىدە، شائىر ئەلشىر نەۋايى بىلەن ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىنىڭ سۇژېت تىپلىرى سۇژېتلىق ئەسلى تىپ، ئاساسلىق سۇژېت ۋە ئايرىلىپ چىققان سۇژېت، «يېشىم خاراكتېرلىك سۇژېت » ۋە «نامايان بولۇش خاراكتېرلىك سۇژېت»، قەھرىماننىڭ ھەرىكەت ئەندىزىسى، قەھرىماننىڭ ھەرىكەت بەلگىسى دېگەندەك تۈرلەر بويىچە تەھلىل قىلىنىپ، داستانلارنىڭ سۇژېت تىپلىرىنى ئايرىش ئۇسۇللىرىغا مەلۇم نەزەرىيەۋى ئاساس ھازىرلىنىدۇ.

**摘要：**《帕尔哈德与西琳》是世界文学上最悲惨的爱情长诗之一。帕尔哈德和西琳的爱情传说主要来源于（公元590–628 年在位）萨珊王朝的国王之一霍斯罗·帕尔维兹与伊朗国王大流士一世（Darius Ⅰ）之间的矛盾。帕尔哈德与西琳的传说早已在西亚、中亚流传开来，与其是维吾尔民间广为流传，具有悠久历史。在中亚《帕尔哈德与西琳》长诗有一百多种版本，十几世纪以来，这部长诗不断重复的唯一原因就是情节的完美。本论文主要对纳瓦依与尼扎里笔下的爱情长诗《帕尔哈德与西琳》的具体情节类型按照原有典型，基本情节和派生情节，结局性情节和展示性情节，英雄的行为传统，英雄的行为符号等项目进行分析。

**Abstract:** *Perhad-Shirin* is one of world literature's epic poems of romantic tragedy. It emerged from legends concerning struggles between the Sassanid King Xisraw (Persian Khosrau, r. 590-628) and the Iranian Kind Darius I. This legend has a very long history among the peoples of Central and Western Asia, and particularly among the Uyghurs. There are more than a hundred variants of *Perhad-Shirin* throughout Central Asia; the fact that the same story line was picked up again and again by classical authors who retold their story in new ways is due to the "holiness" of this story line.In this model, the *Perhad-Shirin* versions written by Elishir Newa'i and Abduréhim Nizariy, two poets who lived in the classical era of Uyghur literature stretching from the 15th to the 19th centuries, will be analyzed according to categories of story line type, including original story line, basic story line, and tangential story line, as well as denouement and exposition, the hero's model behavior, and signifiers of the hero's behavior; a theoretical foundation will be laid for methods of splitting epic

---

* بۇ ماقالە 2011ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 25ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ماھنۇر يۇنۇس (1976ـ يىلى 7ـ ئايدا تۇغۇلغان)، ماگىستىر، مۇھەررىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

poems' plot types into categories.

كىتابلارنى جۈرگۈچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G122     ماتېرىيال بەلگىسى: A

تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئۇزۇن يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، شەرق ئەدەبىياتىدىن ئوزۇق ئېلىپ، ئەتراپىدىكى دۆلەت، رايون، مىللەتلەر ئەدەبىياتى بىلەن ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. بولۇپمۇ، ئەرەب، پارس ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى بىلەن ئۆتۈشۈش زىچ بولغانلىقتىن، ئەدەبىيات تېمىسى، ژانىرى، باش تېما، مۇتىفنىڭ ئىشلىتىلىشى، مەزمۇن ۋە شەكىل قاتارلىق تەرەپلەردە ئوخشاشلىق خېلىلا كۆپ. ئۇزۇن تارىختىن بۇيان، ئەرەب، پارس، تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا «فەرھاد ـ شېرىن» تېمىسىدىكى ئەسەرلەر يارىتىلىپلا قالماستىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىز «فەرھاد ـ شېرىن» تېمىسىدا بەدىئىي ئۇسلۇبى خىلمۇ ـ خىل بولغان ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى.

نەۋايى ۋە نىزارىيلار ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىككى يۈكسەك چوققا بولۇپ، ئۇزۇندىن بېرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بۇ ئىككى ئەدىبنىڭ ئەسەرلىرىدە ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيە، بەدىئىيلىك، ئوبرازلار قاتارلىق مەسىلىلەردە تەتقىقاتلار ھەم مەلۇم جەھەتلەردىن سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىككى ئەدىبكە ئورتاق بولغان «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىنىڭ سۇژېت تىپلىرى ئۈستىدە مەخسۇس توختىلىپ، تەھلىل ئېلىپ بېرىلمىدى.

سۇژېت تىپلىرىنى تەھلىل قىلىشتىن بۇرۇن سۇژېت ئۇقۇمىنى ئىزاھلاشقا توغرا كېلىدۇ، «سۇژېت»بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ نامايان بولۇشى، پېرسوناژلار بىلەن پېرسوناژلار، پېرسوناژلار بىلەن مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپلىك ئىپادىلىنىدىغان بىر قاتار تۇرمۇش ۋەقەلىكى ۋە زىددىيەت ـ توقۇنۇشىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدۇر. مۇتىف سۇژېتنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ، مۇتىفتىن تېپسىلاتلار بارلىققا كېلىپ، شۇ ھادىسىلەردە ئىپادىلەنگەن سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋەتتىدىن سۇژېت شەكىللىنىدۇ. «فەرھاد ـ شېرىن»داستانىدىكى سۇژېت تىپىنى تۆۋەندىكى تۈرلەر بويىچە تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ.

## 1. سۇژېتلىق ئەسلىي تىپ

مەلۇم ئوخشاش ئەدەبىي تىپتا، ئۇلارنىڭ سۇژېت ئامىللىرى ماھىيەت جەھەتتە ئوخشاشلىققا ئىگە بولۇپ، شۇ ئارقىلىق سۇژېت قۇرۇلمىسىنىڭ تەكرارلىنىشچانلىقىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئارىستوتىل مۇنداق دېيدۇ: «تىراگېدىيەدە نۇسخا ئالغىنى ئادەم ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ۋە تۇرمۇشى، ئادەمنىڭ بەختلىك ۋە بەختسىزلىكى ھەرىكەتتە كۆرۈلىدۇ، تۇرمۇشنىڭ مەقسىتى مەلۇم ھەرىكەت بولۇپ، ئەخلاق (سۈپەت) ئەمەس، ئادەمنىڭ خاراكتېرى ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى بەلگىلەيدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ بەختلىك بولۇش ـ بولماسلىقى ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە باغلىق. ئادەمنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ھېكايىنىڭ سۇژېتىنى تەشكىللەيدۇ. بايقاش تەس ئەمەسكى، بۇ خىل ئادەم ھەرىكىتىنىڭ تەقلىد قىلىنىشى ئەندىزىچىلىك ۋە قۇرۇلمىچىلىققا ئىگە بولىدۇ، تەقلىد قىلغان ئادەمنىڭ ھەرىكىتى تىنچلا تىراگېدىيەلىك ئەسەرنىڭ يېشىمى بولۇشقا باشلايدۇ، مۇقەررەركى، سۇژېت قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشاشلىققا ئىگە بولۇشى ئەسلىي تىپلىق ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرىدۇ»[1].

مۇشۇ نەزەرىيەگە ئاساسەن ئىككى داستان سۇژېتىنى تەھلىل قىلغاندا، سۇژېتنىڭ ئەسلىي تىپىغا تەۋە مەزمۇنلارنى تىنچ ھالەتنى تەسۋىرلىگەن ئابزاس ۋە ھەرىكەتتىكى ھالەتنى تەسۋىرلىگەن ئابزاس دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) تىنچ ھالەتنى تەسۋىرلىگەن ئابزاس ئاساسەن مۇقىم شەكىلدە بولۇپ، قەھرىماننىڭ يۇرتى، ئوردىسى، ئېتى، قامچىسى، قورالى قاتارلىقلارنىڭ تەسۋىرىگە سۇژېت نۇقتىسىدىن قاراپ، سۇژېت يىپ ئۇچىغا ئىگە بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ھەر ئىككى داستاندىكى فەرھادنىڭ خانىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى، ھەر

ئىككىسىنىڭ چىن مەملىكىتىدىن ئىكەنلىكى، فەرھاد ئۈچۈن بىنا قىلىنغان 4 قەسىر، فەرھادنىڭ تاش چېقىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن مېتىنى، ئەجدىھانى يوقىتىش ئۈچۈن «ئەجدىھا»دەك، «دىۋە»دەك ئۈچقۇر تۇلپارغا مىنىشى تىنچ ھالەتنى تەسۋىرلىگەن ئەسلىي تىپقا كىرىدۇ.

2) ھەرىكەتتىكى ھالەتنى تەسۋىرلىگەن ئابزاس ئاساسلىقى ھېكايە سۇژىتىنىڭ بايان قىسمى بولۇپ، پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇش جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. داستاندىكى خانىنىڭ پەرزەنتى يوقلۇقى، شۇ سەۋەبتىن خۇدادىن ئۆزىگە پەرزەنت تىلەيدىغانلىقى، ئاخىرى تىلىكىنىڭ ئىجابەت بولۇپ، پەرزەنتلىك بولغانلىقى، فەرھادنىڭ تۇغۇلۇپلا خاپىغانلىققا مۇپتىلا بولۇشى، ئۈچ ياشقا كىرگەندە ئون ياشلىق بالىدەك چوڭ بولغانلىقى، بىلىم ئىگىلىتىش ئۈچۈن ئەڭ دانا ئۇستازغا ئاپىرىپ بەرگەندە، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا جاھان ھېكمەتلىرىنى ئىگىلەپ بولغانلىقى، خانىنىڭ فەرھادنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ئىزدىنىشى، فەرھادنىڭ جاھاننامە ئەينىكىگە قىزىقىپ سىرىنى بىلمەكچى بولغانلىقى، كېيىن ئەينەكتىكى قىزنى تېپىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلانغانلىقى، دېڭىزدا ھالاكەتكە يولۇقۇشى، شاپۇر بىلەن تونۇشۇپ، دوست بولۇشى، شىرىنىنىڭ دۆلىتىگە بېرىپ تاش قازغۇچىلارنى ئۈچرىتىشى ھەم ئۇلار ئۈچ يىلدىن بېرى قىلىپ بولالمىغان ئىشنى بىردەمدە قىلىپ بولغانلىقى، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مېھربانو بىلەن شىرىنىنىڭ دەرھال ئىش مەيدانىغا كېلىشى، مېھربانونىڭ فەرھادقا ئىلتىپات كۆرسىتىشى، خىسراۋنىڭ شىرىن ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى، كېيىن خىسراۋنىڭ باستۇرۇپ كەلگەندە فەرھاد بىلەن قەلەم كۆرىشى قىلغانلىقى، ئەلەم ۋە قەلەمدە فەرھادقا تەڭ كېلەلمەي، ئاخىرى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن فەرھادنى قولغا چۈشۈرۈشى، فەرھادنىڭ ھىيلە ـ مىكىرنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىغان شىرىنىنىڭ فەرھادنىڭ يېنىغا كېلىشى، شىروياننىڭ شىرىنگە ئىرىشىش ئۈچۈن ئاتىسى خىسراۋنى ئۆلتۈرگەنلىكى، شىرىنىنىڭ شىرويادىن فەرھادنىڭ جەسىتىنى تەلەپ قىلىپ ئەكەلدۈرگەندىن كېيىن، فەرھادنىڭ جەسىتى بىلەن ۋىدالىشىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقى قاتارلىق ۋەقەلەر ھەرىكەتتىكى ھالەتنى تەسۋىرلىگەن ئەسلىي تىپقا كىرىدۇ.

## 2. ئاساسلىق سۇژېت ۋە قوشۇمچە سۇژېت

خەلق داستانلىرىدا سۇژېت ئاساسلىق سۇژېت ۋە ئايرىلىپ چىققان سۇژېت دەپ ئايرىلىدۇ. ئاساسلىق سۇژېت داستاندا ئەسلىدە بار بولغان ئەنئەنىۋى مۇتىف سىستېمىسى بولۇپ، داستاننىڭ مەزمۇن ۋە باش تېمىسىنى بەلگىلەيدىغان ئامىل. ئاجرىلىپ چىققان سۇژېت داستاندا بولمىغان ئەپسانە، رىۋايەت ۋە خەلق ھېكايىلىرى ۋە مۇتىفلارنى داستانغا قىستۇرۇپ، داستاننىڭ مەزمۇنى ۋە سەھىپىسىنى كېڭەيتىدىغان قىسمىدۇر.

بىز خەلق داستانلىرىدىكى سۇژېتقا ئايرىش پىرىنسىپىنى «فەرھاد ـ شىرىن»دىن ئىبارەت بۇ ئىشق ـ قەھرىمانلىق داستانىغا تەتبىقلاپ، داستان سۇژېتىنى ئاساسىي سۇژېت ۋە قوشۇمچە سۇژېت دەپ ئايرىيمىز.

ئاساسىي سۇژېت — خىسراۋنىڭ سامانىيلار دۆلىتىنىڭ، مېھربانونىڭ ئەرمىنىيەنىڭ پادىشاھى ئىكەنلىكى، شىروياننىڭ خىسراۋنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى، فەرھادنىڭ ئۇستا ھۈنەرۋەن ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ تاغ تېشىپ، سۇ باشلىشى(ئەسلىدىكى ۋەقەلىكتە سۈت باشلايدۇ)، خىسراۋنىڭ فەرھادنى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن يېڭىشى، فەرھادنىڭ مەككار موماينىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ئۆزىنى ھالاك قىلىشى، شىروياننىڭ ئاتىسى خىسراۋنى ئۆلتۈرۈشى ھەم شىرىننى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولۇشى، شىرىنىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى(مەيلى قايسى سەۋەبتىن بولسۇن)«فەرھاد ـ شىرىن» داستانىنىڭ باشلانمىسى بولغان ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىدىلا بار ۋەقەلىك بولۇپ، «شاھنامە»دىن كېيىن بىر قاتار ئەدىبلەر بۇ سۇژېتنى تەكرارلاپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. قەھرىماننىڭ ئالاھىدە تۇغۇلۇش مۇتىفى، سەپەرگە ئاتلىنىش مۇتىفى، سىناق مۇتىفى، ھىيلىگەر موماي مۇتىفى، ئايال ئۈچۈن ئاتا ـ بالا زىددىيەتلىشىش مۇتىفى، مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆزىنى

قۇربان قىلىش مۇتىفمۇ خەلق داستانلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان مۇتىفلار بولۇپ، نەۋايى ۋە نىزارىيلامۇ ئۆز داستانلىرىدا بۇ سۇژېت ۋە مۇتىفلارنى ئىشلەتكەن.

قوشۇمچە سۇژېت- داستاندا بولمىغان ئەپسانە، رىۋايەت، خەلق ھېكايىلىرى ۋە مۇتىفلارنى داستانغا قىستۇرۇپ، داستاننىڭ مەزمۇنىنى كېڭەيتىدىغان قىسىمدۇر. بۇ نەۋايى بىلەن نىزارىينىڭ داستانىدا ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ.

نەۋايىنىڭ «فەرھاد-شېرىن» داستانىدا، فەرھادنىڭ خىسراۋنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ قوشۇمچە پېرسوناژدىن باش پېرسوناژغا ئۆتۈشى، فەرھاد دېگەن ئىسىمنىڭ ئىزاھلىنىشى، فەرھادنىڭ چىن خاقانىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى، تۇغۇلۇپلا خاپىغانلىق كېسىلگە مۇپتىلا بولۇشى، جاھاننامە ئەينىكىدە شېرىننى ۋە تاش قېزىۋاتقانلارنى كۆرۈشى، شېرىن ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلانغانلىقى، يولدا ئەجدىھانى ھالاك قىلىشى، جەمشىد جامى، سۇلايمان ئۈزۈكىنى قولغا چۈشۈرۈشى، سۇقراتقا يولۇقۇشى ھەم سۇقراتتىن تەلىم ئېلىشى، خىسراۋنى ئورۇنلۇق سۆزلىرى بىلەن مەغلۇپ قىلىشى، شېرىننىڭ فەرھاد ئۈچۈن ئۆلۈۋېلىشى، بەھرامنىڭ فەرھاد ئۆلگەندىن كېيىن كېلىپ، شېرويانى سوراققا تارتىشى ھەم مېھربانونىڭ تۇغقانلىرىنى خان قىلىپ تەيىنلەپ، خەلقنى ئاسايىشلىققا ئېرىشتۈرۈشى قاتارلىق سۇژېتلار نەۋايى داستانىدا يارىتىلغان يېڭىلىق بولۇپ، نەۋايى بۇ ۋەقەلەرنى ئۆزى ياشىغان دەۋر روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز خەلقىنىڭ ئارزۇ- ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. نەۋايى داستانىدا بىز ئاتاپ ئۆتكەن مۇتىفلاردىن باشقا بالا تىلەش مۇتىفى، چۈش كۆرۈش مۇتىفى قاتالىق مۇتىفلارمۇ ئۇچرايدۇ. مانا بۇلار نەۋايى داستانىدىكى ئايرىلىپ چىققان مۇتىفلاردۇر.

نىزارىينىڭ «فەرھاد-شېرىن»داستانىدىكى كۆپ قىسىم ئايرىلىپ چىققان سۇژېت نەۋايى داستانىدىكىگە ئوخشاش، فەرھاد دېگەن ئىسىمنىڭ ئىزاھلىنىشى، جاھاننامە ئەينىكىدە كېيىنكى ئىشلارنىڭ ئەكس ئېتىشى، ھالاكەتنى يېڭىش جەريانىدىكى تەپسىلات، شېرويانىڭ خەت ئارقىلىق مېھربانوغا شېرىن بىلەن ئۆيلىنىش خىيالىنى ئۇقتۇرۇشى، بەھرامنىڭ شېروياغا خەت ئارقىلىق ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئۇقتۇرۇشى، شېرويانىڭمۇ بەھرامغا خەت ئارقىلىق جاۋاب بېرىشى قاتارلىق سۇژېتلار نىزارىينىڭ ئۆز دەۋر روھىنى چېقىش قىلىپ، خەلق ئىچىدىكى ئېقىپ يۈرگەن رىۋايەت ۋە خەلق ھېكايىلىرىگە ئاساسەن ئەسەرگە كىرگۈزگەن سۇژېتلاردۇر.

## 3. «يېشىم خاراكتېرلىك سۇژېت» ۋە «نامايان قىلىش خاراكتېرلىك سۇژېت»

«يېشىم خاراكتېرلىك سۇژېت» ئەنئەنىۋى سۇژېتقا تەۋە. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بىر يېشىمنى مەقسەت قىلىپ، سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى ئاساسىدا ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ. نەۋايى داستانغا قارىساق، خىسراۋنىڭ سامانىلار دۆلىتىنىڭ، مېھربانونىڭ ئەرمىنىيەنىڭ پادىشاھى ئىكەنلىكى، شېرىننىڭ مېھربانونىڭ جىيەن قىزى، شېرويانىڭ خىسراۋنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى، فەرھادنىڭ ئۇستا ھۈنەرۋەن ئىكەنلىكى، تاغ تېشىپ، سۇ باشلىشى، خىسراۋنىڭ فەرھادنى ھىيلە-مىكىر بىلەن يېڭىشى، فەرھادنىڭ مەككار موماينىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ئۆزىنى ھالاك قىلىشى، شېرويانىڭ ئاتىسى خىسراۋنى ئۆلتۈرۈشى ھەم شېرىننى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولۇشى، شېرىننىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى «فەرھاد-شېرىن» داستانىنىڭ باشلانمىسى بولغان ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىدىلا بار بولغان ئەنئەنىۋى سۇژېت بولۇپ، يېشىم خاراكتېرلىك سۇژېتقا كىرىدۇ، نەۋايى داستانىدىكى قوشۇمچە سۇژېتلار گەرچە ئەنئەنىۋى سۇژېتتا يوق بولۇپ، نەۋايى تەرىپىدىن قېتىلغان بولسىمۇ، بىراق داستاننىڭ باش تېمىسىدا ئۆزگىرىش ياسىغان، يەنى، شېرىننىڭ خىسراۋنى ياخشى كۆرۈپ، خىسراۋنىڭ ۋاپاتىغا چىدىماي ئۆزىنى ھالاك قىلىشىدىن فەرھادتىن ئىبارەت ئەلسۆيەر قەھرىماننىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ، فەرھاد ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئاجايىپ ھەسسە قوشقان تۆھپىكار ئورنىغا ئۆتۈشىدىن ئىبارەت ۋەقەلىك داستاننىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇپ، داستاندا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن نەۋايى قوشقان يېڭى سۇژېتمۇ يېشىم خاراكتېرلىك سۇژېتقا كىرىدۇ.

نىزارىيمۇ ئەنئەنىۋى سۇژىت ئاساسىدا يېزىپ چىققاندىن باشقا، ئۆز ئالدىغا بەزى سۇژىتلارنى قوشقان بولۇپ، بۇ سۇژىتلار داستان تەرەققىياتىدا زور رول ئوينىغان ھەم ئۆز دەۋرىنىڭ رېئاللىقىنى نامايان قىلىپ بەرگەن، شۇڭا بۇ سۇژىتمۇ يېشىم خاراكتېرلىك سۇژىتقا كىرىدۇ، دېمەك، «فەرھاد-شىرىن»داستانىنىڭ سۇژىتى يېشىم خاراكتېرلىك سۇژىت تىپىغا تەۋە.

قەھرىمانلىرىنىڭ ھەرىكەت ئەندىزىسى — باش قەھرىمان ۋە ئوبيېكت، ئىشقا سالغۇچى(ئەۋەتكۈچى) ۋە قوبۇل قىلغۇچى، ياردەم بەرگۈچى ۋە رەقىب.

1) باش قەھرىمان ۋە ئوبيېكت

داستاندىكى ئەڭ مۇھىم مۇناسىۋەت — مەلۇم مەقسەتنى قوغلاشقان باش قەھرىمان بىلەن ئۇ قوغلاشقان مەقسەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر. پېرسوناژ مەلۇم مەقسەتكە يېتىشنى ئۈمىد قىلغان سۇبيېكت، ئۇ يەتمەكچى بولغان ئىش ئوبيېكت بولىدۇ.ئىككىلا داستاندا مەلۇم مەقسەتنى قوغلاشقان باش قەھرىمان بىلەن ئۇ قوغلاشقان مەقسەت ئوخشاش بولۇپ، باش قەھرىمان فەرھاد خەزىنىدىكى جاھاننامە ئەينىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سىرلىرىنى بىلىش ۋە يار ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ ۋە سەپەر جەريانىدا ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى بولغان ئەجدىھانى يېڭىپ، سۇلايمان ئۈزۈكى، جەمشىد جامىغا ئېرىشىپ، يەمەن دۆلىتىگە بېرىپ، تاغ تېشىپ، ئۆستەڭ قېزىپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلىدۇ، شىرىننى كۆرگەندىن كېيىن ئەينەكنىڭ سىرىنى بىلىدۇ. شۇنداقلا شىرىننىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن خىسراۋ بىلەن ئەلەم ۋە قەلەم كۈرىشى قىلىپ ئۇنى يېڭىدۇ. دېمەك، داستان باشتىن-ئاخىر فەرھادنىڭ جاپالىق كۈرىشى ئارقىلىق قانات يايىدۇ، شۇڭا داستاندىكى باش قەھرىمان--پەرھاد، داستاندىكى ئوبيېكت ـ شىرىن.

2) ئىشقا سالغۇچى(ئەۋەتكۈچى) ۋە قوبۇل قىلغۇچى. باش قەھرىمانىنىڭ ھەرىكىتىنى قوزغىتىدىغان ياكى مەلۇم نىشان ۋە ئوبيېكت بىلەن تەمىنلەيدىغان كۈچ ئىشقا سالغۇچى(ئەۋەتكۈچى) دېيىلىدۇ. ئىشقا سالغۇچى مەلۇم ئەھۋال ئاستىدا ئادەم ئەمەس، بەلكى مەلۇم ئابستراكت كۈچ بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، جەمئىيەت، تەقدىر، دەۋر، ئەقىل-پاراسەت قاتارلىقلار. خاقان ئۆز ئوغلى فەرھادنى خەزىنىلەرنى تاماشا قىلىشقا كەلتۈرىدۇ، فەرھادنىڭ كۆزى ئىسكەندەر ئەيىنىكىگە چۈشۈپ، ئەينەك تىلسىمدىكى سۈرەت(نىزارىينىڭكىدە سۈرەتنى كۆرىدۇ) ۋە خەتنى(نەۋايىنىڭكىدە خەتنى كۆرىدۇ)كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەينەكتىكى سىرنىڭ تېگىگە يېتىش ئۈچۈن ئاتلىنىدۇ، شۇڭا ئىسكەندەر ئەينىكى ۋە ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن ئالامەتلەر «فەرھاد-شىرىن»داستانىدىكى ئىشقا سالغۇچىدۇر.

قوبۇل قىلغۇچى (ئوبيېكتنىڭ قەلبىگە ئېرىشكىنى قوبۇل قىلغۇچى بولىدۇ). فەرھاد ئەينەكنىڭ سىرىنى بىلىپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئاجايىپ تۆھپە قوشۇپ، شىرىننى ئۆز ئەمەلىيتى ئارقىلىق قايىل قىلىپ، شىرىننىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ. شۇڭا داستاندىكى قوبۇل قىلغۇچى — شىرىن.

3) ياردەم بەرگۈچى ۋە رەقىب . بۇ پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسىنىڭ باش پېرسوناژ بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشى بار، ئۇلار ياكى ئوبيېكت بولىدۇ، ياكى ئوبيېكتقا بېرىدۇ ۋە ياكى ئوبيېكتنى قوغلىشىدۇ، ئۇلار ھېكايىدە كەم بولسا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق رولى باش قەھرىمان بىلەن ئوبيېكتنىڭ مۇناسىۋىتىدە، باش قەھرىمان ئوبيېكتنى قوغلاش جەريانىدا ئىلگىرى سۈرۈش ياكى توسۇش رولىنى ئوينايدۇ. داستاندىكى خان، غاردا فەرھادقا كېيىنكى قىلىدىغان ئىشلار توغرىسىدا يول كۆرسەتىدىغان سۇقرات، كېيىن ئۇچرايدىغان خىزىر، كېمىدە ۋەقەگە ئۇچرىغاندا دوست بولۇپ فەرھادقا يول باشلىغان شاپۇر، شىرىن بىلەن كۆرۈشۈشكە شارائىت يارىتىپ بەرگەن مېھرىبانولار باش قەھرىمانغا ياردەم بەرگۈچى بولۇپ، بۇ پېرسوناژلار ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا فەرھادنىڭ مەقسىتىنى تېزراق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئوخشىمىغان دەرىجىدە ياردەم قىلىدۇ.

رەقىب(قارشى چىققۇچى) داستاندا فەرھاد سەپىرىدە ئۇچرايدىغان ئەجدىھا، دىۋە، خىسراۋ، ئۈممىد بۇزۇرگ، مەككار موماي، شېرويا قاتارلىقلار فەرھادنىڭ ئالدىغا ئۇچرايدىغان توسالغۇلار، فەرھاد بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى يەڭگەن بولسىمۇ، بىراق شەيتانىنى

ئۇسسۇلغا سالىدىغان مەككار موماي ئالدىدا ئاجىز كېلىپ، هاياتىنى قۇربان قىلىدۇ. بۇلار فەرهادنىڭ هەرىكىتىگە قارشى چىققۇچىلاردۇر.

## 4. قەهرىماننىڭ هەرىكەت بەلگىسى ـ باش قەهرىماننىڭ ئوبيېكتقا ئېرىشىش جەريانىدا ئەكس ئەتكەن بەلگە

بۇ بەش تۈرلۈك بولۇپ، ئۇ قۇرۇلمىنى تەهلىل قىلىشنىڭ ئاساسى. بايان قىلىش خاراكتېرلىك (تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك) بەلگىمۇ هەرىكەتنى بايان قىلىش جەريانىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

مەنە بەلگىسى، مەنە بەلگىسى بىلەن پېرسوناژلار خاراكتېرى زىچ باغلىنىشقا ئىگە.

سىمۋوللۇق بەلگە ـ بەش بەلگىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇرەككەپ بەلگە. بايان جەريانىدا، دائىم بايان خاراكتېرلىك بەلگە بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ، بايان خاراكتېرلىك بەلگىنىڭ ۋەزىپىسى تېكىستتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىنى قانداق تېپىش، قانداق هەل قىلىش ۋە قانداق قىلىپ نەتىجىگە ئېرىشىپ تېكىستنى ئاخىرلاشتۇرۇشتۇر. سىمۋوللۇق بەلگە تېكىستنىڭ كۆپ خىللىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئەڭ مۇهىم نۇقتا خاراكتېرنىڭ تۇرغۇزۇلىشىدۇر.

مەدەنىيەت بەلگىسى، باشقا بەلگىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تۆرلۈك بەلگىلەردىن يۇغۇرۇلغان بىر خىل ئەدەبىي خاراكتېرگە ئىگە. مەدەنىيەت بەلگىسى تارىخقا مەنسۇپ بولۇپ، تارىخ تەرەققىياتىغا ئاساسەن ئۆزگىرىپ، ئوخشاش بولمىغان دەۋردىكى كىتابخاندا ئوخشاش بولمىغان تەسىرات قالدۇرىدۇ.

بىز تۆۋەندە، بايان قىلغان تەپسىلاتقا ئاساسەن هەر قايسىسىنىڭ ئىپادىلىگەن سىمۋوللۇق مەنىسى ۋە مەدەنىيەت بەلگىسىنى تەهلىل قىلىپ كۆرەيلى:

فەرهادنىڭ خانىنىڭ ئوغلى بولۇشى خەلق داستانلىرىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سۇژېت قۇرۇلمىسى بولۇپ، مۇهەببەت داستانلىرىدا كۆپىنچە قىز ياكى يىگىت يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بولىدۇ، يۇقىرى تەبىقىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ياش تۆۋەن تەبىقىدىكى بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، ئاتا ـ ئانىسى قوشۇلمايدۇ ياكى شۇ ياشنى مەلۇم ۋاستە بىلەن سىنايدۇ، نەۋايى «فەرهاد ـ شېرىن» داستانىدا خەلق ئاغزاكى هېكايىلىرىدىن مۇۋاپىق دەرىجىدە پايدىلانغان بولغاچقا بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان شۇ ئەنئەنىگە ئاساسلانغان. فەرهادنىڭ ئالاهىدە تۇغۇلۇشى خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ تارقالغان قەهرىمانلىق داستانلىرىدىن «ماناس»، «ئوغۇزخان»، «ئالپامىش»، «ئاق ئۆلەندى»، «گۆرئوغلى» دىكى قەهرىمانلارنىڭ ئالاهىدە تۇغۇلۇش مۇتىۋىغا ئوخشاش بولۇپ، قەهرىمانلارنىڭ تۇغۇلۇشىدىكى مۇقىم بولغان سۇژېت قۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ بالىلىق ۋاقتىمۇ ئالاهىدە، ئۇ ئاخىرىدا ئاجايىپ باتۇر، كۈچتۈڭگۈر بولۇپ يېتىلىدۇ، كامالەتتە هەممىنى هەيران قالدۇرىدۇ، دوكتور هەسەنجان ئابلىز«فەرهاد ۋۇجۇدىدىكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئىزلىرى» دېگەن ماقالىسىدە، «نەۋايى داستانىدىكى فەرهادنىڭ ئۈچ يېشىدا‹قۇرئان›نى ئۆگىنىشكە باشلاپ، 14 يېشىدا زامان ئىلىملىرىدىن كامالەتكە يېتىشى ئۇنىڭ شەرىئەت باسقۇچىنى غەلىبىلىك تاماملىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ» دەپ، تەسەۋۋۇپ نۇقتىسىدىن فەرهادنىڭ ئالاهىدە ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تەهلىل قىلغان. داستاندىكى «بالا دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن باشلاپ، ئۇنىڭ يۈزىدىن، كۆزىدىن، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن شولا تارىلىپ تۇراتتى، لېكىن ئۇ يىغلىغان پەيتلەردە، يىغا ئاۋازىدىن پىراق دەردى كېلەتتى» دېگەن يەردىن باشلاپ ئەسەردىكى تەسەۋۋۇپى مەزمۇن كۆزگە تاشلىنىشقا باشلايدۇ. نەۋايى ۋە نىزارىينىڭ فەرهادنى بۇنداق ئالاهىدىلىككە ئىگە قىلىپ سۈپەتلىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب ئۆز دەۋرىدىكى خەلقنىڭ ئىشقا ئاشۇرالمىغان ئارمانلىرىنى شۇ قەهرىمانلار ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئىستىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ پات يېقىندا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىدىن ئالدىن بېشارەت بېرىش ئۈچۈندۇر.

فەرھاد دېگەن ئىسمىنىڭ قويۇلۇشىغا بىرىلىدىغان تەبىر ئوخشمايدۇ، نەۋايى داستانىدا، بەش سۆزنىڭ بېشىدىكى بىردىن ھەرپ ئېلىنىپ «فىراق»دىن «ف»نى، «رەشىك»تىن «ر»نى، «ھىجران»دىن «ھ»نى، «ئاھ»دىن «ا»نى، «دەرد» تىن «د»نى بىر ـ بىرىگە بىرىكتۈرگەندە، «فەرھاد»دېگەن ئىسىم كېلىپ چىققان. فەرھادنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا ئىشق ئوتىدا خاپىغان ھالدا يۇرۇشى ئۇنى ئىنسان ئۇچۇن ئاسايىشلىقتا، بەختلىك ھايات يولىدىكى ئىزدىنىشلەرگە ئۇلاپ كەلگەن.

فەرھاد ئۇچۇن تۆت قەسىر سالدۇرۇشنى نىيەت قىلىش ۋە سېلىش، خانىنىڭ تەختىنى فەرھادقا بەرمەكچى بولغانلىقى ھەر ئىككى داستاندا تەسۋىرلەنگەن بولۇپ (نىزارىي داستانىدا قىسقىچە تەسۋىرلەنگەن)، فەرھادنىڭ تۆت قەسرنى ئايلىنىپمۇ كۆڭلىنىڭ ئېچىلماسلىقى، ھەقىقىي ئىشق ئەھلىنى دىدار ۋەسلىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنىڭ خۇشال قىلالمايدىغانلىقى، ھەرقانداق گۈزەللىكنىڭ ئۆزىگە تارتالمايدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن بولسا، فەرھادنىڭ ئۆز تاج ـ تەختىنى ھەدىيە ئەتمەكچى بولغان ئاتىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشى تەرىقەت بويىچە نەپسىدىن ۋاز كېچىشنىڭ نىشانىسى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق نەۋايى ئىنسانلاردا كەم تېپىلىدىغان، بىراق بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئېسىل خىسلەتنى يورۇتۇپ بەرگەن. بولۇپمۇ نەۋايى داستانىدىكى فەرھادنىڭ ئاتىسىغا بەرگەن ئورۇنلۇق جاۋابلىرى فەرھادنىڭ پەقەت بىر قەھرىمانلا ئەمەس، پىشىپ يېتىلگەن ماھىر سۆز سەنئەتكارى ئىكەنلىكىنىمۇ نامايان قىلغان. فەرھاد جاھاننامە سىرلىرىنى بىلىش ئۇچۇن يۇنانغا سەپەر قىلىش مەقسىتىدە مۇلك ئاراغا ئۆز سىرىنى ئېيتىدۇ. شۇ ھېكايە بايان قىلىنغان بابتىكى نەۋايىنىڭ فەرھاد توغرىسىدا يازغان«تىلسىم مۇددىئاسىنى، بەلكى مۇددا تىلسىمىنى ئۇنىڭ قېشىغا ئۇچماق» دېگەن بىرىكمىلىرىگە قارايدىغان بولساق، پەقەت سۆزلەرنىڭ ئورنى ئالماشقاندەك، مەزمۇنغا تەسىر يەتمىگەندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى چوڭقۇر. يەنى «تىلسىم مۇددىئاسى»فەرھاد جاھاننامە ئەينىكىدە كۆرگەن ئاجايىباتلارنىڭ ئېچىلمىغان مەنىلىرى، فەرھادنىڭ شىرىننىڭ جامالىنى كۆرۈش تىلىكى «مۇددىئا تىلسىمى»بولۇپ، نەۋايى بۇ يەردە مۇرەككەپ سۆز ئويۇنى قىلىدۇ. بۇ يەردىكى جاھاننامە ئەينىكى شامانىزمدا قۇياش ئىلاھىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە قۇياش ئىلاھىغا تەققاسلانغان.

نەۋايى فەرھادنىڭ ياشلىقىدىن باشلاپ بىلىمگە قىزىقىشىنى ۋە ياش بالىدىكى پەۋقۇلئاددە ئىدراك قىلىش كۈچىنى شەخسى بالاغىتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەشكە تىرىشقان.

جاھاندا قالمىدى ئۇل يەمىگەن ئىلىم،
بىلىپ تەھقىقىنى قېزىپ يەتمىگەن ئىلىم.

نىزارىي قەلىمىدە، فەرھاد سەپەرگە خاقان ھەم ئۇنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن چىقسا، نەۋايى قەلىمىدە، يالغۇز سەپەرگە ئاتلىنىدۇ، فەرھادنىڭ سەپەرگە يالغۇز چىقىشى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان قاتتىق ئىشەنچىسى ۋە كۈچ ـ قۇدرەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەينەك ۋەقەسى ۋە ئۇنىڭ سىرلىرىنى بىلىش ئۇچۇن يۇنانغا بېرىشى مۇھەببەت مۇشەققىتىنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

فەرھاد يۇناندا ئەھرامەن بىلەن ئېلىشىش ئۇچۇن ماڭغاندا يولدىكى شېغىل تاشلار، گىياھلار ئېتىكىگە يېپىشىپ ئۇنى يولدىن قايتۇرماقچى بولىدۇ. نەۋايى ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

«فەرھادقا جاھەننامىدە كۆرۈنگەن دەشت سەئىزە بىلەن بېزەلگەن ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ بارچىسى دەرد ـ پىراق سەئىزلىرى. دەشتىنىڭ گىياھلىرى زەڭ(دات) باسقان نەشتەرنى ئەسلىتىدۇ. سۇمبۇللار تۇزاققا ئوخشايدۇ، نەرگىس گۈللىرى تەقۋا ئەھلىنى مەست ۋە ۋە ھۇشسىز قىلىش ئۇچۇن شاراپ پەيلى ئۇزاتقانىدىن، تۇپراقلىرى كىشىلەرنىڭ بەختىنى قارا قىلىش ئۇچۇن مۇشۇك ساچار ئىدى». بۇ بايانلارنىڭ پىراق توغرىسىدىكى ۋەقەلىك بىلەن بىر پۈتۈن تەسەۋۋۇر ھاسىل قىلىشقا قارىتىلغانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن كۆرۈنىدۇ. نەۋايىنىڭ ئەرمەن دەشتلىرىنىڭ مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلەشتىكى مەقسىتى فەرھادقا بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر( مۇھەببەت

پاجىئەسى) دىن بېرىلگەن ئالدىن بېشارەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر.

بۇ ئارقىلىق نىزارىي ۋە نەۋايىلار ئۆزلىرىنىڭ تۆت تادۇ قارىشىنى ئىپادىلىگەن. نەۋايى سۇقرات غارىنى كەڭرى تەسۋىرلىگەن، مەلۇمكى، سوقرات غارىنىڭ راست ـ يالغانلىقى ۋە قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئۆز زامانىسىنىڭ تارىخچىلىرى ، سەيياھلىرى كۆپ ئىزدەنگەن، نەۋايى بۇ مەسىلىدە رىۋايەتنى ئاساس قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ، نىزارىي فەرھادنىڭ ئىسكەندەر ئەينىكىنى ئىزدەش ئېپىزوتىنى قىسقارتىدۇ. يەنە فەرھادنىڭ ئۈچ تىلسىمات بىلەن جەڭ قىلغانلىقىنى نەۋايى كۆپ تەسۋىرلىگەن بولسا، نىزارىي بۇنى قىسقارتىدۇ. نەۋايى قەلىمىدە، خەزىنىدە سۇقرات تىلسىمىنىڭ سىرلىرى يېزىلغان بىر پارچە خەت بارلىقى يېزىلىدۇ، نىزارىي قەلىمىدە بۇ خەت مەسىلىسى يوق.

نەۋايى فەرھاد «مېھنەتنامە»سىنى بايان قىلغاندا، زىددىيەت ـ كۈرەشنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، تەبىئىلىكى ۋە مەنتىقىلىقلىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. نەۋايى داستاندا تۆت يۈز ئەفلاتۇن سۈپەت ئالىم ئاجايىپ ھۈنەر ـ سەنئەت ئىشلىتىپ ياراتقان ئەينى ئىسكەندەر سىرلىرىنى ئېچىشتا فەرھاد يۇنانغا بېرىپ، سۇھەليا ھەكىم ۋە سۇقراتتەك ئالىي بىلىملىك دانىشمەنلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىزباسارى بولۇپ قالىدۇ. دانىشمەن سۇقرات ۋە سۇھەليا فەرھادقا مەدەتكار بولىدۇ. مۇشەققەتلىك كۈرەش، تىنىمسىز ئىزدىنىش نەتىجىسىدە تىلسىملار يولى ئېچىلىدۇ، شائىر بۇنى فەرھادنىڭ سۆزلىرى بىلەن شۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

دېدى: ھەر ئىشكى قىلمىش ئادەمىزاد،

تەپەككۇر بىرلە بولمىش ئادەمىزاد:

نەۋايى فەرھادنى ھېكمەت خەزىنىسى بولغان يۇنانىستان(گرېتسىيە) غا تەلپۈندۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئىسكەندەر تىلسىمىنى(پەلسەپە خەزىنىسىنى) ئېچىشتا سۇقرات ھېكىم بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرىدۇ. بۇ گرېك پەلسەپىسىنى سۇقراتتىن باشلاپ ئۆگىنىش، پلاتوننى بېسىپ ئۆتۈش ۋە ئارستوتىلدا ۋايىغا يەتكۈزۈش توغرىسىدىكى قارابى قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈندۇر.

نەۋايىنىڭ داستانىدىكى فەرھاد چىن خاقانىنىڭ ئوغلى بولۇپ، بۇ ھەقتە رۇس ئالىملىرىدىن بېرتېلس، ئۆزبېك ئەدەبىياتشۇناسلىرىدىن پروفېسسور ۋ.زاھىدوف ۋە قازاقىستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىرى، جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىدە فەرھادنىڭ ئانا يۇرتىنىڭ خوتەن ياكى شىنجاڭ ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. نەۋايى چىن شەھىرىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىنى گۈزەل قىلىپ تەسۋىرلەپلا قالماستىن، بەلكى چىن ئېلىدە ھەرخىل ھۈنەر ئۇستىلىرى ئىچىدە تاشچى قارۇننى ئالاھىدە كۆرسىتىدۇ. قارۇن خوتەن قاشتېشى ئويمىچىلىق ئۇستىسىنىڭ ئوبرازى بولۇپ، ئۇ فەرھادنىڭ ئۇستازىدۇر.

سۇھەليا ھەكىم ۋە سۇقراتنىڭ فەرھادقا تىلسىملار ۋە ئەۋلادلار يىغقان ھەددى- ھېسابسىز بايلىقلار يولىنى توسۇپ ياتقان دىۋە ۋە ئەجدىھاغا قارشى كۈرەش قىلىش يوللىرىنى ئۆگىتىشىدىن فەرھادنىڭ يالغۇز قەھرىمان، سۆز ئۇستىسى، ئۇستا ھۈنەرۋەن بولۇشتىن سىرت يەنە ئىنسانلارغا بەخت ئاتا قىلغۇچى نىجاتكار، سۇقراتچە ئەقىلگە ئىگە دانىشمەن ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ف رھات ئىسكەندەر تىلسىمىنى ئېچىش يولىدا شەرق ئەدەبىياتىدا راھنامە تىمسالى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىپ كەلگەن خىزىرغا يولۇقىدۇ. خىزىر فەرھادقا ئاق پاتىھە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يولىدىكى سىرلار يېشىلىپ، قاراڭغۇلۇقنىڭ سىمۋولى بولغان دېۋە ۋە ئەجدىغا ئوخشاش ياۋۇز كۈچلەرنى يېڭىدۇ. سۇھەليا فەرھادنىڭ نامى-ئەھۋالىدىن بۇرۇنلا خەۋەردار بولۇپ، ئۇنى كۆرۈشكە ئىنتىزار ئىدى. شائىر سۇھەلىيانى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا تەسۋىرلىنىدىغان خىزىر دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. ئۇ ئاددىي ئىنسان فەرھادنى كۆرۈش ئۈچۈن غاردا 500 يىل ئىستىقامەت قىلىپ كۈتىدۇ، ئۇ فەرھادنى ئۇلۇغلايدۇ، ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆلۈشكە رازى بولىدۇ. خىزىر ئىنسانلارنىڭ ئۆز ماھىيىتىنى ئىزدەش جەريانىدا ئەقىل- پاراسەت ئارقىلىق فانتازىيەگە تايىنىپ، بەدىئىي تەپەككۇر ۋە

بەدىئىي توقۇلمىلار ئارقىلىق ئۆز ئارزۇ- ئارمانلىرىنى ئىپادىلەپ يارىتىلغان غايىۋى ئوبرازدۇر. «فەرھاد ۋە شىرىن» نىڭ پۈتۈن مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغان فەرھادنىڭ قەھرىمانلىق، كامىللىق يولىدىكى يۈرۈشلىرى نەپس ۋە تەكەببۇرلۇقتىن يىراق تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. فەرھاد شۇ يولدا ئىزدەندى ۋە نەپسنىڭ سىمۇۋلى ئەجدىھا بىلەن تەكەببۇرلۇقنىڭ سىمۇۋلى ئەھرەمەننى يەڭدى.

نەۋايىنىڭ «فەرھاد ۋە شىرىن»داستانىدا سۇقراتنىڭ فەرھادنىڭ ئىشقىنى ئىزاھلاپ ئېيتقان سۆزلىرى بېرىلگەن بولسا، نىزارىي ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان كىشىنىڭ سۇقراتچە ياششى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئىنساننى ئىنسانلىق خىسلەتكە ئىگە قىلىدىغان مىجەز-خۇلقنى مەدھىيەلەپ، سەلبىي ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىش بىلەن بىرگە زاماندىن يۈز ئۆرىگەن كىشلەرگە تەربىيە بەرمەكچى بولىدۇ. شائىرنىڭ بۇ ئالىيجاناب غايىسى فەرھادنىڭ يەمەنگە سەپىرى ۋاقتىدىكى ۋەقەلەر تەسۋىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

فەرھادنىڭ ئەرمىنىيەدە قىلىشى ئەرمىنىيەنى ئەبەدىي ئازادلىق، ئاسايىشلىق ھايات رەمزى سۈپىتىدە تونۇغانلىقىدىندۇر. نەۋايى خەلق مەنپەئەتىگە قارىتىلغان يۈكسەك ئىدىيەلەرگە ئىجاد، مېھنەت، مەرىپەت، كامىل ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەر يولى بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. فەرھادنىڭ شىرىننى تېپىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ھەممىسى فەرھادنى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى يولىدىكى كۈرەشنىڭ بوسۇغىسىغا ئېلىپ كېلىدۇ. ئاتىسىنىڭ سەلتەنەت ۋە تاج-تەخت ئىگىلەش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى رەت قىلغان فەرھاد شۇ مۇھىتتا تۇرۇپ، كەڭ ئاۋام بىلەن بىرگە ياشاپ، خەلقنىڭ خاپىلىقىغا تەڭ قايغۇرىدۇ. بۇ نەۋايىنىڭ خەلق، دۆلەت ۋە شاھنىڭ بىرلىكى ھەققىدىكى يۈكسەك ئىدىيەسىنىڭ يارقىن ئىپادىسى بولۇپ، نەۋايى داستانىنىڭ باش قەھرىمانى فەرھاد مېھنەت ۋە سەنئەتنى ھەۋەس سۈپىتىدە ئەمەس، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى يولىدىكى زۆرۈرىيەت سۈپىتىدە ھېس قىلىدۇ. مانا بۇ نەۋايى گۇمانىزملىق قارىشىنىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر.

نەۋايى ھىيلىگەر موماي ئوبرازىنى يارىتقاندا، ھىيلە- مىكىر ۋاستىسى بىلەن جاھاننى قالايمىقان قىلىدىغان، ھەققانىيەتنىڭ يولىغا توزاق قۇرىدىغان، گۈزەللىكنى چەيلەشكە ئۇرۇنىدىغان ئىككى يۈزلىمچى ئالدامچىلارنى نەپرەت بىلەن پاش قىلىدۇ. داستاندىكى مەككار كەمپىر بىلەن باغلىق بولغان ئېپىزوتلاردا شائىر ياشىغان دەۋردىكى سارايغا جۇغلانغان، تىلى بىلەن دىلى ئوخشىمايدىغان، يۈزلىگەن فەرھادلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشتا «ماھارەت» كۆرسەتكەن ياۋۇز كۈچلەرنى بىتجىت قىلغان قەھرىماننى شاھ قىلىش غايىسىنى ئىپادىلىدى.

فەرھادنىڭ مەككار مومايىنىڭ سۆزىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى تەكشۈرمەي تۇرۇپلا ئىككى قېتىم ئالدانغانلىقى، ھەقىقىي، پاك مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچىدىن بولۇپ، «سۆيگۈ ئىنساننىڭ ھەممە زەئىپلىكلىرى ئىچىدىكى ئەڭ قىزىقى ۋە ئەڭ كەچۈرۈشكە تېگىشلىكىدۇر»(دىككىنس)، «ئەڭ ئەقىللىق ئادەم سۆيگۈ ئالدىدا ئەخمەققە ئايلىنىدۇ»(م، سافىر) دېگەن ئىنسانىي پىسخىك ھادىسىنىڭ مەۋجۇتلىقىدىن بولسا كېرەك.

يەنە بىر خاراكتېرلىك دېتال سالاسۇنغا قويۇلغان ئىران ساقچىلىرىنىڭ فەرھادقا خەيرىخاھلىقى بولۇپ فەرھاد ھەرقانداق جاپاغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۇنى قاماقتىن ئازاد قىلىشقا تەييار تۇرغان ساقچىلارغا نىسبەتەن ئالىيجانابلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بەختىنى دەپ ئىران ساقچىلىرىنى ئوتقا تىقمايدۇ، فەرھادنىڭ ۋاپاتى پۈتۈن ئەرمىنىيەنىڭ ماتەمگە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ جەستىنى سېلىنغان تاۋۇتنى يۈزلەپ كىشلەر كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. نەۋايى بۇ تەسۋىر ئارقىلىق خەلقنىڭ ئارزۇ- ئىنتىلىشلىرى، زۇلۇمغا قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەشلىرىنى ماھارەت بىلەن ئىپادىلىگەن. شۇنىسى ئېنىقكى، پۈتۈن داستاندا شائىر تەرىپىدىن ئىلگىرى سۈرۈلگەن غايە ئەينى دەۋردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىستەك- ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر.

نەۋايى ئەسىرىنىڭ مەركىزىدە تۇرغان

ئوخشىمىغان دۆلەتتىكى خەلقلەر بىر-بىرى بىلەن ئىناق-ئىجىل ياشاپ، جاھالەتكە قارشى بىرلىشىپ كۆرەش قىلدى، ئىنسانغا بەخت كەلتۈرگۈچى ھاياتنى ئارزۇ قىلدى.

بۇ داستاندا ئىپادىلەنگەن ئۇلۇغ ۋە ئەبەدىيلىك روھ 500 يىلدىن بېرى شەرقلىقلار ۋە غەربلىكلەرنى ھاياجانغا سېلىپ كەلمەكتە. ئىنسانىيەت 21- ئەسىردە تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە نەۋايى غايىسىدىكى بۇ ئىلغار گۇمانىزملىق روھ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، دۇنيادا ھېلىمۇ مالىمانچىلىق، ئاچارچىلىق، ئۆچەكىشىش، مىللىي كەمسىتىش، ئېزىلىش ۋە مىللىي ماجىرا، ئۇرۇش ۋە ئۇرۇش خەۋپى مەۋجۇت، شۇڭا ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر يەنىلا دوستلۇقنى، ئىتتىپاقلىقنى موھتاج، بۇ جەھەتتە نەۋايى مەدھىيىلىگەن ۋە تەشەببۇس قىلغان بۇ روھ ھېلىمۇ ئۆز نۇرىنى چاچقۇسى!

## ئىزاھلار

[1] 申丹:《 叙述学与小说文体学研究》[M].北京大学出版社，1998.

## پايدىلانمىلار

1. «ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» [C]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1995.
2. باتۇر ئەرشىدىنوۋ: « ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا داستان ژانىرى»[M]، ئالمۇتا، قازاقىستان س س پ «نەۋقە» نەشرىياتى، 1988-يىلى 93~92~104- بەتلەر
3. شەرىپىدىن ئۆمەر: « XIXئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، 2 قىسىم، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 - يىلى 898- بەت.
4. ئابدۇبەسىر شۆكۈرى: «كۆزگۈنىڭ مەدەنىيەت مەنىسى»، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2000- يىللىق3- سان.
5. ھەنىپە سالىھوۋا: «ئەلشىر نەۋايى ئىزداشلىرى»، «ئۇيغۇر فەرھادنامىسىنىڭ تۇنغۇچ ئەسىرى»، تاشكەنت، غوپۇر غۇلام نامىدىكى نەشرىيات :2005-يىلى، 68-109- بەتلەر
6. ئوسمان ئىسمايىل: «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2006-يىللىق 4-سان.
7. ھەسەنجان ئابلىز: «نەۋايى قەلىمى ئاستىدا يارىتىلغان فەرھاد ئوبرازى ھەققىدە تولۇقلىما»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2004-يىللىق1-سان.
8. 陈岗龙:《蒙古民间文学比较研究》.北京大学出版社，2001年.
9. 博修延:《文本学》. 北京大学印刷厂，2004.年
10. 潜明兹:《中国少数民族英雄史诗》.中国科学院印刷厂1996年.
11. 祖果颂:《 叙事的诗学》.安徽大学出版社，2003年.

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2011) 02_109_14

# ئىجتىمائىيلىشىش مۇھىتى ۋە بېيجىڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىدىكى كۇلتۇرەل ئۈزۈكلۈك ھادىسىسى*

ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق

(مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى، بېيجىڭ.100081)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئىجتىمائىيلىشىش ئادەم تۇغۇلغاندا باشلىنىپ ئۆلگىچە داۋام قىلىدىغان ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدۇر .شەخس ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا، تۇغۇلغان ماكان ياكى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ كۇلتۇرىنى ماددىي ۋە مەنىۋى ئامىللىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆگىنىدۇ ۋە ئۆزلەشتۈرىدۇ. بېيجىڭدا تۇغۇلۇپ، بېيجىڭدا ئۆسكەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى گەرچە تۇغۇلۇپ يەسلىگە كىرگۈچە ئاتا-ئانىسىغا ئائىت تىل-كۇلتۇر مۇھىتىدا ئىجتىمائىيلاشقان بولسىمۇ، مەكتەپكە قەدەم باسقاندىن كېيىن تامامەن پەرقلىق تىل ۋە كۇلتۇر مۇھىتىدا ئىجتىمائىيلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. مانا مۇشۇ جەريانىدا، ئۇشبۇ يېڭى نەسىللەردە سوتسىيولوگىيەلىك مەنىدە (ياكى ئۇيغۇر مىللىي كۇلتۇر نۇقتىسىدىن) كۇلتۇرەل ئۈزۈكلۈك ھادىسىسى ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلاپ ئىزچىل داۋام قىلغان. ئۇلاردىكى بۇ خىل داۋام قىلغان ياكى ھالا بۈگۈنگىچە داۋام قىلىۋاتقان كۇلتۇرەل ئۈزۈكلۈك ھادىسىسى ئۇلاردا كىملىك بىئاراملىقىنى پەيدا قىلغان.

**摘要:** 社会化是个体出生时始于的过程，并持续于其死的一种学习与教化的过程。个体在其社会化过程中学习与内化其生活的社会之社会行为、价值观念及文化。在京出生成长的维吾尔族知识分子后代在较为特殊的语言、文化环境中完成其社会化并形成与其父母有较大差异的民族认同与价值观念。在此过程中已出现并在持续的文化断层问题，在民族及文化认同方面使他们变得更为困惑。

**Abstract:** Socialization is kind of process which of the persons begins with his or her birth and continues to his or her death, is the enlightenment and a learning process. Persons in their socialization process will learn and internalization societies' social behavior values and culture. Born and growth in Beijing Uyghur intellectuals' descendants has completed their socialization process in the completely different language and cultural environment, therefore they have fostered quite different value views and ethno-national identity from their parents. During this process has occurred and continuous the cultural gap problem on this generations, in terms of ethno-national and cultural identity so that they become more confused.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: **G122** ماتېرىيال بەلگىسى: **A**

## 1. سوتسىيولوگىيەلىك مەنىدىكى ئىجتىمائىيلىشىش

جەمئىيەتشۇناسلىق پىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاتالغۇلىرىدىن بىرى بولغان ئىجتىمائىيلىشىش (社会化/Socialization)، ئادەتتە تۇغۇلغىنىدا پەقەت ۋە پەقەت بىر بىيولوگىيەلىك مەخلۇق بولغان

---

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 2-ئاينىڭ 18-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق (1972-يىلى 4-ئايدا تۇغۇلغان)، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتشۇناسلىق ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى، دوكتور، دوكتورانت يېتەكچىسى .

ئادەمنىڭ، مەلۇم بىر تىلنى، ئۇشبۇ جەمئىيەتنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى، تۈرە-تۈزۈملىرىنى، قىممەت قاراشلىرىنى، بىلگۈ-مەلۇماتلىرىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئۆگىنىشىنى، ئۆگەنگەنلىرىگە ماس ھەرىكەت قىلىش قابىلىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ۋە مۇشۇ تەرىقىدە ئىجتىمائىي ئادەم بولۇش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئادەمنىڭ قانداق قوپۇپ قانداق ئولتۇرۇشقا دىققەت قىلىشى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلىشى، ئاممىۋى قاتناش ۋاسىتىلىرىدە ئاياللار ۋە ياشانغانلارغا ئورۇن بوشىتىشى، ماشىنا ھەيدىگەندە قاتناش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىيلىشىشنىڭ نەتىجىسىدۇر.

## 2. ئىجتىمائىيلىش مەقسىتى

ئىجتىمائىيلىشىشنىڭ مەقسىتى، بىرىنچىدىن، ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىغا كىرگەن شەخسلەرگە ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ تىلىنى، ئاساسىي قائىدە-يوسۇنلىرىنى، ئادەتلىرىنى، قىسقىسى ئۇشبۇ جەمئىيەتنىڭ مىللىي كۇلتۇرىنى ئۆگىتىش ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي كىشىلىكىنىڭ شەكىللىنىشىگە ياردەم بېرىش. ئىككىنچىدىن، شەخستە شەكىللەنگەن كىشىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مەقسەت، شەخس ئىجتىمائىيلاشقانسېرى كىشىلىكى ئېشىپ بارىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا شەخسلەر ئۆزلىرىگە خاس ۋە ماس روللىرىنى، ئۆزلىرىدىن كۈتۈلگەن ھەرىكەت قىلىقلارنى قوللايدىغان تۇتۇملارنى ئۆگىنىدۇ. بىر ئادەمنىڭ، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ ئورنىنى بىلىشى، جەمئىيەتتىكى باشقا ئەزالارنىڭمۇ ئۆز رولىنى بىلىشى ۋە شۇنىڭغا مۇۋاپىق شەكىلدە ھەرىكەت قىلىشى بولسا، پەقەت ئىجتىمائىيلىشىش بىلەنلا ئەمەلىيلىشىدۇ. تۆتىنچىدىن، ئىجتىمائىيلىشىش، شەخسلەردە ياخشى ئاتا-ئانا، ياخشى بالا، ياخشى كەسىپ ئەھلى، ياخشى دوست-قېرىنداش بولۇشتەك...ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئائىلە، جەمەت، جەمئىيەت ۋە مىللەت « كۈتۈش»لىرىنىڭ شەخسلەرنىڭ ئەس-يادىغا مەھكەم ئورنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. بەشىنچىدىن، ئىجتىمائىيلىشىش، شەخسلەرگە ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى كۇلتۇرىنى پۈتۈن ئامىللىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆگىتىدۇ، ئۆزلەشتۈرىدۇ. بۇ يەردە مىللەتنىڭ ئېتنىك ۋە ئىرقىي تەۋەلىكىدىن بەكرەك، كۇلتۇرەل تەۋەلىكىنىڭ مۇھىملىقى قانۇنىيىتى تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن، ياپون مىللىتىدىن بولغان بالا، كىچىكىدىلا ئۇيغۇر بوستانلىقىغا كېلىپ ئۇيغۇر كۇلتۇر مۇھىتى ۋە ئىجتىمائىيىتىدە چوڭ بولسا، ئۇ تامامەن ئۇيغۇر كىشىلىكى ۋە كىملىكىدە يېتىشىدۇكى، ياپونلۇقلىقىدىن ئەسەر قالمايدۇ. چۈنكى ياپونلۇقنى ياپونلۇق قىلىپ تۇرغان پەقەت ئۇنىڭ بىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلىرى ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ تىلى، ئۆرپ-ئادىتى، قائىدە-يوسۇنلىرى ۋە دىنىي ئېتىقادى بىلەن جىپسىلىشىپ شەكىللەنگەن مىللىي خاراكتېرى -- كىشىلىكى ۋە كىملىكىدۇر. بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، خۇنەندە ياشايدىغان ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مىللىي سىياسىتىنىڭ شاپائىتىدە ئۇيغۇر كىملىكىنى ئۆزلىرىگە سىياسىي كىملىك قىلغان، مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ فامىلىسى «جيەن» بولغان سوتسىيال گۇرۇپپا، تارىخىي ئېتنىك مەنبەسى جەھەتتىن تەڭرىتاغ ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، كۈنىمىزدىمۇ ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتاشسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي ئۇيغۇر كۇلتۇرى ۋە ئىجتىمائىيىتىدە ياشىمىغانلىقى ۋە تامامەن خەنزۇ-تۇڭگان مۇھىتىدە ياشايدىغانلىقى ۋە ياكى ئۇ خىل مۇھىتتا ئەسىرلەردىن بېرى ئىجتىمائىيلىشىپ كەلگەنلىكلىكى ۋەجىدىن، كۈنىمىزدە تەڭرىتاغ ئۇيغۇرلىرى بىلەن كۇلتۇرەل مەنسۇبىيەت ۋە مىللىي كىملىك نۇقتىسىدىن ھېچ دىگۈدەك دەرىجىدە ئالاقىسى قالمىغان، پەقەت سىياسىي كىملىكلا «ئۇيغۇر» بولغان سوتسىيال گۇرۇپپا كۆرۈنىشىدىدۇر. ئالتىنچىدىن، ئىجتىمائىيلىشىش شەخسلەرگە ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى كۇلتۇرىنى پۈتۈن ئامىللىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆگىتىدۇ ۋە ئۆزلەشتۈرىدۇ. مەسىلەن، لوپنۇردا تۇغۇلغان بىر بالا، بۇ يەردە يېتىلىش جەريانىدا، لوپنۇرلۇقلارنىڭ شېۋىسىدە سۆزلەش ۋە ئۇلاردەك پىكىر قىلىش، تەپەككۇر

قىلىشتىن باشقا يەنە، بۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى تۈپەيلى تەرەققىي قىلدۇرغان بىلىقچىلىق ۋە چۆل ھاياتىغا ئالاقىدار ماددىي كۇلتۇر ئامىللىرىنىمۇ ئۆزلەشتۇرۇپ بارىدۇ. بۇ خۇددى، يايلاق ۋە تاغلاردا ياشايدىغان كۆچمەن خەلقلەرنىڭ ئات ئۈستىدە ياشاش ياكى ئات ۋە چارۋىچىلىق بىلەن ئالاقىدار ماددىي كۇلتۇر ئامىللىرىدىن كۆپرەك خەۋەردار بولغىنىغا ئوخشاش. يەتتىنچىدىن، ئىجتىمائىيلىشىش، جەمئىيەتنىڭ نىسپىي ئىزچىللىقىنى ساقلايدۇ ۋە سوتسىئال-كۇلتۇرەل قۇرۇلمىنىڭ كۆپىيىشىنى يېڭى ئەۋلادلارغا يەرلەشتۇرىدۇ. يەنى جەمئىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ قىسقىسى مىللىي كۇلتۇرنىڭ ئىزچىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. يۇقىرىدا توختالغان خوتەن ئۇيغۇرلىرىدا ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىيلىشىش بولمىغاچقا ياكى بۇ خىل جەريان ناھايىتى بۇرۇنلا ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، كۈنىمىزدە ئۇلاردا ھەقىقىي مەنىدە ئۇيغۇرلۇق ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىزچىللىقى يوق. بۇ ھال، كۈنىمىز ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە سانى كۈنسايىن كۆپىيىۋاتقان يېڭى سوتسىئال گۇرۇپپا «خەنزۇ تىللىق ئۇيغۇرلار»[1] دا گەۋدىلىنىشكە باشلىماقتا،

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى ئادەمنى بىيولوگىيەلىك ھالىتىدىن ئۈزاقلاشتۇرۇپ ئىجتىمائىي ئادەم ھالىتىگە ئەكەلمەكتە، كىشىلىكنى شەكىللەندۈرۈپ كىملىكنى بەرمەكتە، شەخسنىڭ رولىنى، كۇلتۇرنى ئۆگىنىشنى ۋە ئاقىۋەتتە شەخس ئۆزى تەۋە بولغان جەمئىيەتنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ ئىزچىللىقىنى داۋام ئەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلماقتا.

## 3. ئىجتىمائىيلىششنىڭ سورۇنلىرى

يۇقىرىدىكى نەزەرىيەۋى ئىزاھاتلاردىن مەلۇمكى، ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى شەخسنىڭ ئۆگىنىش، يېتىلىش ۋە تېخىمۇ «ئىنسان» بولۇش جەريانىدۇر. بۇ جەرياندا، ئۆگەتكۈچى ۋە ئۆگەنگۈچى مۇناسىۋىتى مەۋجۇت. ئۆگەتكۈچى بولسا تامامى بىلەن جەمئىيەتتۇر. ئۆگەنگۈچى بولسا، ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىغا كىرگەن شەخستۇر. بۇ خىل ئۆگىنىش پائالىيىتى ئىجرا بولىدىغان سورۇن تەرتىپى — ئائىلە، مەكتەپ، دوستلۇق گۇرۇپپىسى، خىزمەت ئورنى قاتارلىقلاردۇر. ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىن ئەڭ دەسلەپ ئائىلىسىدە ئىجتىمائىيلىشىدۇ، ئاندىن (خۇسۇسەن كۈنىمىزدە) رەسمىي ۋە مۇنتىزىم تۈزۈم-قىلىپلىرى بولغان مەكتەپتە ئىجتىمائىيلىششقا قاراپ داۋام قىلسا، يەنە بۇ جەرياندا دوستلۇق گۇرۇپپىلىرى ئىچىدە، ئۇنىڭدىن كېيىن خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئىزچىل ئىجتىمائىيلىشىپ بارىدۇ.

ئائىلە ئىجتىمائىيلىشىش ئەڭ بۇرۇن ۋە ئەڭ بىۋاستە ئەمەلىيلىشىدىغان شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەڭ ئەنئەنىۋى بولغان، ئۇزۇن داۋام قىلىدىغان ئىجتىمائىيلىشىش سورۇنىدۇر. ئائىلىدە، پەرزەنت ئانىسىنىڭ تىلىنى، ئۇلارغا خاس بولغان ھەرىكەت قىلىقلارنى ۋە قىممەت قاراشلارنى ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. ئادەتتە ئائىلە تەربىيەسى دەپ ئاتالغان، كىشىنىڭ كېيىنكى كىملىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا دائىم ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ئۆچۈرۈلمەس ئىزنالار مانا مۇشۇ باسقۇچتا شەخسكە بېرىلىشكە، ئۆزلەشتۇرۇلۇشكە باشلايدۇ. كۈنىمىزدە، شەھەرلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىشنىڭ ئارتىشى بىلەن بىرلىكتە، ئائىلىنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ ئەنئەنىۋى چوڭ ئائىلە كۆرۈنۈشىدىن مېغىز ئائىلە ۋە ياكى كىچىك ئائىلە قۇرۇلمىسىغا ئۆزگىرىشى بىلەن بىرلىكتە ئىجتىمائىيلىششتىكى نىسبىتى بارغانسېرى ئازىيىپ بارماقتا. ئائىلىنىڭ بۇرۇنقى كۆپلىگەن فۇنكسىيەسى ۋە روللىرىنى كۈنىمىزدە يەسلى، مەكتەپ قاتارلىقلار ئالدى.

مەكتەپ، رەسمىي باشقۇرۇلىدىغان، تەشكىللىك، پىلانلىق تەربىيەلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىدىغان مائارىپ ئورگىنىدۇر. ئۇنىڭ باش مەقسىتى، مۇئەييەن ياش قۇرۇلمىسىدىكى يېڭى ئەۋلادلارغا جەمئىيەت ئېھتىياجلىق بولغان ئىقتىدار، قابىلىيەت ۋە قىممەت قاراشلارنى ئىنگىلىتىشتۇر. مەكتەپ يەنە نورمال ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئىجتىمائىيلىششىغا كاپالەتلىك قىلغاندىن سىرت، يەنە مەكتەپ ئىچىدىكى

ھەرخىل پائالىيەتلەر ئارقىلىق بەزى قىممەت قاراشلارنى مەسىلەن، ئاتېئىزم ياكى مەلۇم ئەقىدە/ئېتىقادنى؛ ئەدەپلىك بولۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش؛ ۋاقىت قارىشى تىكلەش، تەرتىپلىك ئىش قىلىش، ئۆگىنىشتە دەرىجە تالىشىش (رىقابەت ئېڭى)، قانۇن-تۈزۈم، بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىش... قاتارلىقلارنى ئۆگىتىش ئارقىلىق شەخسنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشتۇرىدۇ.

ئائىلىدە قېرىنداشلىرى بىلەن بىرگە ئويناپ يۈرگەن بالا مەكتەپتە تامامەن يات باللار، مۇئەللىملەر ۋە باشقۇرغۇچىلار بىلەن بىرگە بولىدۇ. بۇ يەردە ھەرخىل مىجەزدىكى باللار بىلەن بىرگە ياشاش، ئاستا ئاستا ئۆزىگە تايىنىش ئېڭىنى يېتىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئۆيدىكى چاغدا، ھەددىدىن زىيادە ئاتا-ئانا، قېرىنداشلىرىغا تايىنىپ ياشايدۇ ياكى ئۇلار (ئاتا-ئانا قېرىنداشلىرى)ئۇنىڭغا بۇ خىل مۇھىتنى ھازىرلاپ بېرىدۇ. مەكتەپتە مۇنتىزىم ۋە ئىزچىللىقى بولغان تۈزۈم ئاستىدا، سىستېمىلىق بىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە يەنە نۇرغۇن ئالدىن پىلانلانغان قىممەت قاراش، دۇنيا قاراش، مىللەت قارىشى، مۇھەببەت-نەپرەت قاراشلىرى...سىڭدۈرۈلىدۇ. يەنە ھەرخىل شەكىلدىكى تەسىرلىشىش نەتىجىسىدە مەسىلەن، بۇ جەرياندا شەكىللەندۈرگەن دوستلۇق گۇرۇپپىلىرى بىلەن باشقا گۇرۇپپىلاردىن نىسبەتەن پەرقلىق شەكىلدە ئىجتىمائىيلاشقاچقا، بۇنىڭغا ماس كىشىلىك ۋە كىملىك يېتىلدۈرىدۇ.

مەكتەپتە ئىجتىمائىيلىشىشنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئالاھىدىلىكى بولىدۇ: ئالدى بىلەن مەكتەپ، ئىجتىمائىيلىشىش مەقسىتىدە مەخسۇس تەشكىل قىلىنغان ئۆگىنىش ئورگىنىدۇر. بۇ مۇئەييەن ئۆگىنىش مۇھىتى، ئوقۇغۇچىغا تەشكىللىك، مەقسەتلىك ھالدا سىستېمىلىق تەربىيەلىنىشنىڭ ھەرخىل شارائىتلىرىنى ھازىرلاپ بېرىدۇ. ئائىلىدىكى ئىجتىمائىيلىشىش، كۈندىلىك تۇرمۇش ئەسناسىدا بىر خىل كۆنۈكۈپ قېلىش، تەدرىجىي ۋە تەبىئىي سىڭىشىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىقسا، مەكتەپتىكى ئىجتىمائىيلىشىش بۇنىڭ ئەكسىچە، مەخسۇس ئۆگىنىشنى تەكىتلەيدىغان، مەجبۇرلاش خاراكتېرى بولغان جەرياندۇر. مەكتەپ جەمئىيەتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ياش ئەۋلادلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بەلگىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشىگە ياردەم قىلىدۇ. مەكتەپ سىستېمىلىق تەربىيەلەش پىلانى ئارقىلىق بىرتەرەپتىن يېڭى نەسىلگە ھەرخىل پەننىي بىلىملەر ۋە ماھارەتلەرنى ئۆگەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ توغرا قىممەت قاراش تىكلەپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك قارىشى جەھەتلەردە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

ئىككىنچىدىن، مەكتەپ تەشكىلىي ئورگان بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر يۈرۈش بەلگىلىمە، تۈزۈملىرى بولغان رەسمىي ئورگاندۇر. ئوقۇغۇچىلار چوقۇم بۇ تۈزۈم، بەلگىلىملەرنى ئۆگىنىشى ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشى، بۇ تۈزۈملەرنىڭ تەلىپى بويىچە تېگىشلىك روللارنى ئوينىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، شۇنداقلا بۇ خىل تەشكىللىك گۇرۇپپا ئىچىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىمۇ ئۆگىتىدۇ. مەكتەپتە، ئوقۇغۇچى تۈنجى قېتىم مۇدىر، مۇئەللىم، مۇئەللىمە قاتارلىق نوپۇزلۇقلار بىلەن يۈزلىشىدۇ، يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى ھەرىكەت ئۆلچەملىرىگە، تۈزۈملەرگە رىئايە قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇيدۇ؛ ئۆزىنىڭ ئەمدىلىكتە ئۆيدىكىدەك ئەركە ئەمەسلىكىنى، ئەكسىچە تېخىمۇ چوڭ دائىرىدىكى ئوقۇغۇچى گۇرۇپپىسى ئىچىدە، ئادەتتىكى بىر ئەزا بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىۋاتقانلىقىنى، ھەمكارلىشىش ۋە مۇستەقىل قارار قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قارىتا بەرگەن باھاسى ئاساسىدا، ئۆزىنىڭ سۆز- ھەرىكەت قىلىقلىرىنى تەكشۈشنى ئۆگىنىشنى بىلدۈرىدۇ.

يۇقىرىدىكى سوتسىيولوگىيەلىك تەھلىللىرىمىز-

دىن مەلۇمكى، كۈنىمىزدە شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى، ئۇشبۇ شەخسنىڭ كىشىلىك ۋە كىملىكنىڭ شەكىللىنىشىدە مەكتەپنىڭ رولى ناھايىتىمۇ چوڭ. چۈنكى، جەمئىيەت ئەنئەنىۋىلىكتىن زامانىۋىلىققا قەدەم قويغاندا، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىدا تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىش ئوتتۇرىغا چىقىش بىلەن بىرگە مەخسۇسلىشىش ئېشىپ بارىدۇ. ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە شەخسنىڭ تەربىيەسى ۋە قابىلىيەت، ئىقتىدار ئۆگىنىشىدە ئائىلە ۋە ياكى مەلۇم شەخسلەر بەلگىلىك رول ئوينىسا، كۈنىمىزدە بولۇپمۇ ئائىلىنىڭ رولى بارغانسېرى كىچىكلەپ بارماقتا ياكى ناھايىتى چەكلىك بولماقتا. ھازىر تەرەققىي قىلغان شەھەرلەردە دۇنياغا كەلگەن بالا ئەقلىنى يەسلى، مەكتەپ قاتارلىق رەسمىي ئورگانلاردا تاپىدۇ ۋە بۇ يەردە كىشىلىك، كىملىكنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ھال تېمىمىز بولغان بېيجىڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىدە تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەنمەكتە.

مەلۇمكى، ئۆگەنگۈچى بولغان يېڭى ئەۋلاد، ئۆگەتكۈچى بولغان مۇئەللىم ۋە مۇئەللىمەلەرنىڭ ماھارىتى ۋە كۆيۈنۈشى ئاساسىدا ئىجتىمائىيلىشىپ ھەقىقىي مەنىدىكى ئىجتىمائىي ئىنسانغا ئايلانماقتا. ئۇنداقتا، مۇئەللىم، مۇئەللىمە ۋە مۇدىر قاتارلىق باشقۇرغۇچىلارنىڭ ساپاسى ۋە مەنسۇبىيىتى تۈپەيلى پەيدا بولغۇسى مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت ئېڭى ئوقۇغۇچىدىن ئىبارەت «ئىجتىمائىيلاشقۇچى»نىڭ قايسى شەكىلدە ئىجتىمائىيلىشىپ، قانداق كىشىلىكتە كىملىك-سالاھىيەت قازىنىشىدا بەلگىلىگۈچى بولىدۇ.

## 4. ئازادلىقتىن كېيىن بېيجىڭغا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىي پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىل-كۇلتۇر سەۋىيەسىگە قارىتا ئىنكاسلىرى

2006-2008-يىللىرى«ئازادلىقتىن كېيىن بېيجىڭدا خىزمەت بىلەن ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يېتەكچى جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» [2] تېمىسىدىكى تەتقىقاتىمىزنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈشىنى ئېلىپ بارغىنىمىزدا، بېيجىڭدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلىرىدە جىددىي مەنىدە كۇلتۇرەل ئۈزۈكلۈك (文化断层 / Cultural Gap) ھادىسىسىنىڭ [3] ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى بايقىدۇق. تەكشۈرۈشىمىزگە قاتناشقان بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ياش قۇرۇلمىسىغا قارايدىغان بولساق، ئوتتۇرا ياشلىقلار گۇرۇپپىسى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. يەنى 35-56 ياش ئارىلىقىدىكىلەرنىڭ نىسبىتى87% بولۇپ، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخى بولغانلارنىڭ نىسبىتى76%؛ پارتىيەلىكلەرنىڭ نىسبىتى 51.4%، تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە لائىكلىشىش [4] (世俗化) باسقۇچىغا كىرىپ بولغان. كۆپ سانلىق ئائىلىلەر (58.6%) تاق پەرزەنتلىك بولسا، ئىككى پەرزەنتلىك بولغانلارنىڭ نىسبىتى 35.7% بولۇپ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن كېيىن خىزمەتكە چىققانلار ئاساسەن تاق پەرزەنتلىك بولغان [5].

ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلادى بېيجىڭدا تۇغۇلۇپ خەنزۇلار مۇتلەق كۆپ سانلىق بولغان مۇھىتتا ئۆسكەن بولغاچقا، يېتەكچى جەمئىيەتنىڭ كۇلتۇرى، قىممەت قاراش سىستېمىسى ئىچىدە ئىجتىمائىيلاشقان ۋە خەنزۇ تىللىق بولۇشقا يۈز تۇتقان ياكى بۇ جەرياننى تاماملىغان. بۇ سەۋەبلىك بىرىنچى ئەۋلاد بىلەن ئىككىنچى ئەۋلاد ئارىسىدا كۇلتۇرەل ئۈزۈكلۈك ھادىسىسى ئوتتۇرىغا چىققان. يەنى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن ئائىلە رەئىسلىرىنىڭ ئارزۇسىدىكى تەلىم-تەربىيەنىڭ مەكتەپ قاتارلىق رەسمىي ۋە مۇنتىزىم تەلىم تەربىيە ئورگانلىرىدا داۋام قىلالماسلىقى نەتىجىسىدە تېخىمۇ روشەنلەشكەن. بىرىنچى ئەۋلادقا نىسبەتەن ئىككىنچى ئەۋلاد بارغانسېرى ئۆزلۈكتىن ۋە مىللىي كىملىكتىن ئۇزاقلاشقان. بولۇپمۇ، قىممەت قاراش، تەپەككۇر شەكلى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە

بىرىنچى ئەۋلاد بىلەن ئىزچىل ئۇزاقلىشىپ بارغان.

1 ـ جەدۋەل. ئائىلە رەئىسلىرىگە كۆرە، ئىككىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر تىلى سەۋىيەسى

| ئۇيغۇر تىلى سەۋىيەسى | جاۋابلىغان كىشى سانى | پىرسەنتى% |
|---|---|---|
| جاۋابسىز | 3 | 4.3 |
| ياخشى | 15 | 21.4 |
| ئادەتتىكىچە | 31 | 44.3 |
| ئازراق بىلىدۇ | 18 | 25.7 |
| بىلمەيدۇ | 3 | 4.3 |
| جەمئىي | 70 | 100.0 |

2 ـ جەدۋەل. ئائىلە رەئىسلىرىگە كۆرە، ئىككىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىن سەۋىيەسى

| ئۇيغۇر تىلى سەۋىيەسى | جاۋابلىغان كىشى سانى | پىرسەنتى% |
|---|---|---|
| جاۋابسىز | 3 | 4.3 |
| ياخشى | 1 | 1.4 |
| ئادەتتىكىچە | 4 | 5.7 |
| ئازراق بىلىدۇ | 15 | 21.4 |
| بىلمەيدۇ | 47 | 67.1 |
| جەمئىي | 70 | 100.0 |

بۇ يەردىكى "جاۋابسىز" تېخىچە پەرزەنت كۆرمىگەن ئاتا-ئانىلارنى كۆرسىتىدۇ

تەكشۈرۈش جەريانىدا، بىز كۆرۈشكەن ياكى چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئاتا-ئانىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى سەۋىيەسى ۋە ئۇيغۇرچىغا بولغان پوزىتسىيەسىدىن ئانچە مەمنۇن ئەمەسلىكى مەلۇم بولدى. يۇقىرىدىكى 1 ـ جەدۋەلدە كۆرۈلگەندەك، ئۇيغۇر تىلىنى نىسبەتەن راۋان ئىشلىتەلەيدىغانلارنىڭ نىسبىتى 21.4%، ئادەتتىكى گەپلەرنى قىلالايدىغان ياكى ئاز-پاز ئۇيغۇرچە بىلىدىغانلارنىڭ نىسبىتى بولسا 70%. ئەلۋەتتە بۇ هال ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، ئۆگىنىش مۇهىتى، دوستلۇق گۇرۇپپىلىرى، مەهەللە مۇهىتى ۋە تېلېۋىزور، ئىنتېرنېت قاتارلىق ئامىللار بىلەن زىچ ئالاقىدار. ئۇيغۇر يېزىقىدىن ساۋاتى بارلارنىڭ نىسبىتى تېخىمۇ تۆۋەن بولۇپ بېيجىڭدا تۇغۇلغان ئىككىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنىڭ 67.1% نىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىن ساۋاتى يوق؛ ئازراق بىلىدىغانلارنىڭ نىسبىتى بولسا 21.4%. ياخشى بىلىدىغانلارنىڭ سانى پەقەتلا بىر ياكى% 1.4بولغان.

ئانكېت تەكشۈرۈشىمىزدە، ئائىلە رەئىسلىرىدىن پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللىي كۇلتۇرىدە ئىجتىمائىيلىششى ئۈچۈن ئائىلىدە ئۇلارغا كېرەكلىك مۇهىت يارىتىپ بېرەلىگەن ياكى بېرەلمىگەنلىكىنى سورىغىنىمىزدا، مۇتلەق كۆپچىلىكى (87.1%) يارىتىپ بەرگەنلىكىنى، پەقەت ئازساندىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن تويلاشقانلار بۇنداق مۇهىتنى يارىتىپ بېرەلمىگەنلىكىنى بايان قىلدى.

3-جەدۋەل. ئائىلىنىڭ پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئۇيغۇر مىللىي كۇلتۇرىنى ئۆگىنىدىغان مۇهىت يارىتىپ بېرىش ئەهۋالى

| ئائىلىدە ئۇيغۇر كۇلتۇر مۇهىتى | جاۋابلىغان كىشى سانى | پىرسەنتى% |
|---|---|---|
| جاۋابسىز | 3 | 4.3 |
| يارىتىپ بېرىمىز | 61 | 87.1 |
| يارىتىپ بېرەلمەيمىز | 6 | 8.6 |
| جەمئىي | 70 | 100.0 |

ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن پەرزەنتلەرنىڭ ئۇيغۇر تىل- يېزىق سەۋىيەسى ئاتا-ئانىلار كۈتكەندەك دەرىجىدە بولالمىغان؟ بېيجىڭدىكى چوڭ ئىجتىمائىي مۇهىت ۋە مائارىپ سىستېمىسىنىڭ تاق كۇلتۇرچىلىكى (Monoculturalist单元文化主义)، يېتەكچى مىللەتنىڭ قىممەت قاراش سىستېمىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت تىل-يېزىقىغا قارىتا «ئەرزىمەس» ياكى «ئىقتىسادىي قىممىتى يوق» كۆز قارىشى تۈپەيلى ، ئاز

سانلىق مىللەت پەرزەنتلىرىدە ئەسلىي ئانا تىلى ۋە يېزىقىنى ئۆگەنمەسلىك، قەدىرلىمەسلىك ئاقىۋىتى ئوتتۇرىغا چىققان. تەكشۈرۈش جەريانىدا، نۇرغۇن ئاتا-ئانىلارنىڭ خەنزۇچە سەۋىيەسىنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلى پەرزەنتلىرى بىلەن چوڭقۇر دىيالوگ قۇرالمىغانلىقىغا ھەم شاھىد بولدۇق.

بۇنىڭدىن باشقا، بېيجىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىسىنىڭ بولمىغانلىقى تۈپەيلى تۇڭگان قاتارلىق مىللەتلەرنىڭكىدەك ئۇيغۇر مىللىي مەكتەپلىرى ھەم بولمىغان. بۇ سەۋەبلىك بالىلار بىۋاسىتە ئۆيىنىڭ يېقىنىدىكى خەنزۇ مەكتەپلىرىگە بېرىلگەن، پەرزەنتلەر بۇ يەردە يەرلىك بالىلار بىلەن دوستلىشىپ ئۇلارنىڭ چەمبىرىكىدە رول ئېلىشقا باشلىغان، ئۇيغۇرچە ياكى ئۇيغۇر كۈلتۈرى پەقەتلا ئۆي بىلەن چەكلەنگەن. يەنى بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن بىرگە بولىدىغان ۋاقتى، خۇسۇسەن ئاتا-ئانىسى بىلەن تەسىرلىشىش ۋاقتى مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتىكى بېيجىڭلىقلار بىلەن ئۇچرىشىش، تەسىرلىشىش ۋاقتىدىن بەكلا قىسقا بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئاتا-ئانا بىلەن ئورتاق تىلى ئازىيىپ بارغان. كىچىك ۋاقىتلىرىدا ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلىگەن بالىلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن بارغانچە پەقەتلا خەنزۇچە سۆزلەيدىغان، ئۇيغۇرچىنى قىسمەن ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان، لېكىن مۇرەككەپرەك جۈملە ۋە ئاتالغۇلارنى چۈشىنەلمەيدىغان بولۇپ قالغان. بۇ ئەھۋالدا، ئاتا-ئانا ئۇلارغا مەجبۇرىي خەنزۇ تىلىدا سۆزلىگەن ياكى بۇنى ئادەت قىلغان. قىسقىسى، بالىلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى ۋە سورۇنى (مەكتەپ ۋە جەمئىيەت) ئاقىۋەتتە ئۇلارنىڭ ئانا تىلىدىن ئۇزاقلىشىشىغا، مىللىي كۈلتۈرىدىن خەۋەرسىز قېلىشىغا سەۋەب بولغان. بالىلارنىڭ ئۇيغۇرچە سەۋىيەسىنىڭ قانداقلىقى ئائىلە مۇھىتىدىن باشقا يەنە ئۇلار مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن بىر مەزگىل ئۇيغۇر رايونىدا چوڭ ئانىسى/ئاتىسى، تۇغقانلارنىڭ يېنىدا تۇرغان- تۇرمىغانلىقى بىلەنمۇ ئالاقىدار ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. مەسىلەن، پەرزەنتىنىڭ ئۇيغۇرچىسى نىسبەتەن ياخشى بولغان مەلۇم بىر تەكشۈرۈش ئوبيېكتى بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتىمىزدە ئۇ پەرزەنتىنىڭ ئۇيغۇرچىسىنىڭ بۇ قەدەر ياخشى بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ (سۆھبەت ئوبيېكتى: 55 ياش، خىزمەتتە،سۆھبەت ئورنى: بېيجىڭ، سۆھبەت ۋاقتى: 2006-يىلى 3-فېۋرال):

*"بالام يەسلىگە بېرىشتىن بۇرۇن، يۇرتىمىز قەشقەردە چوڭلارنىڭ يېنىدا 3-4 يىل تۇرغان ئىدى. يۇرتقا ئەۋەتىۋېتىشىمىزدىكى مەقسەت، بىز ئەر- ئايال ئىككىلىمىز خىزمەت قىلىمىز، ئۆي بىلەن ئىدارىنىڭ ئارىلىقى ئۇزاق، بالىغا ئۆزىمىز قارىيالمايتۇق، ئۆي كىچىك بولغاچقا باققۇچى تەكلىپ قىلىشىمىزمۇ ئىمكانسىز ئىدى. شۇڭا يەسلىگە بېرىشتىن بۇرۇن يۇرتقا ئاپىرىپ بەردۇق. بۇنىڭدىن ئىككىنچى بىر مەقسەت، يۇرتىمىزدا ناھايىتى ياخشى ئانا تىل مۇھىتى بار، قائىدە-يوسۇن ئۆگىنەلەيدۇ. ھەقىقەتەن، بالامنى قايتۇرۇپ كەلگىنىمىزدە، ناھايىتى راۋان ۋە چىرايلىق ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغان بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، بىزنىڭ نۇرغۇن ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنى يۇرتىمىزدىكى شەكلى بىلەن ئۆگەنگەنىدى. يەسلىگە ئاپارغىنىمىزدا، باشتا بارغىلى ئۇنىمىدى، ئۇ يەردە ماڭا ئوخشايدىغانلار يوق ئىكەن، ئۇيغۇرچە سۆزلىمەيدىكەن دەپ تۇرۇۋالدى، كېيىن ئامالسىز كۆنۈپمۇ قالدى. بۇ كىچىك ۋاقتىدىكى ئاساس، ئاندىن بىزمۇ ئۆيىمىزدە ئاساسەن ئۇيغۇرچە سۆزلىگەنلىكىمىز ئۈچۈن بالىمىز چوڭ بولغاندىمۇ ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ قالمىدى."*

ئىككىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش مۇھىتى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئاساسەن ساۋاتىنىڭ بولماسلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە ئۇيغۇر مىللىي كۈلتۈر تۈسىنىڭ نىسبەتەن قويۇقلۇقى ئاساسەن ئۆي ئىچىنىڭ سەرەمجانلاشتۇرۇلۇشى، بېزىلىشى ۋە يېمەك-ئىچمەك كۈلتۈرىدە روشەن ئىپادىلىنىدىغانلىقى بايقالدى. بۇ خىل شەكىلدە، پەرزەنتلىرىگە مىللىي كۈلتۈرنىڭ ماددىي ئامىللىرىنى سىڭدۈرۈشكە

تىرىشقانلىقى كۆرۈلىدۇ. بۇنى 3-جەدۋەلدىكى نەتىجىدىن كۆرۈشىمىز مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، بەزى ئائىلە رەئىسلىرى پەرزەنتلىرىنىڭ چوقۇم ئۇيغۇر مىللىي كۇلتۇرىدە تاۋلىنىشىنىڭ شەرت ئەمەسلىكىنى، ئۆزلىرى ئىختىيارىيلىق ئاساسىدا، كېتىپ بېرىپ ئۆگىنىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇلار پۇرسەت چىققاندا، يۇرتقا قايتقانلىرىدا تەبىئىي شەكىلدە ئۆزلەشتۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بىز چوڭقۇر سۆھبەت ئېلىپ بارغان مەلۇم بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى (سۆھبەت ئوبيېكتى: 40 ياش، خىزمەتتە، سۆھبەت ئورنى: بېيجىڭ، سۆھبەت ۋاقتى: 2006-يىلى 20-مارت)"پەرزەنتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇيغۇر كۇلتۇرىغا باپ ئائىلە تەربىيەسىگە قانداق قارايسىز؟" دېگەن سوئالىمىزغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

*"پەرزەنتىمگە مەقسەتلىك ھالدا ئۇ خىل تەربىيە بەرمىدىم، چوقۇم مۇنداق سۆزلەيسەن، ما تاماقنى يەيسەن، مۇنداق ئولتۇرۇپ، مۇنداق قوپىسەن دېگەندەك. ئۇنىڭ تۇرمۇشتا ياكى تەتىلدە يۇرتقا قايتقىنىدا، ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن بىرگە بولغىنىدا تەبىئىي ئۆگىنىشىنى كۈتتۈم. بەزىدە شۇنداق قىلىسىڭىزكەن دەپ قويىمىز-يۇ، بىز ئەر-خوتۇن ئىككىمىز ھېچقاچان مەقسەتلىك ھالدا ئۇلارغا ئۇ خىل مىللىي ئائىلە تەربىيەسى يۈرگۈزمىدۇق. بالىلارنىڭ شىنجاڭدا ئەمەس، بېيجىڭدا ياشاۋاتقانلىقىنى، ياشايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتىمىز."*

يەنە باشقا بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى سۆھبەت جەريانىدا مۇنداق دەيدۇ (سۆھبەت ئوبيېكتى: 54 ياش، خىزمەتتە، (سۆھبەت ئورنى: بېيجىڭ، سۆھبەت ۋاقتى: 2006-يىلى 10-ماي):

*"مېنىڭ پەرزەنتىمگە قارىتا تەربىيەم نىسبەتەن قاتتىق، ھەمدە ئىمكانقەدەر ئۇلارغا مىللىتىمىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى جەھەتتىكى كۇلتۇرىنى سىڭدۈرۈشكە تىرىشىمەن، لېكىن بىزنىڭ تەربىيەمىز ناھايىتى چەكلىك. بەزىدە، جەمئىيەتنىڭ ئۇلارغا بولغان تەسىرىگە تاقابىل تۇرالمايمۇ قالىمىز. چۈنكى مەكتەپ ۋە ئەتراپتىكى مۇھىت، بىز تەلەپ قىلىۋاتقاندىن بەكلا پەرقلىق نەرسىلەرنى ئۇلاردىن تەلەپ قىلىدۇ ياكى تەسىر قىلىدۇ. بىزنىڭ باللار شىياڭگاڭ، تەيۋەن چولپانلىرىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىشىدۇ، لېكىن ئۆز مىللىتىمىزنىڭكىنى بىلمەيدۇ. ئۆز تىلىدا ناخشىلىرىمىزنى ئېيتالمايدۇ. بىز ئىمكانقەدەر ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتىمىزنىڭكىنىمۇ تونۇشىنى، بىلىشىنى تەلەپ قىلىمىز."*

تەكشۈرۈش جەريانىدا، بىز ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن بېيجىڭدا پەرزەنتلىرىنى ئۇيغۇر تىلى ۋە كۇلتۇرىغا قىزىقتۇرىدىغان پائالىيەت ياكى مۇناسىۋەتلىك كۇرسلارنى تەرتىپلەشنىڭ زۆرۈرىيىتىنىڭ بار-يوقلۇقىنى سورىغىنىمىزدا، 95.7% كىشى«زۆرۈرىيەت بار» دەپ جاۋاب بەردى (4-جەدۋەلگە قاراڭ). ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ چەكلىك ئائىلە تەربىيەسىدىن باشقا قانالاردىنمۇ ئۆز مىللىتىگە ئائىت مەلۇماتلارنى تېخىمۇ كۆپرەك ئىگىلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر بۇنداق پائالىيەت، كۇرسلار تەرتىپلەنسە چىن كۆڭلىدىن قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بايان قىلىشقان.

4-جەدۋەل. بېيجىڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئىككىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنى ئۇيغۇر تىلى ۋە كۇلتۇرىغا قىزىقتۇرىدىغان پائالىيەت ياكى قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلارنى تەرتىپلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى

| ئۇيغۇر تىلى ۋە كۇلتۇرى بىلەن ئالاقىدار پائالىيەت ياكى كۇرس زۆرۈرىيىتى | جاۋابلىغان كىشى سانى | پىرسەنتى% |
|---|---|---|
| زۆرۈرىيىتى بار | 67 | 95.7 |
| زۆرۈرىيىتى يوق | 3 | 4.3 |
| جەمئىي | 70 | 100.0 |

2007-يىلى قىشلىق تەتىلدە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بېيجىڭدىكى

ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ھەقسىز «ئۇيغۇر تىلىدىن ساۋات چىقىرىش كۇرسى» تەرتىپلىدى. بۇ پائالىيەت ئائىلە رەئىسلىرىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى، كۇرسقا 20 گە يېقىن ئىككىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى قاتناشقان، ئەڭ كىچىكىنىڭ يېشى 7 ياش، چوڭىنىڭ 25 ياش ئەتراپىدا ئىدى. باللارنىڭ پوزىتسىيەسىنىڭ ناھايىتى قىزغىنلىقى كۆزلەملەنىدى. پەقەت بۇ مەلۇم ساندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن تەشكىللەنگەن، خالىسانە ۋە پىداكارانە «خەلق ئۈچۈن» خىزمەت قىلغانلىقى تۈپەيلى، ئىزچىللىقى بولمىغان ئائىلە رەئىسلىرىنىڭ قارشىچە، باللار ئەگەر يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك تەربىيەنى قوبۇل قىلغىنىدا ياكى بۇ خىل قىزىقتۇرۇش خاراكتېرلىك پائالىيەت ۋە قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلار ئارقىلىق پەرزەنتلەر ئۆزى تەۋە بولغان مىللەتنىڭ كۇلتۇرىنى ئېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنەلىسە، چوقۇم مىللىي كۇلتۇرنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلىغىلى بولىدۇ، ھەتتا باللار كۆپ مەنبەلىك كۇلتۇرلەر (多元文化Multicultural) بىلەن تەسىرلىنىش پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولغان بولىدۇ. قىسقىسى، ئائىلە رەئىسلىرى قانداق قايغۇ ياكى ئويلىنىشتا بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، مۇتلەق كۆپ قىسمى پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆز ئانا تىلى ۋە كۇلتۇرىنى ئىگىلىشى لازىم دەپ ئويلايدۇ. مەكتەپتە قوش تىللىق سىنىپ قۇرۇش ئارقىلىق مۇنتىزىم مائارىپ مېتودى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ تىلى، كۇلتۇرى، ئۆرپ-ئادىتىدىنمۇ مۇناسىۋەتلىك دەرسلەرنى بېرىش كېرەكلىكىنى قەيت قىلىشتى. مەسىلەن، بېيجىڭدا بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلىپ پېنسىيەگە چىققان مەلۇم بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى ئۆز قارىشىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ (سۆھبەت ئوبيېكتى: 60 ياش، پېنسىيەگە چىققان، سۆھبەت ئورنى: ئۈرۈمچى، سۆھبەت ۋاقتى: 2006-يىلى 4-فېۋرال):

*"بېيجىڭدا تۇغۇلۇپ بۇ شەھەردە چوڭ بولغان باللارنىڭ ئانا تىلى، مىللىي ھېسسىياتى بەكلا سۇس. ئەلۋەتتە، بېيجىڭدىكى بۇ خىل مۇھىتتا، چارە يوق. مېنىڭچە بولغاندا، بېيجىڭدا ئاز سانلىق مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەردىكى مەكتەپلەردە قوش تىل سىنىپلىرىنى قۇرۇش كېرەك، ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئۇلارنىڭ ئۆز تىلىنى، كۇلتۇرىنى ئۆگىنىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىش كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، باللىرىمىز خەنزۇ تىلى ۋە كۇلتۇرىغا كامىل بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ئانا تىلى ۋە كۇلتۇرىدىنمۇ خەۋەردار بولىدۇ. بۇنداق مۇھىت بولمىغانلىقى تۈپەيلى ھازىر باللارنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇرلارنى كۆرسە قاچىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ مىللىتىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇيغۇرلارغا قارىتا بىر تەرەپلىمە قارىشى ئېغىر."*

پەرزەنتلىرىنىڭ لايىق تاللاش مەسىلىسى كېيىنكى ئەۋلادنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىگە ۋە ئۇرۇقىنىڭ ئىزچىللىقىغا بىۋاسىتە تەسىر قىلىدۇ. ئازسانلىق گۇرۇپپىلار ياكى مىللەتلەر ئادەتتە نەسلىنىڭ لايىق تاللاش مەسىلىسىگە ئارىلىشىش ياكى ئالاھىدە تەلەپلەرنى قويۇش ئارقىلىق گۇرۇپپىنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە كاپالەتلىك قىلىشقا تىرىشىدۇ. بېيجىڭدا ئالاھىدىلىكى روشەن بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئۇيغۇرلارمۇ پەرزەنتلىرىنىڭ لايىق تاللاش مەسىلىسىدە شەرت، تەلەپ قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن. يەنى 5-جەدۋەلدىكى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇمكى، بېيجىڭدىكى تەكشۈرۈشىمىزگە قاتناشقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ 92.9% تى پەرزەنتلىرىنىڭ لايىق تاللىشىغا قارىتا شەرتى بارلىقىنى بىلدۈرگەن بولسا، پەقەتلا ئاز ساندىكىلەر (5.7%) شەرتى يوقلۇقىنى بىلدۈرگەن.

5-جەدۋەل: ئائىلە رەئىسلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ لايىق تاللىشىدا شەرت قويۇش ئەھۋالى

| لايىق تاللاشتىكى شەرتى | جاۋابلىق كىشى سانى | پىرسەنتى% |
|---|---|---|
| جاۋابسىز | 1 | 1.4 |
| شەرتىمىز بار | 65 | 92.9 |
| شەرتىمىز يوق | 4 | 5.7 |
| جەمئىي | 70 | 100.0 |

تەكشۈرۈش جەريانىدىكى سۆھبەتلىرىمىزدىمۇ بۇ تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك سوئاللىرىمىزغا جاۋاب

بەرگەن زىيالىيلار ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە لايىق تاللىغاندا نىمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىشقان ئىدى. مۇشۇلارنىڭ ئىچىدىكى تۇرمۇش تەجرىبىسى ئەڭ مول بولغان بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى مۇنداق دەيدۇ (سۆھبەت ئوبيېكتى: 60 ياش، پېنسىيەگە چىققان، سۆھبەت ئورنى: ئۈرۈمچى، سۆھبەت ۋاقتى: 2006-يىلى4-فېۋرال):

*"مېنىڭ ئىككى قىزىم بار، كىچىككىدىن تارتىپ خەنزۇ مەكتىپىدە ئوقۇدى، چوڭ بولغاندا ئۇيغۇر بالىلىرى بىلەن توي قىلدى. چۈنكى بالىلارغا كىچىككىدىن تارتىپ بىز تەربىيە بەرگەن، بىزنىڭ رۇخسىتىمىز ۋە رازىلىقىمىزسىز باشباشتاقلىق قىلىپ يات مىللەتلەر بىلەن توي قىلىشقا بولمايدۇ. چوقۇم بىز بىلەن بار مەسلىھەت ئىش قىلىسىلەر دېگەنىدۇق. شۇڭا ئۇلار لايىق تاپقىنىدا، بۇنىڭغا دىققەت قىلدى، بىزنىڭ رازىلىقىمىزنى سورىدى، بىزمۇ قوشۇلدۇق، چۈنكى ئۇلارنىڭ لايىقىنىڭ ئائىلىسىنى بىز تونۇيتتۇق. بىز شۇنداق دەپ ئويلايمىز، ھەركىم، ھەر مىللەت توي ئىشىدا ئۆزىنىڭ مىللىتىدىن تاپقىنى ئەڭ ئاقىلانىلىقتۇر."*

6-جەدۋەلدە ئائىلە رەئىسلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى لايىق تاللىغاندا قويىدىغان شەرت، تەلەپلىرى كۆرۈلىدۇ. يەنى ئائىلە رەئىسلىرىنىڭ تەلەپلىرى ياكى شەرتلىرى ئاساسەن دىنىي ئېتىقاد، مىللىي تەركىب، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردىن ئىپادىلىنىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. تەكشۈرۈشكە قاتناشقان زىيالىيلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى (85.8%تى) پەرزەنتلىرىنىڭ لايىقىنىڭ "چوقۇم ئۆز مىللىتىدىن بولۇشى" كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن؛ يەنە ئاز ساندىكىلەر(4.3%) بولسا "دىندىش بولسىلا بولۇۋېرىدۇ" دېگەن. ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق پەرزەنتى بار بەزىلەر بولسا، پەرزەنتلىرىنىڭ لايىقلىرىدىن بىرسىلا ئۇيغۇر، باشقىسى باشقا مىللەت بولسىمۇ مەيلى دېگەن. چۈنكى، بۇ خىل ئائىلە رەئىسلىرىنىڭ قارىشىچە، يات مىللەتلەر بىلەن تويلىشىش، چېچىلىپ ياشىغان مىللەتلەر ئۈچۈن قېچىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىر ھادىسىدۇر. سۆھبەت ئېلىپ بېرىلغان زىيالىيلاردىن بىرەيلەن بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ (سۆھبەت ئوبيېكتى: 55 ياش، خىزمەتتە؛ سۆھبەت ئورنى: بېيجىڭ، سۆھبەت ۋاقتى: 2006-يىلى3-فېۋرال):

*"بىزنىڭ تەلىپىمىز بالىلىرىمىزنىڭ لايىق تاللىغاندا چوقۇم ئۆز مىللىتىمىزدىن تاللىشىدۇر، بالىلىرىمىز بىزنىڭ بۇ تەلىپىمىزنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. لېكىن يەنە بىر ئوبيېكتىپ رېئاللىق بار، بۇنى بىز كۆرمەسكە سالالمايمىز: بېيجىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز، بالىلىرىمىزنىڭ ئەتراپىدا بىرگە ئويناپ چوڭ بولغانلار ئاساسەن بېيجىڭلىقلار يەنى خەنزۇلار. ئۇلار بىلەن ساۋاقداش، مەھەللىداش، دوست-ئاغىنە."*

قىسقىسى، ئاتا ئانىلارنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپى پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسىدە ئىمكانقەدەر ئۆز مىللىتىدىن لايىق تېپىپ تۇرمۇش قۇرۇشىدۇر. باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەردىن لايىق تېپىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلارنىڭ سانى ، نىسبىتى ئانچە كۆپ ئەمەس. چۈنكى يۇقىرىدا توختالغاندەك، ئوخشاش دىندا بولغان بىلەن مىللىي تىل، كۇلتۇر ۋە تۇرمۇش شەكلىدە يەنىلا كەسكىن پەرقلەر مەۋجۇت. شۇڭا، زىيالىيلار يەنىلا پەرزەنتلىرىنىڭ لايىقلىرىنىڭ ئۆز مىللىتىدىن بولۇشىنى كۈتىدۇ ياكى تەلەپ قىلىدۇ. تەكشۈرۈش جەريانىدا، بىر قىسىم جەمئىيەتنى ئوبدان چۈشىنىدىغان، تەرەققىيات يۈزلىنىشىدىن خەۋەردارلار، بولۇپمۇ يېڭى ئەۋلادنىڭ تەپەككۇر شەكلى، قىممەت قارىشى ۋە ئېستېتىك تۇيغۇلىرىنى چۈشىنىدىغان ئاتا-ئانىلار، پەرزەنتلىرىنىڭ لايىقلىرىنىڭ ھېچ بولمىغاندا مۇسۇلمان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، پەقەت بولمىغاندا يات تىل، يات دىندىكىلەر بولسىمۇ توغرا چۈشەنمەكتىن باشقا چارىسىنىڭ يوقلۇقىنى ھەم بىلدۈرۈشتى.

6-جەدۋەل: ئائىلە رەئىسلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ لايىق تاللىشىدىكى كونكرېت شەرتلىرى

| لايىق تاللاشتىكى كونكرېت شەرتلەر | جاۋابلىغان كىشى سانى | پىرسەنتى% |
| --- | --- | --- |
| جاۋابسىز | 6 | 8.5 |
| چوقۇم ئۆز مىللىتىمىزدىن بولۇشى كېرەك | 60 | 85.7 |
| پەقەت دىنداش بولسىلا بولۇۋېرىدۇ | 3 | 4.2 |
| بالىلىرىمنىڭ لايىقلىرىدىن ئەڭ ئاز بولغاندا بىرى ئۆز مىللىتىمىزدىن بولسۇن | 1 | 1.4 |
| جەمئىي | 70 | 100.0 |

## 5. ئىككىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىل-كۇلتۇر سەۋىيەسىگە قارىتا ئىنكاسلىرى

تەكشۈرۈش جەريانىدا، بىز يەنە بۇ شەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئىككىنچى ئەۋلاد ياشلار بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە كۇلتۇرىگە قارىتا پوزىتسىيەسى ھەققىدە مەلۇمات توپلىدۇق. ئىككىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر بالىلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتىمىزنىڭ بىرىدە، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئوقۇۋاتقان بىر قىز ئانا تىل توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ (سۆھبەت ئوبيېكتى: 22 ياش، ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىسى، سۆھبەت ئورنى: بېيجىڭ، سۆھبەت ۋاقتى: 2006-يىلى 3-مارت):

*"مېنىڭ ئائىلەمدە ئانام، دادام ئۆز ئارا ھەر ئىككى تىلدا سۆزلىشىدۇ. لېكىن بىز بىلەن ئاساسەن خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىدۇ، شۇڭا مەن بىر قىسىم ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىلا چۈشىنىمەن، لېكىن سۆزلىيەلمەيمەن. ئەگەر مەن مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېتنولوگىيە كەسپىدە ئوقۇمىغان بولسام، ئۆزۈمنىڭ مىللىي كىملىكىم ھەققىدە نىسبەتەن چوڭقۇر مەلۇماتلىنالمىغان بولۇر ئىدىم. خۇسۇسەن بۇ يىل ئۇرۇمچى، قەشقەرلەرگە بېرىپ كېلىپ، بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ئاجايىپ مىللەت ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم. بۇرۇن ئاز سانلىق مىللەت قالاق، ئارقىدا قالغان، ئىپتىدائىي دەپ بىلەتتۇق، بۇ قېتىم تامامەن باشقىچە پىكىرگە كەلدىم، ئۇيغۇرچە نەچچە مىليون كىشى تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ..."*

يەنە باشقا بىر ياش بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ (سۆھبەت ئوبيېكتى: 22 ياش، ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىسى، سۆھبەت ئورنى: بېيجىڭ، سۆھبەت ۋاقتى: 2007-يىلى10-يانۋار):

*" ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ ئانا تىلى ۋە كۇلتۇرىدىن خەۋەردار بولۇش كېرەك. لېكىن بېيجىڭدا بىزگە ئۇنداق مۇھىت يوق، ئەتراپتا پەقەتلا خەنزۇ تىلى ۋە كۇلتۇرى، مەكتەپتە ئىككىنچى تىل پەقەتلا ئىنگلىز تىلى. ئۇيغۇرچىنى تاللاش ئىمكانىيىتىمىز يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇرتقا قايتقاندا ئۆگىنىپ كەلسەكمۇ بۇ يەردە كىم بىلەن ئىشلىتىمىز، پات - پات بۇ شەھەردە چوڭ بولغان ماڭا ئوخشاش ئۇيغۇر ياشداشلىرىمىز بىلەن كۆرۈشكىنىمىزدە پەقەتلا خەنزۇچە سۆزلىشىمىز. ئۇيغۇرچىغا ئاغزىمىز كەلمەيدىكەن..."*

ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تىل توسالغۇسى تۈپەيلى ئۆزلىرىنىڭ يۇرتتىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن بولىدىغان باردى-كەلدىسىنىڭمۇ بارغانسېرى سۇسلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئادەتتە چوڭ ئانا، چوڭ دادىلىرى بىلەنمۇ چوڭقۇر مۇڭدىشالمايدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇلارنىڭ خەنزۇچىسى يوق، ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرچىسى بەكلا يېتەرسىز بولغاچقا بىر ئىككى ئېغىز لا گەپ قىلىپ تېلېفوننى قويۇۋېتىشكە مەجبۇرلۇقىنى بايان قىلىشتى. مۇشۇنداق ياشلاردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ (سۆھبەت ئوبيېكتى: 26 ياش، ئەر، مەلۇم شىركەتتە خىزمەتچى، سۆھبەت ئورنى: بېيجىڭ، سۆھبەت ۋاقتى: 2007-يىلى20-يانۋار):

*" ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان يىللىرىمدا، شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇر بالىلار بار ئىدى. ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇش قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرچە سۆزلىشەتتى. مەن چۈشەنمەي گاڭگىراپ قالاتتىم، كېيىنچە قاتناشماس بولدۇم. چۈنكى مەن*

*خەنزۇچە گەپ قىلسام، ئۇلار ماڭا قىزغىن بولمايتتى. مېنىڭمۇ بەك سۆزلىگۈم بار، لېكىن ئامالىم يوق، كىچىك ۋاقتىمىزدا مەكتەپ ۋە ئەتراپىتىكى مۇھىت بىزنى پەقەت خەنزۇ تىللىق قىلىپ قويدى، ئانام، دادالارمۇ ماڭا ئۇيغۇرچە گەپ قىلىپ باققان، كېيىنچە نەتىجىسى بولماي، ئۇلارمۇ مەن ۋە ئۇكام بىلەن ئىككىمىزگە خەنزۇچە سۆزلەيدىغان بولۇپ كەتكەندى. شۇڭا بىز يۇرتتىكى تۇغقانلار بىلەن ئانچە يېقىنمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرقىمىز بەكلا چوڭ..."*

## 6. يەكۈن ۋە تەھلىل

يارىتىلغان مەخلۇقاتلار ئىچىدە ئىنسان بالىسى، پەقەتلا ئالاھىدە ماكان ۋە سورۇندىكى تەۋەلىكى ئېنىق بولغان ئىجتىمائىيلىشىش مۇھىتىدا يېتىلىش جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇكى، بۇ جەريانغا جەمئىيەتشۇناسلىق بىلىمى ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى دەپ نام بېرىدۇ. مانا مۇشۇ جەرياننىڭ قانداق بولۇشى، كىمگە، قايسى قوۋمگە تەۋەلىكى قاتارلىق خاسلىقلار ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىغا كىرگەن شەخسنىڭ كېيىنكى كىملىكى، كۇلتۇرەل مەۋجۇدىيىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. كۇلتۇرەل مەنسۇبىيىتى ئۆز نۆۋىتىدە بىيولوگىيەلىك مەنسۇبىيەت ۋە سىياسىي مەنسۇبىيەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈشى ياكى ئۇلاردىنمۇ بەكرەك بەلگىلىگۈچى بولۇپ كېتىشىمۇ ھەم مۇقەررەر. بۇ خىل مۇقەررەرلىك، شەخسنىڭ بىيولوگىيەلىك ۋە سىياسىي مەنسۇبىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، كۇلتۇرەل مەنسۇبىيىتىگە ماس سىياسىي كىملىك ۋە مەنسۇبىيەت تەشكىل قىلىشىغا ھەم سەۋەبچى بولۇشى تامامەن مۇمكىن.

ئازادلىقتىن كېيىن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى يەنى بېيجىڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنىڭ كۇلتۇرەل مەنسۇبىيىتىگە ئۇيغۇر مىللىي كۇلتۇرى نۇقتىسىدىن قارىغىنىمىزدا، ئېغىر دەرىجىدە كۇلتۇرەل ئۇزۇكلۇك ھادىسىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى يۇقىرىدىكى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن كۆرۈۋېلىش ئالالايمىز. بۇ خىل كۇلتۇرەل ئۇزۇكلۇك ھادىسىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىكى تۈپكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ سوتسىئولوگىيەلىك مەنىدىكى ئىجتىمائىيلىشىشنى تاماملىغان ئاساسلىق مۇھىت (مەكتەپ، مەھەللە، دوستلۇق گۇرۇپپىلىرى ۋە كېيىنكى خىزمەت ئورنى) تۈپەيلى بولغان بولسا، قوشۇمچە ۋە ياكى ئىككىنچى ئورۇندىكى مۇھىم سەۋەب، ئۇلارغا نىسبەتەن بىرىنچى ئەۋلاد بولغان ئاتا-ئانىلىرىنىڭ مىللىي كۇلتۇردە تاۋلىنىش دەرىجىلىرىنىڭ ھەر خىللىقى تۈپەيلى كۇلتۇرەل سەزگۈرلۈك دەرىجىلىرىنىڭمۇ پەرقلىق بولغانلىقى، كىرىزىس تۇيغۇلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكى، ئائىلىلەردە نىسبەتەن مۇكەممەل بولغان ئائىلە تەربىيەسىنىڭ كەمچىللىكى ياكى بۇ خىل تەربىيەنىڭ ناھايىتى يۈزەكىلىكى؛ بالىلىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللىي كۇلتۇرىنى كۆپرەك ئۆزلەشتۈرۈشى ئۈچۈن ئۆزلىرى ھەرىكەتلىنىپ پايدىلىق پائالىيەت ۋە كۇرسلارنى تەرتىپلىمىگەنلىكى سەۋەب بولغان. بۇ يەردە، 1994-يىلى دۆلەت رەھبەرلىرىدىن رەھمەتلىك سەيپىدىن ئەزىزى ئۆزى باش بولۇپ قۇرغان "جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ كۇلتۇرىنى تەتقىق جەمئىيىتى"نىڭ ھېچبولمىغاندا، بېيجىڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىكى (پېنسىيەدىكىلەر بىلەن خىزمەتتىكىلەر، ياشلار بىلەن كونىلار، بىرىنچى ئەۋلاد بىلەن ئىككىنچى ئەۋلاد ئارىسىدا) تەسىرلىشىشنى كۈچەيتىش، بېيجىڭدا تۇغۇلغان ئىككىنچى ئەۋلادلارنىڭ مىللىي كۇلتۇرنى ئۆزلەشتۈرۈشىگە پايدىلىق پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق ئەمەلىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى.

ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا بىرتەرەپلىمە قاراشلارنىڭمۇ ئەينەن شەكىلدە بۇ ياشلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقى، ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكى سەۋەبلىك، ياشلاردا ئۆزىنىڭ ئانا تىلى ۋە كۇلتۇرىغا قارىتا قىزغىن بولمىغان، ھەتتا، كەمسىتىدىغان قاراشلارنىڭمۇ شەكىللىنىپ قالغانلىقىدەك ئوبيېكتىپ رېئاللىقمۇ بار. ئىنگلىز تىلى قاتارلىق تىللارغا كۆپلەپ ئېنېرگىيە سەرپ قىلالىغان

ياشلار ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىغا ئۇ قەدەر ئېنىرگىيە سەرپ قىلىشنى راۋا كۆرمىگەن.

قىسقىسى، ئازادلىقتىن كېيىن بېيجىڭغا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئارىسىدا ھەقىقىي مەنىدە كۇلتۇرەل ئۇزۇكلۇك ھادىسىسى ئوتتۇرىغا چىققان. بىرىنچى ئەۋلاد بىلەن ئىككىنچى ئەۋلاد ئارىسىدا ئانا تىل، تەپەككۇر شەكلى، تۇرمۇش ئادەتلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرق بارغانسېرى چوڭىيىپ بارغان. نەتىجىدە بىرىنچى ئەۋلاد ئۆزلىرىنىڭ مىللىي تىلى، كۇلتۇرى، تۇرمۇش شەكلى قاتارلىقلارنى كېيىنكى ئەۋلادقا ساغلام شەكىلدە ئۆتكۈزۈپ بېرەلمىگەن. ئىككىنچى ئەۋلاد ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە جەمەتى بىلەن بولغان باغلىنىشنى بوشىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەڭرىتاغ ئەتراپىدا ياشاۋاتقان ياكى ياشىتىلىۋاتقان ئۇيغۇر مىللىي كۇلتۇرىدىن ئۇزاقلىشىشقا باشلىغان.

## ئىزاھلار

[1] ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا مىنكاۋخەن دەپ ئاتالغان گۇرۇپپىنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىر قىسىم كىشىلەر «خەنزۇ تىللىق ئۇيغۇر» بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بىز بۇ يەردە ئېيتىۋاتقان «خەنزۇ تىللىق ئۇيغۇرلار» گەرچە ئۆزى ئۇيغۇر ئاتا-ئانىدىن تۆرەلگەن بولسىمۇ (ئاتا-ئانا ئۇيغۇر تىللىق بولۇشىمۇ، مىنكاۋخەن بولۇشىمۇ، ئارىلاش توي قىلغانلار بولۇشىمۇ، ھەتتا خۇنەندىكىلەر ياكى ئۇلارغا ئوخشاپ كەتكەنلەر بولۇشىمۇ تامامەن مۇمكىن) يەسلى، باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ۋە ئۇنىۋېرسىتېت مائارىپىنى تامامەن خەنزۇ تىل-يېزىقىدا تاماملىغان، ئاساسەن خەنزۇچە سۆزلەپ، خەنزۇچە يازىدىغان، ئۇيغۇر تىلىنى بىلمەيدىغان ياكى بەكلا ئاز بىلىدىغان، ئىنچىكە تۇيغۇلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادە قىلالمايدىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ كۇلتۇرى، ئۆرپ-ئادىتى، دىنىي ئېتىقاد- ئەقىدە سىستېمىسىدىن خەۋەرسىز بولغانلارنى كۆزدە تۇتىدۇ. يۇقىرىدىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان بۇ تىپ زىيالىيلار، تامامەن خەنزۇ تىل- يېزىقىدا ئىلمىي ئىشلەپچىقىرىش قىلىدۇ، ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا خەت ئالاقە قىلالمايدۇ ھەم راۋان ماقالە يازالمايدۇ. مانا بۇ تىپ ئۇيغۇر كىملىكىدىكىلەرنى سوتسىئولوگىيە نۇقتىسىدىن «خەنزۇ تىللىق ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتايمىز. مىنكاۋخەن گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولغانلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئۇيغۇر تىلى ۋە كۇلتۇرىدىن خەۋەردار بولۇپلا قالماستىن ھەقىقەتەن ئىككى تىلنى ئوبدان بىلىدىغان، ئۇيغۇر-خەنزۇ مىللەتلىرى ئارىسىدا كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينايدىغانلاردىنكى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يەنە ئۇيغۇر تىلىدا يازالايدۇ ۋە ئوقۇيالايدۇ. شۇڭا مىنكاۋخەنلەرنىڭ ھەممىسىنى قەتئىي سۇرئەتتە، «خەنزۇ تىللىق ئۇيغۇرلار» دېگىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىدا ئالاھىدىلىكى بىلەن بايان قىلىنغان خەنزۇ تىللىقلار ئەنە شۇنداق مۇھىتتا ئىجتىمائىيلىشىشنى تاماملىغان بولغاچقا، ئۆزى ئەسلىدە تەۋە بولغان مىللەتنىڭ كۇلتۇرىدە ئىجتىمائىيلىشالمىغان، نەتىجىدە ئېغىر دەرىجىدە كۇلتۇرەل ئۈزۈكلۈك ھادىسىسىگە دۇچار بولغان. ئوخشاش شەكىلدە ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدا قالغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئوتتۇرىغا چىققان رۇس تىللىقلاردىمۇ كۇلتۇرەل ئۈزۈكلۈك ھادىسىسى ئوتتۇرىغا چىققان. ئازادلىقتىن بۇرۇن ئەرەبىستانغا ھىجرەت قىلغان ئۇيغۇرلار، بۇ يەردىكى سوتسىيال-كۇلتۇرەل ۋە سوتسىيال-پولىتىك مۇھىتتا، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي تىلى ۋە كۇلتۇرىنى يەتكۈزۈپ بېرەلمەي، ئۇيغۇر مىللىي كۇلتۇرى نۇقتىسىدىن ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدا كۇلتۇرەل ئۈزۈكلۈك ھادىسىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان. ئاقىۋەتتە، ئۇلار ئۇيغۇر كىملىكىدىن بەكرەك مۇسۇلمان ئېڭىدىكى ئەرەب كىملىكىنى بەكرەك ئۆزلەشتۈرگەن.

كۈنىمىزدە، خۇنەن ئۆلكىسىدىكى جيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلاردىكى كۇلتۇرەل ئۈزۈكلۈكنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان ياكى چىقىشقا باشلىغان بولۇشى مۇمكىن. كۈنىمىزدە، بىز بۇ ئۇيغۇرلار يېزىسىنى ياكى جەمئىيىتىنى كۆزەتكىنىمىزدە، ئۇيغۇرلۇقنىڭ پەقەتلا مىللىي ئاڭدا

ياكى سىياسىي كىملىكتە ئىكەنلىكىنى كۆرەلىشىمىز مۇمكىن. چۈنكى ئۇلارنىڭ تىلى، قىممەت قاراشلىرى، ئېستېتىكىسى، تەپەككۇر شەكلى ئالىبۇرۇن تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئۇيغۇرلاردىن كەسكىن پەرقلىنىپ بولغان. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلار كۇلتۇرەل مەنسۇبىيەت نۇقتىسىدىن خەنزۇ-تۇڭگان كۇلتۇر كىملىكىدە بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇلار كۇلتۇرەل ئۇزۇكلۇك جەريانىنى تاماملاپ بولغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئالاھىدە بىر خىل سوتسىيال گۇرۇپپىدۇر. بۇ ھەقتىكى مۇناسىۋەتلىك ئىزدىنىشلىرىمىز ئۈچۈن يەنە ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇقنىڭ «ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى كۇلتۇرەل ئۇزۇكلۇك ھادىسىسى»گە قاراڭ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2011-يىللىق1-سان، ئۈرۈمچى.

[2] بۇ ھەقتە ئېلان قىلىنغان ماقالە ئۈچۈن قاراڭ: ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق:« يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بېيجىڭدا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يېتەكچى جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى، 2009-يىللىق، 1-سان، 47-59 بەتلەر.

[3] كۇلتۇرەل ئۇزۇكلۇك ھادىسىسى، ئادەتتە پەرقلىق كۇلتۇرلەر ئۇچراشقاندا، خۇسۇسەن تەڭسىز مەلۇم بىر خىل كۇلتۇر مۇناسىۋەتكە كىرىشىشكە مەجبۇر بولغىنىدا ياكى مەلۇم كۇلتۇرنىڭ مەنسۇبىيىتى ئۆزى تەۋە بولغان توپتىن ئايرىلىپ يات كۇلتۇر ئىچىگە كۆچۈپ كىرگىنىدە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ھادىسىدۇر. كۇلتۇرلەرنىڭ ئۇچرىشىشى مۆتىدىل ۋە تەڭداش مۇناسىۋەتلەر دائىرىسىدە بولغىنىدا، ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىلىق بولىدۇ، شۇنداقلا ھەر ئىككى تەرەپتە غىدىقلىنىشقا سەۋەبچى بولۇپ كۇلتۇرلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەگەر بۇ خىل مۇناسىۋەت تەڭسىز، ئاستىن-ئۈستۈن بولغىنىدا ياكى ئارىدا جىددىيلىشىش يۈز بەرگىنىدە، ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىسىز بولىدۇ، بولۇپمۇ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان كۇلتۇردە تېخىمۇ كۆپ زىيان پەيدا بولىدۇكى، ئەڭ خەتەرلىك بولغاندا، كۇلتۇرەل ئۇزۇكلۇك ھادىسىسىنى پەيدا قىلىدۇ. كۇلتۇرەل ئۇزۇكلۇكى تەبىئىي سەۋەبلەر ياكى سۈنئىي/ئىنسانغا باغلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى مەلۇم گۇرۇپپىنىڭ، مىللەت ياكى قوۋمنىڭ كۇلتۇرىنىڭ موھىم بىر قىسمىنىڭ ياكى مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ يوقاپ كېتىشىنى، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلەلمەسلىكىنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ خىل جەريان ئادەتتە ئۆزىنىڭكىدىن ۋاز كېچىش ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا يات مىللەتلەرنىڭ كۇلتۇرىنى تامامەن قوبۇل قىلىش جەريانىدا روشەنلىشىپ بارىدۇ. بۇ ھەقتىكى تېخىمۇ كەڭ بايانلىرىمىز ئۈچۈن، « ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى كۇلتۇرەل ئۇزۇكلۇك ھادىسىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ( 2011-يىللىق1-سان، ئۈرۈمچى) ناملىق ماقالىمىزگە قارالسۇن.

[4] لائىكلىك (Secular\世化)؛ كۇندىلىك تۇرمۇشتا، دىن بىلەن دۇنيا ئىشلىرىنى بىر بىرىدىن ئايرىش، دىنىنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىرىنى مۇمكىن بولغان ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشتۇر.

[5] بۇ يەردە بېيجىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگىمۇ ئوخشاشلا تاق پەرزەنتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلغانلىقى، كېيىنكى يىللاردىكى تۇرمۇش تەننەرخىنىڭ ئىزچىل ئۆسۈپ بېرىشى ۋە يېڭى ئەۋلادتىكى قىممەت قاراش ئۆزگىرىشى قاتارلىق ئامىللار ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن.

جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2011) 02_123_09

# لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىق مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش*

ئەلى ئەمەت

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830054)

قىسقىچە مەزمۇنى: بېلىقچىلىق لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى، شۇنداقلا باشقا يۇرت ئۇيغۇرلىرىدىن روشەن پەرقلىق بولغان تۇرمۇش ئادىتى بولۇپ، ئۇ لوپنۇرلۇقلارنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ-ئادەت، تىل، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە باشقا تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ، بېلىقچىلىقتىن ئىبارەت بىر مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. ماقالىدە، ئاساسلىقى قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامانلاردىكى لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىق تۇرمۇشى ئاساسىدا، بېلىقچىلىقنىڭ لوپنۇرلۇقلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئورنى، تەسىرى، شۇنداقلا بېلىقچىلىقنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللار ئۈستىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**：渔猎是罗布人最为古老的，而且区别于其它地区维吾尔人的一种特殊生活方式。长期从事渔猎的过程中，渔猎业融入到了罗布人日常生活，影响了他们的饮食、风俗习惯、语言、人名和地名等众多方面，表现为一种文化 —— 渔猎文化。本文主要把古代罗布人和近现代罗布人的渔猎联系在一起，探讨渔猎业在罗布人日常生活的地位和影响。同时，又对渔猎业产生变迁问题进行初步的研究。

**Abstract:** Fishing is an ancient practice among the people of Lopnur, and one which distinguishes them from the Uyghurs of other oases. Over a long period of fishing, elements of the practice have entered the daily life of the people of Lopnur, influencing diet, customs, language, personal names, place names, and more; all of this expresses itself as a unique culture—a "fishing culture." This essay considers the fishing culture of both ancient and modern Lopnur, and illuminates the place and importance of fishing in the daily life of the people of Lopnur. At the same time, some initial thoughts will be put forth on the factors which have led to the disappearance of fishing in Lopnur.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: **G122**    ماتېرىيال بەلگىسى: **A**

لوپنۇرلۇقلار ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم بىر قىسمىدۇر. ئۇلار ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسى ۋە چەرچەن دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنلىرىدىكى دەريا-كۆللەر بويىدا سىرتقى دۇنيادىن ئايرىلغان ھالەتتە بېلىقچىلىقنى ئاساس قىلىپ ياشاپ كەلگەن يەرلىك ئاھالە.

لوپنۇر رايونى قەدىمدىن تاكى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىللىرىگە قەدەر سۇ مەنبەسى ئىنتايىن مول رايون ئىدى. تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسى، چەرچەن دەرياسى ۋە مىرەن دەريالىرى بۇ رايونغا ئېقىپ كىرىپ، لوپنۇر كۆلى، قارا قوشۇن كۆلى، تېتىما كۆلى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان چوڭ كۆللەرنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىرگە، يەنە ھەر بىر ئېقىن ئۆزگەرتكەندە نۇرغۇنلىغان ئوتتۇرا-كىچىك كۆللەرنى شەكىللەندۈرگەن. دەل مۇشۇ خىل ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتتا لوپنۇرلۇقلاردا بېلىقچىلىق ئىگىلىكى شەكىللىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە ئايلانغان.

* بۇ ماقالە 2010-يىلى 10-ئاينىڭ 15-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى پەن تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تەتقىقات فوندىغا ئېرىشكەن تەتقىقات تۈرى( تۈر نومۇرى : 20101107 ) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

**ئاپتور:** ئەلى ئەمەت (1984-يىلى تۇغۇلغان)، ماگىستىرانت، ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخ ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

لوپنۇرلۇقلار نەچچە ئەسىردىن بۇيان بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئۆزگىچە تۇرمۇش ئۇسۇلى ــ بېلىقچىلىقنى شەكىللەندۇرگەن. بېلىقچىلىق لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى، شۇنداقلا باشقا يۇرت ئۇيغۇرلىرىدىن روشەن پەرقلىق بولغان تۇرمۇش ئادىتى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، قەدىمدىن تارتىپ تاكى 20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بېلىقچىلىق لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش جەھەتتىكى تەلىپىنى قاندۇرۇپ كەلگەن. بېلىقچىلىق يەنە لوپنۇرلۇقلارنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ-ئادەت، تىل ۋە باشقا تەرەپلىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، بىرخىل ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسىگە ئايلانغان. شۇڭلاشقا، لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىق مەدەنىيىتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## 1. لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىقىغا ئائىت يازما ماتېرىياللار ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار

قەدىمدە لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغا ئائىت مەيلى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا بولسۇن، ياكى ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردا بولسۇن، بىر قىسىم خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن سىرت، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئەترىتى لوپنۇر كۆلى رايونىدا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش جەريانىدىمۇ بىر قىسىم جايلار ۋە قەدىمكى قەبرىلەردىن بېلىقچىلىققا ئائىت نۇرغۇنلىغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلارنى بايقىغان. تارىخىي ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلارنىڭ بايقىلىشى لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىق تۇرمۇشىنى تېخىمۇ يېتەرلىك دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىدى.

ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇنىڭدىن 3800 يىللار ئىلگىرىلا لوپنۇر رايونىدىكى ئاھالىلەر بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. يازما ماتېرىياللارغا نەزەر سالساق «ۋېينامە» دىمۇ بۇ رايوندا ياشىغانلارنىڭ بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى مەلۇم. ئەمما لوپنۇرلۇقلارنىڭ زادى قاچاندىن باشلاپ بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى نامەلۇم، ھازىرغا قەدەر لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا ئېنىق يەكۈن چىقىرىلمىغان بولغاچقا، بىز لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىق تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغاندا «لوپنۇرلۇقلار»دىن ئىبارەت بۇ ئاتالغۇ تۇنجى بولۇپ ئۇچرىغان چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ماتېرىياللارنى ئاساس قىلىش ۋە شۇ دەۋردىن باشلاپ تەتقىق قىلىش بىلەن چەكلىنىمىز.

### 1) يازما ماتېرىياللار

«جۇڭغارلارنى تىنجىتىش ئومۇمىي پىلانى»دا، چىڭ سۇلالىسى يۇڭجېڭنىڭ 1-يىلى (1723-يىلى) قۇربان باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم لوپنۇرلۇقلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ئەل بولغانلىقى، جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشى تۈپەيلىدىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى لوپنۇرلۇقلارنى ئىمىن خوجا قەبىلىسىدىكىلەرگە قوشۇپ گۇاجۇ، شاجۇ ئايماقلىرىغا كۆچۈرۈپ كەتمەكچى بولغانلىقى، لېكىن «لوپنۇرلۇقلارنىڭ دەريا-كۆل بويلىرىدا ماكانلىشىپ، بېلىق تۇتۇپ جان باقىدىغانلىقى، قۇرغاق تۈزلەڭلىكتە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە كۆنەلمەيدىغانلىقى» ئۈچۈن شەرققە كۆچۈرۈلمىگەنلىكى خاتىرىلەنگەن[1].

« مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ تەزكىرىسى» دە: «لوپنۇرلۇقلار دانلىق زىرائەت تېرىمايدۇ، چارۋا باقمايدۇ، قولۋاقتا يۈرۈپ بېلىق تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدۇ، ياۋا كەندىر ياكى قۇش تېرىسىدىن كىيىم تىكىپ كىيىدۇ ياكى بولمىسا قۇندۇز تېرىسى ۋە خاش قۇش ماموقىنى شەھەرگە ئاپىرىپ سېتىپ، رەخت سېتىۋېلىپ كىيىم تىكىپ كىيىدۇ» دېيىلگەن[2].

«مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ تەزكىرىسى» دىن كېيىنرەك يېزىلغان «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم» دا بۇ ھەقتە قوشۇمچە قىلىپ «بەزى-بەزىدە كورلىدىكى مۇسۇلمانلار شەھەرگە كېلىپ قالىدىغانلار دانلىق ئاشلىق، گۆش يېمەيدۇ، بۇ خىل نەرسىلەرنى كۆرسە كۆڭلى ئېلىشىدۇ، كورلىدا بېلىق كۆپ بولغاچقا ئۇلار كورلىغا كېلىدۇ، باشقا جايغا بېرىشقا پېتىنالمايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن[3].

ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى« تارىخىي ھەمىدى»دە بۇ ھەقتە

توختىلىپ «بۇ زېمىندىن خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ، كورلا دەريالىرى ئۆتىدۇ. بۇ دەريالار بەزىدە قوشۇلۇپ، بەزىدە پارچىلىنىپ ئېقىپ بېيجىڭ تەرەپكە كېتىدۇ. بۇ دەريالارنىڭ ئەتراپ ۋە ياقىلىرىدا ياكى ئارالچە ۋە شاخچىلىرىدا ئون ئىككى مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادەم ياشايدۇ. ئۇلار زىرائەت تېرىشنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ باغ-ئىمارەت، هويلا-ئارام ۋە يەل-يېمىشلىرىمۇ يوق، بەلكىم ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى ئەزەلدىن كۆرمىگەن ياكى بىلمىگەن بولسا كېرەك. ئۇلار دەريادىن بېلىق تۇتۇپ تائام قىلىپ يەيدۇ. ھەتتا بېلىقلارنى قۇرۇتۇپ تالقان قىلىپمۇ يەيدۇ. يەتتە ياشتىن-يەتمىش ياشقىچە بولغان ھەر قانداق ئەر-ئايال سۇ ئۈزۈشنى بىلىدۇ» دەپ خاتىرىلىگەن[4].

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيەسىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشكە دائىر ماتېرىيالدا «ناھىيەگە قاراشلىق قارچۇغا كەنتىدىكى لوپنۇرلۇقلار تېرىقچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۇلار ھەممىشە تۆت-بەش كىشى بىر بولۇپ ياۋا كەندىر چىگىسىدىن توقۇلغان تور، چاڭگاق ۋە توقماقلارنى ئېلىپ، چاپما قولۋاقلارغا ئولتۇرۇپ كۆلگە كىرىپ بېلىق تۇتۇپ كېلىدۇ، بېلىقنى پۈتۈن كەنتتىكىلەر خالىغانچە تۇتۇپ يەيدۇ، سېنىڭ-مېنىڭ دەپ ئايرىمايدۇ. ئېشىپ قالغان بېلىقنى تازىلاپ قۇرۇتۇپ ئېلىپ قويىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن[5].

**2) ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار**

شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ 1998-يىلى لوپنۇر رايونىدا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشتىن قالدۇرغان تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا:

يېقىنقى دەۋردىكى لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىق كەنتى 1-نومۇرلۇق خارابىسى چاقىلىق ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقى شىمالىدىن تەخمىنەن 120 كىلومېتىرلىق ئارىلىقتا جايلاشقان بولۇپ، يەككە تېپىلمىلارنىڭ سانى 30غا يېتىدۇ. خارابە مەركىزىنىڭ شەرقى شىمالىدىن تەخمىنەن 120 كىلومېتىرلىق ئورۇنغا جايلاشقان بولۇپ، 1998-يىلى شىنجاڭ مەدەنىي يادىكارلىق ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى لوپنۇر رايونىدا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا بايقىغان. خارابىدە 30 ئېغىز ئولتۇراق ئۆي خارابىسى بار، ئۆيلەر قومۇش باغلىمىسىنى زىچ تىكلەش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، قومۇش ئارىسىغا يۇلغۇن شاخچىلىرى قىستۇرۇلغان. ئۆيگە يېقىن جايغا زور مىقداردا بېلىق سۆڭەكلىرى ۋە باشقا ھايۋانات سۆڭەكلىرى تارقالغان، يەنە يېقىن جايدا 10 قەبرە بار[6].

ئولتۇراق ئۆي خارابىسى يېقىنقى دەۋردىكى لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىق تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

يېقىنقى دەۋر لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىق كەنتى 2-نومۇرلۇق خارابىسى چاقىلىق ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقى شىمالىدىن تەخمىنەن 80 كىلومېتىر ئارىلىقتا جايلاشقان بولۇپ،يېقىنقى دەۋرگە تەۋە بولۇپ بۇنىمۇ 1998-يىلى شىنجاڭ مەدەنىي يادىكارلىق ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى لوپنۇر رايونىدا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا بايقىغان. ئاساسەن 1-نومۇرلۇق خارابە بىلەن ئوخشاش. ئۆيلەر قومۇش باغلىمىسىنى زىچ تىكلەش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، قومۇش ئارىسىغا يۇلغۇن شاخچىلىرى قىستۇرۇلغان. ئۆيگە يېقىن جايغا زور مىقداردا بېلىق سۆڭەكلىرى ۋە باشقا ھايۋانات سۆڭەكلىرى تارقالغان، يەنە يېقىن ئورۇندا قەبرىستانلىق بار، يەنە قۇمدىن يېرىمى چىقىپ قالغان قولۋاق بايقالغان، ئازراق تازىلانغاندىن كېيىن قولۋاقتا بىر ئادەمنىڭ دەپنە قىلىنغانلىقى بايقالغان. بۇ ئادەمنىڭ بويى ئېگىزلىكى 1.8 مېتىر، ئەر، قولۋاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.7 مېتىر، كەڭلىكى 0.4 مېتىر بولۇپ، ھېچقانداق دەپنە بۇيۇم قويۇلمىغان. بېلىقچىلار ئۆلگەندىن كېيىن جەسەتنى قولۋاقتا دەپنە قىلىش ئادىتى لوپنۇر رايونىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بۇ خارابە يېقىنقى دەۋردىكى لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىق تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

2008- يىلى شەرق-داۋئېر لوپنۇرنى كەڭ كۆلەمدە ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر تېتىما كۆلىنىڭ شەرقىدىكى قۇملۇقتا چوڭ كۆلەمدىكى

مەھەللە خارابىسىنى بايقىغان. خارابە شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، خارابىلىكتىن نۇرغۇنلىغان بېلىق سۆڭەكلىرى ۋە بېلىق تورىنىڭ قالدۇقى بايقالغان[7].

دېمەك، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن يازما ماتېرىياللار ۋە ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، لوپنۇرلۇقلار ئەزەلدىنلا بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېلىقچىلىق تۇرمۇشى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئەلۋەتتە ھەرقانداق نەرسە مۇتلەق بولمىغاندەك، لوپنۇرلۇقلاردا بېلىقچىلىق ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە قوشۇمچە ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ئىنتايىن ئاز ساندىكى كۆچمەن تېرىقچىلىقنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش زۆرۈر.

## 2. لوپنۇرلۇقلاردىكى بېلىقچىلار، بېلىقچىلىق قوراللىرى ۋە بېلىق تۇتۇش ئۇسۇللىرى

### 1) لوپنۇرلۇقلاردا بېلىقچىلارنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى

لوپنۇرلۇقلاردا قەدىمدە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، كېيىنكى مەزگىللەردە باشقا ئىگىلىكلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىدا تەدرىجىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. شۇ سەۋەبلىك بېلىقچىلارمۇ بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن كۆلچى ۋە ئادەتتىكى بېلىقچى دەپ ئىككىگە ئايرىلغان.

كۆلچى: بۇ خىل كىشىلەر بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسىدىلا بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر بولۇپ، باشقا ھېچقانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمايدۇ. ئۇلار يىللار ۋە پەسىللەردىكى دەريا ۋە كۆللەرنىڭ سۇ ئەھۋالى ۋە بېلىق مەنبەسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن كۆلمۇ-كۆل يۈرۈپ بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇڭا بۇلار كۆلچى دەپ ئاتالغان.

ئادەتتىكى بېلىقچىلار: بۇلار ئادەتتە تېرىقچىلىق، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر بولۇپ، بىكار بولۇپ قالسىلا يېقىن ئەتراپتىكى دەريا-كۆللەردىن بېلىق تۇتىدۇ. ياكى كۇندە كەچتە تور سېلىپ قويۇپ ئەتىگەندە بېرىپ بېلىق چۈشكەن - چۈشمىگەنلىكىنى كۆرۈپ بولۇپ ئاندىن باشقا ئىشنى قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ناھايىتى كۆپ.

### 2) لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىق قوراللىرى

لوپنۇرلۇرلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىق قوراللىرى ئانچە كۆپ ئەمەس، شەكلى بىر قەدەر ئاددىي ھەم قوپال بولۇپ، ئاساسلىق قوراللاردىن كېمە، گۆلمۇ، مانجا، ساچقاق، نەيزە، مانتۇ، پالتا قاتارلىقلار بار.

(1) كېمە: يەنى توغراق ياغىچىدىن ياسالغان چاپما قولۋاق. لوپنۇرلۇقلار بېلىق كېمىسىنى پەقەت توغراق ياغىچىنى بىۋاستە چېپىپ ئويۇپ ياسايدۇ، ھەرگىزمۇ ياغاچ تاختايلارنى بىر-بىرىگە جىپلەپ ياسىمايدۇ. تاياش(ھەيدەش) ئۇسۇلىمۇ تەسىرەك، پەقەت بىر تەرەپتىنلا باشقۇرۇلىدۇ، باشقا خىل كېمىلەردىكىدەك ئىككى تەرەپتىن باشقۇرۇلمايدۇ. لوپنۇر رايونى تارىختىن بۇيان دەريا كۆللەر زىچ، سۇ ئىنتايىن كۆپ رايون بولغاچقا، كېمە لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەڭ مۇھىم بېلىقچىلىق قورالى بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقە قىلىشتىكى مۇھىم قاتناش قورالىمۇ بولغان.

(2) گۆلمۇ: يەنى بېلىق تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تور. ئاساسلىق ھايۋانات تېرىلىرى ۋە لوپنۇر كەندىرى(چىگە) دىن ياسىلىدۇ.

(3) ساچقاق: شەكلى ئارىغا ئوخشاپ كېتىدىغان، ئۇزۇن ياغاچ ساپ ئورنىتىلغان، ئىككى تەرىپىگە تەتۈر تىل چىقىرىلغان نەشتەر شەكىللىك تىغ. ساچقاق ئادەتتە ئۈچ تىللىق ساچقاق ۋە تۆت تىللىق ساچقاق دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

(4) مانتۇ: گۆلمە ئارقىلىق تۇتۇلغان بېلىقلارنىڭ قولۋاقتىن سەكرەپ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزلىرى توغراق ياغىچىدىن ياسىۋالغان، بېلىقنى ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرىدىغان توقماق.

باشقا قوراللار ئادەتتە ئانچە كۆپ ئىشلىتىلىپ كەتمىگەچكە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلمىدى.

### 3)بېلىق تۇتۇش ئۇسۇللىرى

گۆلمۇ ئارقىلىق بېلىق تۇتۇش: بۇ خىل ئۇسۇل مەيلى قىش ياكى ياز پەسلىدە بولسۇن ئومۇميۈزلۈك

قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل. ياز پەسلىدە بېلىقچىلار قولۋاق ئارقىلىق ئۆزلىرى خالىغان جايغا بېرىپ گۆلمە سالىدۇ. مۇز تۇتۇپ كەتكەن قىش پەسلىدە بولسا پالتا ئارقىلىق قاتار-قاتار سۇلاق ئېچىپ (سۇلاق، پالتا ئارقىلىق مۇزدىن چېپىپ ئېچىلغان كىچىك ئۆچۈق)، شۇ سۇلاق ئارقىلىق گۆلمە سالىدۇ، ياكى گۆلمۇلىرىنى يىغىدۇ.

ساچقاق ئارقىلىق بېلىق تۇتۇش: ساچقاقنىڭ ئەسلى تولۇق ئاتىلىشى سانچىغاق بولۇپ، تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىش جەريانىدا ئاددىيلىشىپ ساچقاققا ئۆزگىرىپ كەلگەن. بەزى ماقالىلەردە«شاشقاق» دەپمۇ ئېلىنغان، لېكىن بۇخىل ئاتاش مېنىڭچە خاتا، چۈنكى بۇ قورالنىڭ شەكلى ۋە ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى جەھەتتىن قارىغاندىمۇ «شاشقاق» سۆزىگە تازا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. لوپنۇرلۇقلاردا ساچقاق ئارقىلىق بېلىق تۇتۇش ئاساسەن ھاۋا تازا ئىسسىغان ياز كۈنلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. بەزىدە كېمە تاپاپ كېتىۋاتقاندىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ھاۋا ئىسسىغان ياز كۈنلىرى چۈشلۈكى بېلىقلار تويۇنغاندىن كېيىن يايدىلىقلارغا ( يايدىلىق، لوپنۇر دېئالېكتىدا تەۋە سۆز بولۇپ، سۇيى يوتىدىن ئاشمايدىغان، كەڭرى كەتكەن سۈلۈق دالا) ئاپتاپسىنغىلى چىقىدۇ، مانا مۇشۇ ۋاقىتتا بېلىقچىلار ساچقاقلىرىنى ئېلىپ، بېلىقلارغا تۈيدۈرماي كېلىپ، قوغلاپ يۈرۈپ سانجىپ تۇتىدۇ،سەكرەتمە قىلىش ئارقىلىق بېلىق تۇتۇش: بۇ خىل ئۇسۇلدا ئاساسەن ئەتىياز ۋە ياز كۈنلىرى سۇيى بىر قەدەر تېيىز، ئەمما ناھايىتى تېز ئاقىدىغان كىچىك ئېقىنلارغا ئۇزۇن ياغاچنى توغرىسىغا قويۇپ، ياغاچنىڭ ئارقىسىغا تور قويۇپ قويىدۇ. سۇنىڭ يۆنىلىشى بىلەن ئېقىپ كەلگەن بېلىقلار توغرىسىغا قويۇلغان ياغاچقا كەلگەندە ياغاچتىن سەكرەپ ئۆتىدۇ-دە بىلمەيلا تورغا چۈشۈپ قېلىپ چىقالمايدۇ.

پارتلاتقۇچ دورا ئارقىلىق بېلىق تۇتۇش: بۇ يېقى دەۋردە بارلىققا كەلگەن ئۇسۇل. ئادەتتە سۇيى ئىنتايىن چوڭقۇر جايلار لوپنۇرلۇقلار تەرىپىدىن «چول» دەپ ئاتالغان. بۇ چوللاردىكى بېلىقلار گۆلمىگە چۈشمەيدۇ، ساچقاق ئارقىلىق سانچىپمۇ تۇتقىلى بولمايدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا پارتلاتقۇچ دورىسىنى چولدا پارتلىتىش ئارقىلىق تۇتىدۇ.

## 3. بېلىقچىلىق ۋە لوپنۇرلۇقلار مەدەنىيىتى

بېلىقچىلىق ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان لوپنۇرلۇقلارنىڭ مۇھىم تۇرمۇش ئۇسۇلى بولۇش جەريانىدا، لوپنۇرلۇقلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك، ئۆرپ-ئادەت، تىل ۋە باشقا تەرەپلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆزگىچە بولغان بېلىقچىلىق مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈردى.

**1) بېلىقچىلىقنىڭ لوپنۇرلۇقلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكىگە كۆرسەتكەن تەسىرى**

بېلىق لوپنۇرلۇقلارنىڭ يېمەكلىك قۇرۇلمىسىدىكى ئەڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى. بېلىق لوپنۇرلۇقلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، ئىلگىرى مال-چارۋىلىرى بار كىشىلەرمۇ بېلىقنى ئاساسي يېمەكلىك قىلغان. تەتقىقاتچى غالىپ بارات ئەرك ئەپەندىمۇ بۇ جەھەتتە توختىلىپ:«ئۇلار ئاساسلىقى بېلىقنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ، ياز كۈنلىرى يېڭى بېلىق يېسە، قىشتا قۇرۇتۇلغان بېلىق يەيدۇ، بېلىق شورپىسىنى چاي ئورنىدا ئىچىدۇ» دەيدۇ[8]. ئەمەلىيەتتە لوپنۇرلۇقلارغا كەڭ تارقالغان«بالىق چولۇق (بېلىق تەييار)، قورساق توق» دېگەندەك ماقال-تەمسىللەر بېلىقنىڭ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئورنى ۋە رولىغا قارىتىلغان.

لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىقنى پىشۇرۇش ئۇسۇللىرى كۆپ. مۇھىمى ئۇلار بېلىق گۆشىدىن تەييارلانغان بېلىق تالقىنى، بېلىق قېقى( قۇرۇتۇلغان بېلىق) ۋە بېلىق ئۇچىيى قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە يېمەكلىكلەرنى ئىجاد قىلغان. بۇ يېمەكلىكلەر ئىنتايىن قۇۋۋەتلىك ھەم ئۇزاق ساقلىغىلى بولىدىغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. شۇڭلاشقا بۇ يېمەكلىكلەر ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئالاھىدە بىر تەرەپ.

**2)بېلىقچىلىقنىڭ لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى**

بېلىقچىلىق لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

لوپنۇرلۇقلارنىڭ تويىدىكى داستىخان تاشلاشتا يەتتە ياكى توققۇز بېلىقنىڭ بېشىنى پىشۇرۇپ ئېلىپ بېرىشى، چوڭ چايدا يەتتە ياكى توققۇز بېلىق ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىشى، تويلۇق قاتارىدا توققۇز ياكى يەتمىش بېلىق بېرىشى... ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرىنىڭ تويى بولغان قىز- يىگىتكە بېلىق، گۆلمۇ، ساچقاق قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىشى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

لوپنۇرلۇقلارنىڭ دەپنە ئادەتلىرىمۇ مەلۇم دەرىجىدە بېلىقچىلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. پىرژىۋالىسكى«لوپنۇر كۆلىگە سەپەر» ناملىق ئەسىرىدە «لوپنۇرلۇقلار ئۆلگۈچىنى بىر قولۋاققا قويۇپ، ئۇستىگە يەنە بىر قولۋاقنى يېپىپ، قومۇشلۇققا تىكلەپ قويىدۇ، ئەتراپى تور بىلەن ئورىلىدۇ» دەپ خاتىرىلىگەن[9]. ھەقىقەتەنمۇ قولۋاققا دەپنە قىلىش ئادىتى لوپنۇرلۇقلارغا بىر قەدەر كەڭ تارقالغان بولۇپ، لوپنۇر رايونىدىن قولۋاقلىق قەبرىلەر بىرقەدەر كۆپ بايقالدى. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا بۇ خىل دەپنە ئادىتى يەنە كېرىيە ناھىيەسىنىڭ دەريا بويى يېزىسىدىكى كىشىلەردىمۇ مەۋجۇت بولغانلىقى مەلۇم.

يىغىنچاقلىغاندا، تويىدىكى بېلىق سوۋغا قىلىش، بېلىقنى ئەزىزلەش ۋە قولۋاقلىق قەبرىلەر ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىڭ جانلىق پاكىتى بولۇپ، بىز يۇقىرىقى مىساللار ئارقىلىق بېلىقچىلىقنىڭ لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە بولغان تەسىرىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز.

**3)بېلىقچىلىقنىڭ لوپنۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى**

لوپنۇرلۇقلاردا بېلىقچىلىق ئىشلىرى بىر قەدەر مۇكەممەللەشكەن بولۇپ، ئۆتكەن ئەسىردە لوپنۇرنىڭ بەزى جايلىرىدا ھەتتا پۈتكۈل بىر جەمەت كىشىلىرى خاس بېلىقچىلىق بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان ئەھۋاللارنىڭ مەۋجۇتلىقى مەلۇم. مانا مۇشۇنداق تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا بېلىق ۋە بېلىقچىلىق ئىشلىرى كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىغىمۇ بىر قەدەر چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

بېلىقچىلىقنىڭ كىشى ئىسىملىرىغا بولغان تەسىرى دىگەندە «بېلىق» ۋە «كۆلچى» سۆزىنىڭ لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ، فامىلىسى تاشلىنىپ قېلىش ھادىسىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. لوپنۇردا «بېلىق» سۆزى بەزى بىر جەمەت كىشىلەرنىڭ لەقىمىگە ئايلىنىپ قالغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت بولۇپ، شۇ كىشىلەرنىڭ بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن: قاسىم بېلىق، كېرەم بېلىق، ئەمەت بېلىق، ئاتامەت كۆلچى... دېگەندەك.

بېلىقچىلىقنىڭ يەر- جاي ناملىرىغا بولغان تەسىرى دىگەندە، نۇرغۇنلىغان يەر ناملىرىنىڭ «بېلىق» سۆزى ۋە بېلىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: بېلىق كۆل، لاقۇنى (لاقۇ ياكى لوخۇ، لوپنۇرلۇقلاردا چوڭ بېلىقلارنى لاقۇ دەپ ئاتايدۇ) تېرىسى قالغان كۆل، گۆلمە كەتكەن كۆل، سېمىللاكۇ كۆل(سېمىز لاقۇ كۆل)، ئارۇقبالىق(يەر نامى، ئەسلى مەنىسى ئورۇق بېلىق)، قۇربان قوللۇنۇ كۆلۈ (كۆلۈ سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى كۆلى)، ئايىسۇ نىيازنى كۆلۈ، ئالىم خوجانى كۆلۈ...دېگەندەك[10].

**4)بېلىقچىلىقنىڭ لوپنۇر دىيالېكتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى**

لوپنۇرلۇقلار تىلغا ناھايىتى باي خەلق، ئۇلار ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا بىر قىسىم مەخسۇس بېلىقچىلىققا ئائىت سۆزلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، لوپنۇر دىيالېكتىنى ، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىمىزنى تېخىمۇ بېيىتقان. بۇ سۆزلەر ئاددىي، چۈشىنىشلىك بولۇپ، لوپنۇر دىيالېكتىدىن باشقا ئۇيغۇر دىيالېكتلىرىدا ئۇچرىتالمايمىز.

مەسىلەن: بېلىجانلارنى لوپنۇرلۇقلار تىرنا ياكى تىرجان، چوڭ بېلىقلارنى لاقۇ ياكى لوخو، مەخسۇس بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنى كۆلچى ، بېلىق تۇتۇشتا ئىشلىتىدىغان سېۋەتنى مانجار، تورنى گۆلمۇ، بېلىق ئارىسنى ساچقاق، بېلىقنىڭ نەپەسلىنىش ئەزاسىنى ساقاق، بېلىق پارچىسىنى پارا، بېلىق ئۈچىينى پوستەك، بېلىق ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدىغان كالتەكنى مانتۇ دەپ ئاتىغان ۋە باشقىلار .

**5)بېلىقچىلىقنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى**

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، لوپنۇرلۇقلار بېيىت- قوشاق توقۇشقا ئىنتايىن ھېرىسمەن خەلق. لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى (تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق)، دوستلۇق، قىز- يىگىتلەر مۇھەببىتى... قاتارلىق تېمىلاردىكى قوشاقلارنى ئۇچرىتىش قىيىن ئەمەس. بۇ دەل بېلىقچىلىق ئىشلىرىنىڭ لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىغىمۇ مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ، بۇنى بىز تۆۋەندىكى قوشاقلاردىن ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز.

قورساغىمغا ئاش بەرمەي گۆلمەمنى سالىپ قويدۇم،
كۆزلەرىمدىن ياش ئاقىپ دەريادىكى ئاقىشقا..
جانىم ئاتام يۇرۇيدۇ، خۇدايىم بۇيرۇپتىكەن،
ئارالدا كۆلنۇ باقىپ، باي قويۇنۇ باقىشقا.
بايلارغا ئۇرغۇزىدۇ، جانىم ئاتا قۇل قىلىپ،
دۈشمەنلەر بىزنى چاقىپ. ساتىۋەتتىڭ نېمىشقا.
غارغالتىغا كەلدىم ساڭا بارىشقا،
بېلىق تۇتۇپ سوغا سالام قىلىشقا.
قىزىلگۈلۈم كۆيەك ئۇتۇڭ تەپتىدە،
ئازلا قالدىم گۈلخان بولۇپ يانىشقا[11].

يىغىنچاقلىساق، بېلىق ۋە بېلىقچىلىق ئىشلىرى لوپنۇرلۇقلار تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، لوپنۇرلۇقلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكى، كىشىلىك ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە تىلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بېلىقچىلىقنىڭ تەسىرىگە روشەن ئۇچرىغان. بىراق، بۈگۈنكى كۈندە، پەقەت لوپنۇر دېئالېكتىدىكى بېلىقچىلىققا ئائىت سۆزلەرلا لوپنۇرلۇقلارنىڭ تۇرمۇشىدا رولىنى جارى قىلدۇرۇپ تۇرغاندىن باشقا، بېلىقنى ئاساس قىلغان يېمەكلىك قۇرۇلمىسى، بېلىقنى ناھايىتى چوڭ كۆرىدىغان تويى ئادەتلىرى ۋە بېلىقچىلىق تۇرمۇشىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەن دەپىنە ئادەتلىرى ئاللىبۇرۇن لوپنۇرلۇقلارنىڭ تۇرمۇشىدىن يوقالدى ۋە يوقاپ كەتمەكتە. ئىلگىرى، لوپنۇرلۇقلارنىڭ تۇرمۇشىدا غايەت زور روللارنى ئوينىغان قولۋاق ھازىر چەت يېزىلاردا كەلكۈن پەسلىدە كىشىلەرنىڭ تارىم دەرياسىدىن ئۆتۈشتىكى بىر خىل قاتناش قورالىلىق رولىنى، ياكى قوي-كالىلارغا يەم بېرىدىغان ئوقۇرنىڭ رولىنى ئويناماقتا.

## 4. لوپنۇرلۇقلاردىكى بېلىقچىلىقنىڭ يوقىلىش سەۋەبلىرى

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە بېلىقچىلىق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى مۇھىم رولىنى يوقىتىپ، يوقىلىشقا يۈزلەندى. لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئىگىلىكىمۇ تەدرىجىي چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىققا ئالماشتى.

لوپنۇر رايونىنىڭ بېلىقچىلىقىغا ئائىت خاتىرىلەر ئەڭ دەسلەپ «ۋېينامە» دە كۆرۈلىدۇ. ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندىمۇ لوپنۇر رايونىنىڭ بېلىقچىلىق تارىخى مىڭ يىللاردىن ئاشىدۇ. بىراق بىزنى ئويغا سالىدىغىنى شۇكى، شۇنچە يىللاردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەن بېلىقچىلىق نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە شۇنچە تېزلا يوقىلىپ كېتىدۇ؟ زادى قايسى سەۋەبلەر بېلىقچىلىقنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؟

بېلىقچىلىقنىڭ يوقىلىپ كېتىش سەۋەبلىرىنى مەن ئۆزۈم لوپنۇرلۇق بولۇش ئەۋزەللىكىمدىن پايدىلىنىپ، ئەتراپىمدىكى كىشىلەر (ياشانغانلار، ئىلگىرى بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلار ۋە ھازىرمۇ بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار) ۋە ئەتراپىمدىكى مۇھىتنى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ چىقتىم.

**1)تەبىئىي شارائىتنىڭ بېلىقچىلىقنىڭ يوقىلىشىغا كۆرسەتكەن تەسىرى**

بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلىۋاتقان تەبىئىي شارائىت لوپنۇر رايونىنىڭ سۇ رايى ئەھۋالى بولۇپ، تارىختىن بۇيان لوپنۇر رايونى دەريا كۆللەر مەركەزلەشكەن سۇ مەنبەسى مول رايون ئىدى. لېكىن، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ

ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرلىرىغا كەلگەندە تېرىقچىلىقنىڭ ئاساسىي ئىگىلىك بولۇشقا ئەگىشىپ، يۇقىرى ئېقىندا بوز يەرلەرنىڭ كۆپلەپ ئېچىلىشى، سۇ ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشى ھەمدە تەبىئىي شارائىتنىڭ ناچارلىشىشى نەتىجىسىدە تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا كېلىدىغان سۇنىڭ مىقدارى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى. مەسىلەن: «1950-يىلىدىكى تارىم دەرياسىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى ئالار پونكىتىدا بەش مىليارد 620 مىليون كۇب مېتىر بولسا، لوپنۇر چارا پونكىتىدا بىر مىليارد 560 مىليون كۇب مېتىر بولغان. ھالبۇكى 1990-يىللاردا ئالار پونكىتىدا ئۈچ مىليارد 940 مىليون كۇب مېتىر بولغان بولسا، چارا پونكىتىدا 310 مىليون كۇب مېتىرغا چۈشۈپ قالغان»[12]. بۇ سانلىق مەلۇماتلاردىن بىز تارىم دەرياسىنىڭ ئاياق ئېقىنىدىكى سۇ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئازلىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ بېلىقچىلىققا بولغان تەسىرىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز.

**2) جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بېلىقچىلىقنىڭ يوقىلىشىغا كۆرسەتكەن تەسىرى**

ھەممىمىزگە مەلۇم، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن لوپنۇر ئېلىگىرى مەيلى ئىشلەپچىقىرىش، مەدەنىيەت ۋە باشقا تەرەپلەردە ئىنتايىن ئارقىدا قالغان. بىراق، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىشى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە خەلقنىڭ مەنىۋى ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، بېلىقچىلىق كىشىلەرنىڭ تاللىشىنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. لوپنۇرلۇقلارمۇ بارا-بارا تېرىقچىلىق ۋە باشقا كەسىپلەرگە يۈزلىنىپ بېلىقچىلىقنىڭ بارغانسېرى تاشلىنىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇڭا جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىمۇ بېلىقچىلىقنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر.

**3) بېلىقچىلىق قوراللىرىنىڭ تەرەققىي قىلالماسلىقىنىڭ بېلىقچىلىقنىڭ يوقىلىشىغا كۆرسەتكەن تەسىرى**

لوپنۇرلۇقلار بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئىلگىرىكىلەرنىڭ بېلىقچىلىق قوراللىرىغا ۋە بېلىق تۇتۇش ئۇسۇللىرىغا ۋارىسلىق قىلدى، لېكىن ئىجادىي ۋارىسلىق قىلالمىدى. ئۇلار بېلىقچىلىق قوراللىرىنى ئەلالاشتۇرۇش، يېڭىچە، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولغان بېلىق تۇتۇش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىزدەنمىدى. بۇنىڭ بىلەن بېلىقچىلىق قوراللىرى يېڭىلانماستىن بىر ئىزىدا توختاپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلگىرىكىدەك بېلىق كۆپ بولمىغاچقا، ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارغا تايىنىپلا بېلىق تۇتۇشتا بۇرۇنقىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بېلىقچىلىق قىزغىنلىقى بارا- بارا سۇسلىشىپ كەتتى.

**4) بەزىبىر نامۇۋاپىق يەرلىك سىياسەتلەرنىڭ بېلىقچىلىقنىڭ يوقىلىشىغا كۆرسەتكەن تەسىرى**

تارىم، كۆنچى دەريالىرىنىڭ سۇ مىقدارى بارغانسېرى ئازلاپ كەتكەچكە، يېقىنقى دەۋرلەردە لوپنۇر رايونىدا ئىلگىرىكىدەك تەبىئىي كۆللەر شەكىللىنەلمىدى. شۇڭلاشقا، لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىقى ئاساسلىق سۇ ئامبارلىرىغا مەركەزلەشتى. بىراق، يېقىنقى يىللار مابەينىدە ئامبارلار سىرتتىن كەلگەنلەرگە كۆتۈرە بېرىلىپ يەرلىك ئاممىنىڭ ئامبارلاردىن بېلىق تۇتالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، بېلىقچىلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇقلىرىمۇ يوقىلىپ كەتتى. شۇڭا يۇقىرىقىدەك بەزىبىر نامۇۋاپىق يەرلىك سىياسەتلەر بېلىقچىلىقنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان يەنە بىر سەۋەبتۇر.

دېمەك، بېلىقچىلىق بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر بىر لوپنۇرلۇقنىڭ تۇرمۇش ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىگە چېتىلغان، ئۇزاق تارىخقا ئىگە كەسىپ بولسىمۇ، بىراق يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن سەۋەبلەرنىڭ تەسىرىدە، بېلىقچىلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇقلىرىمۇ يوقاپ، بىر خىل يوقالغان مەدەنىيەت بولۇپ قالماقتا.

بېلىقچىلىق باشقا رايون ئۇيغۇرلىرىدىمۇ ئازدۇر-كۆپتۇر ساقلانغان، بىراق، باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بېلىقچىلىقى لوپنۇرلۇقلارغا ئوخشاش مۇكەممەل ئەمەس، ئومۇملاشمىغان، شۇنداقلا مەدەنىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ئۇ بىر خىل نىسپىي، ئايرىم بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ شۇغۇللىنىدىغان ئىگىلىكى بولغان، ھەرگىزمۇ شۇ رايوندا ياشىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ

ئورتاق تۇرمۇش ئۇسۇلى ئەمەس. ئەمما لوپنۇرلۇقلاردا بولسا بېلىقچىلىق كەڭ دائىرىلىك، ھەربىر ئائىلە، ھەربىر ئادەمگە چېتىلغان تۇرمۇش ئۇسۇلى بولۇش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرىپ بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىگە ئايلانغان. شۇڭلاشقا بىز لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىق مەدەنىيىتىنى پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنىڭ بېلىقچىلىق مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ دەپ ئېيتالايمىز.

## ئىزاھلار


[1] «جۇڭغارلانى تىنجىتىش ئومۇمىي پىلانى»، ئالدىنقى قىسىم، 11-جىلد،11-12-بەت، 15-جىلد، 18-19-بەتلەر.

[2] « مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ تەزكىرىسى»، 1- جىلد.

[3] «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم»، 2- جىلد.

[4] موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2007-يىل9-ئاي، 648-بەت.

[5] «لوپنۇر ناھىيەسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1993-يىل نەشرى، 420-بەت.

[6] بۇ جەدۋەللەرنى شىنجاڭ مەدەنىي يادىكارلىق ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىن لى ۋېينىڭ تەمىنلىگەن.

[7] ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتىنىڭ 2008-يىلى 12-ئاينىڭ 25-كۈندىكى سانى.

[8] [12] غالىپ بارات ئەرك: «كىروراننىڭ سىرى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004-يىل نەشرى، 23-24-، 422-بەت.

[9] پېرژىۋالسكى «لوپنۇر كۆلگە سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىل نەشرى، 132 -بەت.

[10] بۇ يەردىكى بەزى جاي ناملىرى غالىب بارات ئەركىنىڭ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2006 - يىللىق سانىدا بېرىلگەن «لوپنۇر رايونىدىكى جاي ناملىرى، جاي ناملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە لوپنۇرلۇقلارنىڭ جايلارغا ئات قويۇش ئادەتلىرى» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.

[11] قوشاقلار لوپنۇر ناھىيەلىك خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى تۈزگەن «لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى. بۇ قوشاقلار يەنە زۇمرەت غاپپارنىڭ «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2004- يىللىق 2- سانىغا بېرىلگەن «لوپنۇر يەرلىك شېۋىسىنىڭ لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى ئىپادىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىگىمۇ بېرىلگەن.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

32 ـ يىللىق 2 ـ سان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 第 32 卷第 2 期
2011 ـ يىلى 6 ـ ئاي 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) 2011 年 6 月

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2011) 02_132_04

# ئەدەبىي ژۇرنال تەھرىرلىكىدىكى بەش تەلەپ ۋە تۆت مۇھىم ھالقا توغرىسىدا*

ئابلىز ئوسمان

(ئاقسۇ ئەدەبىياتى ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى، ئاقسۇ. 843000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** دەۋرنىڭ تەرەققىياتى، كىتابخانلار قاتلىمىنىڭ سەرخىللىشىشى ئەدەبىي مۇھەررىرلەرگە كۆنسايىن يېڭى تەلەپلەرنى قويماقتا. ماقالىدە، قانداق قىلغاندا ھەم دەۋرنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش ھەم خەلقنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇشتەك قوش مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ياراملىق ئەدەبىي مۇھەررىر بولغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزىلىدۇ.

**摘要：** 时代的发展和读者层次的不断优化，对编辑人员提出了新的要求。那么，如何才能成为一名能够担当起不辜负时代的期望和满足人民精神文化需求这双重责任的合格编辑呢？作者在本文中结合自己 20 多年的编辑工作实践体会，科学地回答了这个问题。

**Abstract:** The rapid development of our era and the increased sophistication of the reading public is daily providing new challenges to the editors of literary journals. In this article the author, on the basis of more than twenty years' experience working as a literary editor, will discuss how editors can simultaneously meet the hopes of the era and quench the spiritual thirst of the reading public.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G122 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ژۇرنالچىلىق ـ ئاخبارات ـ نەشرىيات چوڭ ئائىلىسىدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر سىستېما، ئەدەبىي ژۇرنال بولسا ئاشۇ سىستېمىدىكى يەنە بىر مۇھىم تۈر. ئەدەبىي ژۇرنال تەھرىرلىكىنىڭ مۇرەككەپلىكى، زىللىقى، چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ئەدەبىي مۇھەررىرگە قويۇلىدىغان تەلەپنىڭ تېخىمۇ يۇقىرىلىقىنى بەلگىلىگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ژۇرنالنىڭ كەسكىن بازار رىقابىتىدە پۇت تىرەپ تۇرۇش ـ تۇرالماسلىقى، كىتابخانلارنىڭ قەلب تۆرىدىن تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇش ـ بولالماسلىقى يەنىلا مۇھەررىرنىڭ ساپاسى ۋە ئىقتىدارىغا باغلىق. نۆۋەتتە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئاپتور، ئوقۇرمەنلەر قاتلىمىنىڭ سەرخىللىشىشى مۇھەررىرلەرگە تېخىمۇ يېڭى تەلەپلەرنى قويماقتا. ئۇنداقتا ئەدەبىي مۇھەررىر قانداق قىلغاندا ئۆزى باشقۇرىۋاتقان ژۇرنالنى ياخشى چىقىرىپ، دەۋرنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش، خەلققە ئېستېتىك زوق ۋە مەنىۋى ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىشتەك شەرەپلىك ھەم جاپالىق مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن ئۇتۇملۇك چىقالايدۇ؟

مېنىڭچە ئەدەبىي مۇھەررىر تۆۋەندىكى بەش تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالىدىن سىرت تەھرىرلىك جەريانىدىكى تۆت مۇھىم ھالقىنىڭ رولىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرسىلا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئانچە قىيىنغا توختىمايدۇ.

## 1. ئەدەبىي ژۇرنال تەھرىرلىكىدىكى بەش تەلەپ

1) «ئىككى ئۆتكەل»نىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش. نەشر بويۇملىرىنىڭ «مەزمۇن ئۆتكىلى» بىلەن «سۈپەت ئۆتكىلى» ھەر قانداق بىر مۇھەررىر ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغان، مۇھەررىرنىڭ سىياسىي

* بۇ ماقالە 2010 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئاپتور: ئابلىز ئوسمان(1965 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، مۇھەررىر، ژۇرنال تەھرىرلىكى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

سەزگۈرلىكى ۋە كەسپىي ساپاسىنى سىنايدىغان مۇھىم ئۆتكەل. بۇ جەھەتتە ئەدەبىي ژۇرنال مۇھەررىرى ھەم سىياسىيونغا خاس ئۆتكۈر نەزەرگە، ھەم سەنئەتكارغا خاس يۇقىرى ئېستېتىك ئاڭغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەدەبىي مۇھەررىردىكى بۇ خىل قوش خاراكتېر ماھىيەتتە ژۇرنال ئۈچۈن بىر جۈپ قانات بولۇپ، ئۇنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا ھەر قاچان كاپالەتلىك قىلىش زۆرۈر، ئەگەر ئۇنىڭ بىرسى ئېغىر، بىرسى يەڭگىل بولۇپ قالسا خاتالىق سادىر قىلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئېنىقكى، ئەدەبىي مۇھەررىر سىياسىي ئۆلچەمنى تەكىتلىگەندە بەدىئىيلىك پىرىنسىپلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى، ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىگىلا بېرىلىپ كېتىپ، سىياسىيلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقى كېرەك.

2) «بەش خىل ئاڭ»نى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش. «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى»دا تەھرىرلىكنىڭ نەشرىياتچىلىق خىزمىتىدىكى مۇھىم ئورنىغا يۇكسەك باھا بېرىلىش بىلەن بىرگە مۇھەررىرلەردىن كۆتۈلىدىغان زور ئۈمىدلەرمۇ ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇڭا جەمئىيەتنى يېڭى ئۇچۇر، يېڭى بىلىم، يېڭى مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەشنى ئاساسىي بۇرچ قىلغان مۇھەررىرلەر ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، بىلىم ۋە ئاڭ قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان ئاۋانگارتلاردىن بولۇشى، بولۇپمۇ «بەش خىل ئاڭ» نى تىكلەشكە ھەر ۋاقىت ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر.

بىرىنچى، «بازار ئېڭى»: ژۇرنالچىلىق تەشۋىقات ۋە مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. شۇنداقلا ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپى. شۇڭا مۇھەررىرلەر «بازار ئېڭى»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ تەھرىرلىك ئەمەلىيىتىدە دۇچ كېلىدىغان مىللەت، تارىخ، دىن... قاتارلىق مۇرەككەپ مەسىلىلەر ئالدىدا بىخەستەلىك قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم. ئىككىنچى، «قانۇن ئېڭى» : دۆلىتىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا ئەگىشىپ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىمۇ كۈنسايىن قېلىپلىشىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. جۈملىدىن «بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى»، «ئاپتورلۇق ھوقۇقى» قاتارلىق قانۇنلار تۈزۈلۈپ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنى ياخشى مۇھىت بىلەن تەمىنلىدى. شۇڭا مۇھەررىر «قانۇن ئېڭى»نى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان تۈرلۈك مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇشى كېرەك. ئۈچىنچى، «تەرەققىيات ئېڭى»: ئۈچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان دەۋر ئېقىمى كىشىلەرنى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشكە چاقىرماقتا. شۇڭا مۇھەررىر كەسپىي خىزمەتلەرگە ئۆزىنى بېغىشلاش بىلەن بىرگە ژۇرنالنىڭ تەرەققىياتىغا ئىستراتېگىيەلىك تۇيغۇدا نەزەر سالالايدىغان بولۇشى كېرەك. تۆتىنچى، «ئىجادىيەت ئېڭى»: گەرچە مۇھەررىرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تەھرىرلىك بولسىمۇ ئۇ مۇئەييەن ئىجادىيەت مېۋىسىگە ھەم ئىجادىيەت تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۇ پەقەت ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندىلا «يازغۇچى ۋە ئاپتور بىلەن ئىجادىيەت پسىخىكىسى جەھەتتىن يېقىنلىشالايدۇ، تىلى ئۇزۇن بولۇپ، ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىش ئىمكانىيىتى كېڭىيىدۇ. ئاپتورلار بىلەن قويۇق ئالاقىلىشىشى، پىكىرلىشىشى ۋە مەسلىھەتلىشىشى ئېنىقكى ئاسانلىشىدۇ. شۇڭا، بىر ياخشى ئەدەبىي مۇھەررىرنىڭ يېزىقچىلىق ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىگە ئىگە بولغىنىنىڭ ئەۋزەللىكى كۆپ. بىراق، شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، «ئەدەبىي ژۇرنال مۇھەررىرى يېزىقچىلىق ۋە ئىجادىيەتتە ھەرگىز سان قوغلاشماسلىقى، سۈپەت جەھەتتىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك. يېزىقچىلىق چېغىداراق بولماي ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كەتسە تەھرىرلىك خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ»(1) (م.شاۋۇدۇن: «تەھرىرلىك ئىلمى ۋە تەھرىرلىك سەنئىتى»دىن). بەشىنچى، «رىقابەت ئېڭى»: نۆۋەتتە بازار ئىگىلىكىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئەدەبىي ژۇرناللار دۇچ كېلىدىغان خىرىس كۈنسايىن كۈچەيمەكتە. ژۇرناللارنىڭ ئۆزئارا رىقابىتى ۋە باشقا زامانىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرىنىڭ خىرىسى ئەدەبىي ژۇرنال ئۈچۈن يېڭى سىناق مەيدانى بولماقتا. شۇڭا مۇھەررىرلەر سالماق، تەمكىن بولۇپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ بۇ خىل رىقابەتكە دادىل يۈزلىنىشى كېرەك.

3) ئۆز خاسلىقىنى شەكىللەندۈرۈشكە تىرىشىش. خاسلىق ھەرقانداق شەيئىنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى شەكىللەندۈرىدىغان تۈپكى ئامىل. خاسلىقى بولمىغان نەرسىنىڭ سېھرىي كۈچىمۇ بولمايدۇ. ژۇرنالنىڭ خاسلىقى يەرلىك پۇراق ۋە مىللىي روھ ئارقىلىق جىلۋىلىنىدۇ. شۇڭا مۇھەررىر

قارىغۇلارچە ئەگىشىش، دوراشتىن ساقلىنىپ، ئۆز رايونىنىڭ ئەھۋالىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئالاھىدىلىكنى قېزىپ چىقىشى ھەم بۇنى ژۇرنالدا نامايان قىلىشى كېرەك. مەيلى ئۇنىۋېرسال ژۇرنال بولسۇن ياكى ساپ ئەدەبىي ژۇرنال بولسۇن سۈپەتنى ئارقا تېرەك قىلغان ھالدا ئۆز خاسلىقىنى شەكىللەندۈرەلىسە، ئوخشاشلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا نائىل بولالايدۇ.

4) ئومۇميەتكە ئېتىبار بېرىش. نۆۋەتتە ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىدا ساپ ئەدەبىيات بىلەن ئاممىباب ئەدەبىياتنى قارىمۇ-قارشى ئورۇنغا قويۇۋالىدىغان خاھىشلار مەلۇم دەرىجىدە ساقلانماقتا. بىراق ئەدەبىي مۇھەررىر ھەرگىزمۇ مەلۇم «ئېقىم» ياكى «مەزھەپ»نىڭ ۋەكىلىگە ئايلىنىپ قالماسلىقى، بەلكى ئاپتور-ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋى قاتلىمىنى ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن تەھلىل قىلىپ، ژۇرنالنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر ھۇزۇرلىنىدىغان ئەدەبىي گۈلزارلىققا ئايلاندۇرۇشى زۆرۈر.

5) تەھرىرلىك سەنئىتىنى پۇختا ئىگىلەش. بۇ تار ھەم كەڭ مەنىگە ئىگە ئۇقۇم بولۇپ، ئالدىنقىسى خاس يېزىق تەھرىرلىكنى كۆرسەتسە، كېيىنكىسى بىر پۈتۈن ژۇرنال خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي مۇھەررىر تەھرىرلىكتىكى «تېخنىكىلىق» بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلىگەن بولۇپلا قالماي، تەھرىرلىك خىزمىتىگە چېتىلىدىغان ماكرولۇق ماھارەتكىمۇ پىششىق بولۇشى زۆرۈر. يەنى ئىملا، گىراماتىكىلىق بىلىملەرنى بىلىپلا قالماي، تۇرلۇك مۇناسىۋەتلەرنى قانداق تەڭشەش، ئاپتور-ئوقۇرمەنلەر بىلەن قانداق ئالاقە ئورنىتىش، تېما تاللاش، ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇش... قاتارلىق بىر قاتار خىزمەتلەرگىمۇ ماھىر بولۇشى، شۇنداقلا داڭلىقلارغا چوقۇنۇپ، يېڭى ئاپتورلارغا سەل قاراش خاھىشىدىن ساقلىنىپ، سالماق، تەمكىن ھالەتتە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

تەھرىرلىك يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا كۈچلۈك ئىجادچانلىق روھىنى تەلەپ قىلىدىغان جاپالىق خىزمەت. مۇھەررىر بولسا بۇ خىل ئالاھىدىلىكنىڭ نېرۋا سىستېمىسىدىكى تۈرلۈك نازۇك جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرىدىغان مېھنەتكەش ئىنسان، شۇنداقلا مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئوقۇرمەنىنىڭ ئۆتكۈر سىنىقى ۋە باھاسىنى ئاشكارا قوبۇل قىلىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ئىجادكار.

## 2. ئەدەبىي ژۇرنال تەھرىرلىكىدىكى تۆت مۇھىم ھالقا

1) ئەسەر تاللاش: بۇ مۇھەررىرنىڭ بىرىنچى ئەمگىكى بولۇپ، ئۆتكۈر سىياسىي كۆز ۋە يۇقىرى بەدىئىيلىك تارازىسى بىلەن تەھرىر بۆلۈمىگە كەلگەن دۆۋە-دۆۋە يازمىلار ئىچىدىن ئەڭ ياخشى ئەسەرلەرنى تاللىشىدا گەۋدىلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدا مۇھەررىر ئەسەرلەرنى بىر-بىرلەپ كۆرەمدۇ ياكى نامى چىققانلارنىڭ، تونۇش-بىلىشلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرۈش بىلەن كۇپايىلىنەمدۇ؟ بۇ دەل مۇھەررىرنىڭ ۋىجدانى، سەممىيىتى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى سىنايدىغان مۇھىم ھالقا، بۇنداق پەيتتە مۇھەررىر مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، ھەر بىر ئەسەرنى بىر-بىرلەپ ئەستايىدىل كۆرۈشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئادىل بولغىلى، ياخشىنىڭمۇ ياخشىسىنى تاللىغىلى بولىدۇ.

2)تەھرىرلەش: بۇ تەھرىرلىك خىزمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا بولۇپ، مۇھەررىردىن ناھايىتى زور ئەقلىي ۋە جىسمانىي بەدەل تەلەپ قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدا مۇھەررىر ئەڭ يۈكسەك كەسپىي مەسئۇلىيەت ھالىتىگە ئۆتىدۇ ھەمدە ئىستراتېگىيەلىك ھەم تاكتىكىلىق تۇيغۇدا تۇرۇپ، ئەسەرگە قايتىدىن باھا بېرىدۇ.

تەھرىرلىك ئاتالغۇسى ئوخشاش بولسىمۇ، ژۇرناللارنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئوخشاش بولمىغان كەسىپتىكى مۇھەررىرلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپمۇ پەرقلىق بولىدۇ. بولۇپمۇ ئەدەبىي ژۇرنال مۇھەررىرى تېخىمۇ ئەتراپلىق يېتىلگەن، يۇقىرى يېزىقچىلىق ئىقتىدارى ۋە ئىجادچانلىق روھىغا باي بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئەدەبىي تەھرىرلىك كۆپ تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ، نازۇك نۇقتىلىرىمۇ كۆپ، بۇلارنى سەگەكلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا مۇھەررىرلەرمۇ ئوخشاشلا تۇرمۇش ئۆگىنىشى، ئىزدىنىشى، ئېنېرگىيە تولۇقلىشى، بۇ ئارقىلىق ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىگە توغرا دىياگنوز قويالايدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

3)تەشكىللەش(ئورۇنلاشتۇرۇش): مۇھەررىرنىڭ ئەمگىكى تاللاش ھەم تەھرىرلەش بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ. ئۇ يەنە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى شۇ سان ژۇرنالغا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. يەنى، ئۇ يېڭى، جەلپكار سەھىپىلەرنى ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كىتابخانلاردا دائىم ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى قالدۇرۇشى؛ ئۆزگىچە بولغان تەڭپۇڭلۇق گۈزەللىكى يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ژانىرلارنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ قېلىشى ياكى ژۇرنال سەھىپىسىنىڭ بېشىنىڭ كۈچلۈك، ئاخىرىنىڭ ئاجىز بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

4)لايىھەلەش: بۇ، ژۇرنالنىڭ مۇقاۋا ۋە ئىچ بەتلىرىنىڭ لايىھىلىنىشىگە قارىتىلغان بولۇپ، بىر سان ژۇرنالنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىش-چىقماسلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان، شۇنداقلا مۇھەررىرنىڭ گۈزەل-سەنئەت ئىقتىدارىنى سىنايدىغان مۇھىم ئۆتكەل. كىتابخان ھەر بىر سان ژۇرنال نەشىردىن چىققاندا ئۇنىڭ لايىھەلىنىشىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. بولۇپمۇ مۇقاۋا 1-ئىشىك بولغاچقا، لايىھەلەشتە چوقۇم سەنئەتلىك قىممىتىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئىچ بەتلەرنى لايىھەلىگەندىمۇ سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، شەكىل بىلەن مەزمۇنىنىڭ بىرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ،كىتابخانلارنىڭ «كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىدىغان» ھالەتكە كەلتۈرۈش كېرەك. تىتول ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى لايىھەلىگەندە نوقۇل كومپيۇتېردىكى تەييار سۈرەتلەرگە بېرىلىپ كەتمەي، رەسساملارنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق تەبىئىي، تەسىرلىك، جانلىق بولۇشىغا كۆپ باش قاتۇرۇشى كېرەك. يەنە بىرسى، بىر سان ژۇرنالدا كالتە بەتنىڭ كۆپ چىقىشى كىتابخانلارنى بىزار قىلىدىغان ئەھۋال، ئوقۇرمەن پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئوقۇۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئەسەرنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلۈپ قالسا ئاخىرىنى ئىزدەپ بولغۇچە ئاۋارە بولىدىغان گەپ، ناۋادا بەت ئىزاھاتى خاتا بېسىلىپ قالسا ئاۋارىچىلىق تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا كىتابخانلارنىڭ ھېسسىياتىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا ئىچ بەتلەرنى لايىھەلىگەندە تېخىمۇ ئەستايىدىل ۋە پۇختا بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

تەھرىرلىك خىزمىتى يۇقىرىدىكى تۆت ھالقا بىلەنلا ئاخىرلاشمايدۇ. ئۇ يەنە نۇرغۇن ئىنچىكە ھالقىلارنى جۈملىدىن كوررېكتورلۇق، تارقىتىش قاتارلىق مۇھەررىرلەر كۆڭۈل بۆلمىسە بولمايدىغان تەرەپلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز تىلغا ئالغان تۆت ھالقىمۇ نىسپىي خاسلىققا ئىگىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر-بىرىگە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. بەزىدە تاللىنىش جەريانىدا تەھرىرلىنىدىغان، تەھرىرلىنىش جەريانىدا شاللىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا مۇھەررىرنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى، قان-تەرى، ئەقىل-پاراستى ۋە ئىجادكارلىق روھى سىڭگەن بولىدۇ. شۇڭا ھەر بىر سان ژۇرنالنى مۇھەررىرنىڭ دەۋرگە، ئوقۇرمەنگە سۇنغان «ئىجادىيەت مېۋىسى» دېسەك ھەرگىز خاتا بولمايدۇ.

ئومۇمەن، ھەقىقىي بىر ئەدەبىي مۇھەررىر ئۈچۈن ژۇرنالغا ئۆزىنى بېغىشلاشتىن ئارتۇق خۇشاللىق بولمايدۇ، خۇددى ئاپتور ياخشى بىر ئەسەر يازغىنىدىن سۆيۈنگىنىدەك مۇھەررىرمۇ بىر ياخشى ئەسەر ئېلان قىلالىغىنىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. پەقەت ئۇ يۇقىرىدىكى بەش تەلەپ ۋە تۆت مۇھىم ھالقىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزىگە، خەلققە، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن خىزمەتلەرگە ھەقىقىي كىرىشكەندىلا تۈرلۈك دىشۋارچىلىقلارنى يېڭىپ ژۇرنالنىڭ ساغلام، ئوڭۇشلۇق نەشر قىلىنىپ تارقىلىشىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

## پايدىلانمىلار

1. مۇھەممەت شاۋۇدۇن: « تەھرىرلىك ئىلمى ۋە تەھرىرلىك سەنئىتى»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 2003 -يىلى 3-ئاي نەشرى.
2. « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2010-يىللىق 3-سان (پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى).
3. « ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» ژۇرنىلى 2010-يىللىق 5-سان.

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 1005 _ 5878 (2011) 02 _ 136 _ 05

# تور شارائىتىدىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ مۇلازىمىتى توغرىسىدا*

رەيھانگۈل مەمەت

(خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى كۇتۇپخانىسى، خوتەن. 848000)

قىسقىچە مەزمۇنى: ئۇچۇر دەۋرىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى تورلىشىش بولۇپ، تورلىشىش داۋامىدا كىتاب سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن كۇتۇپخانىلارنىڭ كىتاب جۇغلانمىسى تولۇق گەۋدىلىنىدۇ،شۇنداقلا كۇتۇپخانىلارنىڭ ئىلگىرىكى مۇلازىمەت شەكلىدە ئۆزگىرىش بولۇپ ئاددىي مۇلازىمەت شەكلىدىن مۇرەككەپ ئالاھىدە مۇلازىمەت شەكلىگە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. تور دەۋرىدىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى يېڭى مۇلازىمەت كۆز قارىشىنى تىكلەپ، ئېلېكترونلاشقان، رەقەملەشكەن، تورلاشقان ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەم ئۇچۇردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى، ھەم ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى لازىم.

摘 要：信息时代的突出特点是网络化。由于网络化内出现了书目数据库，使得图书馆的馆藏得以充分的展示，改变了以前图书馆的各自为政的局面，图书馆的服务从简单变为特色方向发展。网络时代的高校图书馆，要确立新的服务理念，大力推行电子化、数字化、网络化的信息服务，既要搞好信息共享化服务，又要积极开展有特色的个性化信息服务。

**Abstract:** The spread of on-line networks is a central feature of the information age. As library catalogs are digitized, their holdings can be displayed more fully and accessibly than in the past; by the same token, the previously simple requirements for library services are becoming more complex. It is crucial that those involved in providing library services work diligently toward promoting concepts of service appropriate to the new era, that they do as much as possible to accelerate the electrification, digitization, and networking of informational services, and that they strive to make information available to all.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G122 ماتېرىيال بەلگىسى: A

كۇتۇپخانا ـ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. شۇنداقلا، ئالىي مەكتەپ ئۇچۇرلىرى ئەڭ زىچ توپلاشقان ئورۇن. تور شارائىتىدىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى مۇلازىمەت خىزمىتىنى تېز ئۆزگەرتىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشى لازىم. تورلىشىشنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ھەمدە زامانىۋى ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ كۇتۇپخانىلاردا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىشىغا ئەگىشىپ، كۇتۇپخانىلارنىڭ ئىقتىدارىمۇ بارغانسېرى ئاشتى. كۇتۇپخانا ئۆزىدىكى مول ماتېرىيال ئۇچۇر مەنبەسى بىلەن ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئۈچۈن خىزمەت قىلىش – يەنى، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ھەر خىل ئۇچۇر ماتېرىياللىرىنى توپلاپ، رەتلەپ كەڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەش ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. كۇتۇپخانا – مەكتەپ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي

* بۇ ماقالە 2011ـيىلى2ـئاينىڭ 25ـكۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: رەيھانگۈل مەمەت (1970ـيىلى 9ـئايدا تۇغۇلغان)، كىتاب باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

قىسمى. ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بولۇپمۇ دۆلىتىمىز WTO غا كىرگەندىن كېيىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. بولۇپمۇ، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشتا، پەن ساھەسىدىكى تەتقىقات ئۇسۇللىرى ۋە تەجرىبىلەردىن پايدىلىنىشقا ھەم ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئۆز يېنىدىكى كۇتۇپخانىلاردا بەزى ئالاقىدار ئۇنىۋېرسال ئۇچۇر ماتېرىياللىرىنى كۆرۈشنى ھەم كونكرېت سانلىق مەلۇمات، دۆلەت ۋە خەلقئارادىكى يېڭى يۈزلىنىش، يېڭى نەتىجىلەر توغرىسىكى ئۇچۇرغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، تور ئۇچۇر بايلىقى ۋە كۆپ خىل ئاخبارات سىستېمىسى تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى - كۇتۇپخانىلارنىڭ مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش بايلىق ئاساسىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى. ئۇچۇر بايلىق قۇرۇلمىسىدا بولغان ئۆزگىرىش — كۇتۇپخانا مۇلازىمەت دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشكە پايدىلىق بولۇپ، كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇچۇر ماتېرىيال مەنبەسىگە ئېرىشىش ئارزۇسىنى خېلىلا قاندۇردى.

ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ۋە ئالاقە تېخنىكىسىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەر قايسى رايون ۋە دۆلەتلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان ئۇچۇر تورى پەيدىن - پەي شەكىللەندى. تور دەۋرى — ئۇچۇر تېخنىكىسى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان، ئۇچۇر بايلىقىنى ئورتاق قۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان ھەمدە بۇ خىل يۈنىلىش خەلقئارالىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن دەۋر. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىلىم كۆپىيىپ، ئۇچۇر كېڭىيىدىغان ۋە تېز تارقىلىدىغان دەۋر. شۇڭا، ئۇچۇر دەۋرىدىكى خىلمۇ - خىل ئەھۋالغا قارىتا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۇتۇپخانا خىزمىتىنى مۇناسىپ ھالدا يېڭىلاش ۋە ئۆزگەرتىش لازىم.

## 1. يېڭى مۇلازىمەت قارىشىنى تىكلەش لازىم

(1) ئېلېكترونلاشقان، رەقەملەشكەن، تورلاشقان مۇلازىمەت قارىشىنى تىكلەش لازىم. بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە، كىشىلەرنىڭ ئۇچۇرغا بولغان ئېھتىياجى بارغانسېرى يۇقىرى بولىدۇ. ئۇچۇر جەھەتتىكى ئىستېمال بارلىق ئىستېمال ئىچىدە بىر قەدەر زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. تور دەۋرىدە، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىسى پەقەت كىتاب ساقلايدىغان ۋە كىتاب كۆرىدىغان جاي بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئېلېكترون تېخنىكىسى، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىدىن پايدىلىنىپ، بىلىمنى يىغىپ تارقىتىدىغان ۋە ئۇچۇرلارنى باشقۇرىدىغان بازا ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، نۇرغۇن مۇلازىمەت خىزمەتلىرى ئېلېكترونلىشىش، رەقەملىشىش، تورلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىشى لازىم. ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، زامانىۋى پەن - تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇچۇر مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزلۈكسىز بارلىققا كەلتۈرۈشى، ئوقۇرمەنلەرنى تېز، راۋان بولغان ئۇچۇر يوللىرى ۋە ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر ئۈچۈن مەسلىھەتچىلىك ۋە كۆز قۇلاقلىق رولىنى، ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن ياردەمچىلىك رولىنى ئوينىشى لازىم.

(2) مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ماتېرىيال بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش قارىشىنى تىكلەش لازىم. تور مۇئەسسەسەلىرى — ھەر قايسى كۇتۇپخانىلاردا ئۆز ئارا ئېچىۋېتىش، ئۆز ئارا بىرلىشىش، ماتېرىيال بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ۋە ئىقتىدارنى ئۆز - ئارا تولۇقلاشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. يۇقىرىقىلار ھەر قايسى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدىن ئورتاق پايدىلىنىش قارىشىنى ئاڭلىق يېتىلدۈرۈپ، كۇتۇپخانىلار ئارىسىدا ماتېرىيال بايلىقى بىرلەشمىسىنى قۇرۇپ، ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. تور شارائىتىدا، ئۇچۇر بايلىقىدىن ئورتاق پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىلا چېقىش قىلىدىغان قاراشنى يوقىتىپ، ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇلازىمەت دائىرىسى ۋە ئوبيېكتىنى كېڭەيتىپ، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ھەمكارلىشىش يولىدا مېڭىپ،

جەمئىيەتكە بىلىم ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىدىغان مۇقەددەس بۇرچىنى ئورتاق ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز لازىم.

(3) ئىستېرېئولۇق ۋە كۆپ خىللىققا ئىگە مۇلازىمەت قارىشىنى تىكلەش لازىم. تور دەۋرىدە، ئۇچۇرنىڭ شەكىللىنىشى، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىپ تارقىتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش قاتارلىقلاردا ئىستېرېئولۇق ۋە كۆپ خىللىق ھالەت شەكىللىنىدۇ. شۇڭا، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ مۇلازىمىتىدىمۇ ئىستېرېئولۇق ۋە كۆپ خىللىققا قاراپ يۈزلىنىش لازىم. يەنە، باسما مەتبەئە، ئوپتىكىلىق دىسكا نەشر نۇسخىسى، تور مەتبەئەسى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل پەن ئۇچۇرلىرىنى توپلاش، ھەمدە، ھەر خىل بىر تەرەپ قىلىش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل شەكىل ۋە يوللار ئارقىلىق، ئۇنى ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىش، بولۇپمۇ، زامانىۋى تور مۇئەسسەسەلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئىستېرېئولۇق ۋە كۆپ خىللىق تور ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش لازىم.

## 2. كۆپ خىللاشقان ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش لازىم

ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مۇلازىمەت شەكلى ۋە مۇلازىمەت مەزمۇنى باسما مەتبەئەلىك ماتېرىياللارنى يىغىش، رەتلەش، تەرتىپكە تۇرغۇزۇش، كاتولوگ تۈزۈش، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن ئارىيەتكە بېرىشتىن ئىبارەت بولۇپ، پاسسىپ ۋە مېخانىكىلىق ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. تور دەۋرىدە يۇقىرىقىدەك مۇلازىمەت شەكلىنى يېڭى تېخنىكىلىق مۇئەسسەسەلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلېكترونلاشقان، رەقەملەشكەن تورلاشقان ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇش لازىم.

(1) كۇتۇپخانىلارنى ئېلېكترونلاشتۇرۇش، رەقەملەشتۈرۈش، تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. تور شارائىتىدا ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ مۇلازىمىتىدە، زامانىۋى ئالاقە،ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش تور ئۈسكۈنىلىرىنى ماددىي ئاساس قىلىش لازىم. شۇڭا، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى چوقۇم كۆپەيتىشى، تورلاشتۇرۇش ۋە رەقەملەشتۈرۈش تەلىپىگە ئاساسەن، مۇناسىپ بولغان قاتتىق ۋە يۇمشاق دېتاللارنى تاللاپ ئىشلىتىپ، ئۆلچەملەشكەن ماتېرىيال ئۇچۇر سىستېمىسىنى قۇرۇش، شۇ مەكتەپنىڭ دەرىجىسى ۋە كۆلىمىگە ئاساسەن، مۇناسىپ كۆلەمدىكى ئېلېكترونلۇق قىرائەتخانا قۇرۇپ چىقىش، ئېلېكترونلۇق ماتېرىياللارنى توپلاش، مۇستەقىل بولغان Web مۇلازىمەت ماشىنىسى، قانال تاللاش ماشىنىسى قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ، قىرائەتخانىنى مەكتەپ تورى ، دۆلەت مائارىپ پەن ـ تەتقىقات تورى (CERNET) ھەمدە ئىنتېرنېت تورى بىلەن تۇتاشتۇرۇش لازىم. ئېلېكترونلۇق ژۇرنال، رەقەملىك كۇتۇپخانا ۋە سان ئىسكىلاتى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ ۋە سېتىۋېلىپ، مول بولغان ئېلېكترونلۇق ئۇچۇرلارنى مەكتەپ تورىغا چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش لازىم.

(2) جۇڭگو ئالىي مائارىپ ماتېرىيال كاپالەتلىك سىستېمىسى (CALLS) گە ئوخشاش كۇتۇپخانا تور بىرلەشمىسى قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىش لازىم. مەكتەپ كۇتۇپخانىسىنىڭ ماتېرىيال بايلىقىنى رەقەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئىلمىي ئاساستا سىستېمىلىق پىلانلاش، كۇتۇپخانىلار ئارىسىدىكى ماتېرىيال بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، تور شارائىتىدا مەكتەپلەر ئارا ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ بېرىش، ئۇچۇر مۇلازىمىتى ۋە ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى يولغا قويۇش لازىم. رەقەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى جەريانىدا، كۇتۇپخانىلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىق ۋە ماتېرىيال بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ئىنتايىن ياخشى يول ھېسابلىنىدۇ. ھەمكارلىق شەكلى ۋە كۆلىمىنى كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن بېكىتىش لازىم.

(3) كۇتۇپخانىلارنى ئاپتوماتلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش لازىم. ئاپتوماتلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش — كۇتۇپخانا مۇلازىمىتىنىڭ زامانىۋى شەكلى بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ئەڭ ياخشى يول ھېسابلىنىدۇ.

نۆۋەتتە،تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ كۇتۇپخانىلىرى ئاپتوماتلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى كەڭ دائىرىدە ئىشقا ئاشۇردى. مەملىكىتىمىز 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىن باشلاپ، كۇتۇپخانىلارنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ۋە تورلاشتۇرۇشنى باشلىغان. 20 يىلدىن ئارتۇق تىرىشچانلىق ئارقىلىق، كۆپ ساندىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ۋە تورلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

## 3. ئۇچۇردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ۋە ئۆزگىچە خاس ئۇچۇر مۇلازىمىتى بەرپا قىلىش لازىم

تور قۇرۇلۇشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ مۇلازىمەت ئوبيېكتى مۇقەررەر ھالدا شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرىدىن ھالقىپ، باشقا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى ھەتتا تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى كىشىلەر توپىغا كېڭەيدى، كەڭ دائىرىدىكى ئۇچۇردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ھالىتى شەكىللەندى. ئۇچۇردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى تور بىرلەشمىسىگە قاتناشقان نۇرغۇن كۇتۇپخانىلار ئورتاق بەرپا قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە، ھەر بىر كۇتۇپخانىدىكى خىزمەتچى خادىملار كۈندىن-كۈنگە كېڭىيىۋاتقان مۇلازىمەت دائىرىسىگە ئاڭلىق يۈزلىنىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۇچۇردىن ئورتاق بەھرىمەن قىلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىشى لازىم. مېنىڭچە بۇنىڭدا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: بىرىنچى، ئۆز كۇتۇپخانىسىدىكى ماتېرىيال ئۇچۇرلىرىنى رەقەملەشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن تورغا چىقىرىپ، ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىش لازىم.كۇتۇپخانىلارنىڭ تور قۇرۇلۇشى ئالىي مەكتەپ ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن خەلقئارالىق ئورگانلارنىڭ ئالاقىسىنى چىڭىتىپ مەدەنىيەتنىڭ خەلقئارالىششىنى، بىلىم -ئۇچۇر مەنبەسىنىڭ كۆپىيىشى، تارقىلىشى ۋە قوللىنىلىشىنى يەرشارىلاشتۇرىدۇ. بىلىم، مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا ئەزەلدىنلا يەر شارى مىقياسىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ. مەدەنىيەت ۋە تېخنىكىنىڭ يېڭىلىنىشى ۋە يۈكسىلىشى دەل ئاشۇ ئايلىنىش جەريانىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ، كۇتۇپخانىلار تورى مەدەنىيەت ۋە بىلىم ئۇچۇرىنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى تېزلەشتۇرۇپ ، ئۇچۇرغا ئېرىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ سۈرئەتنى تېزلىتىدۇ. بۇخىل ئۆزگىرىش كۇتۇپخانىلارغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ. ئىككىنچى، كىتاب، ماتېرىياللارنى رەقەملەشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، توردىكى ماتېرىيال ئۇچۇر بايلىقلىرىنى كەسپىيلىككە ئىگە قىلىپ، يېتەرلىك ئوقۇش ۋاقتىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئوخشاشمىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش لازىم. ئىنگلىز تىلىنىڭ يەرشارىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنى بىلىم ۋە ئۇچۇرنىڭ خەلقئارالىششىنى تېزلىتىپ ئۇچۇر مەنبەسىنى كۆپخىللاشتۇرۇپ ئۇچۇرغا ئېرىشىش يوللىرىنى كېڭەيتتى. خەنزۇ تىلى ۋە ئىنگلىز تىلى ئىشلىتىدىغانلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۇتۇپخانىلار تورى قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ ياخشى جامائەت ئاساسى. كۇتۇپخانىلار تورى كۇتۇپخانا، مەكتەپ، سىنىپ، تەجرىبىخانا، ئائىلە ۋە ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش ئورنى قاتارلىقلارنى تۇتاشتۇرۇپ ئۆگىنىش، خىزمەت، دەم ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش ۋە تەتقىقات بىر گەۋدىلەشكەن مۇلازىمەت تورىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۇتۇپخانىلار ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ. ئۈچىنچى، نۇقتىلىق كەسىپ ۋە پەن ساھەسىدىكى ماتېرىياللارنىڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردىكى كىتاب، ماتېرىيال سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۇلاردىكى ھەرقايسى پەن تۈرىنىڭ كىتاب زاپىسى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلۇشى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا نۇقتىلىق كەسىپ ۋە پەن ساھەسىدىكى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، مۇلازىمەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ باشقا ئالىي مەكتەپلەر كۇتۇپخانىلىرى بىلەن بولغان چۈشىنىش ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ مۇلازىمەت شەكلى ۋە مۇلازىمەت ئېڭىنى ياخشىلىشىمىز لازىم. تۆتىنچى، سان ئىسكىلاتىنى ئۆلچەملەشتۇرۇش ۋە كۆلەملەشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ماتېرىيال

ئۆچۈرلىرىنى تەكشۈرۈش يوللىرى ۋە ئۇسۇلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم. شۇڭا، ھەر قايسى كۇتۇپخانىلار چوقۇم بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم ۋە بىر تۇتاش كۆلەمگە ئاساسەن، سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇرۇپ چىقىش لازىم. ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇچۇر ئېھتىياجىدىكى ئۆزگىرىشكە ئاساسەن، يېڭى تېخنىكىلارنى ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىش ۋە ئىشلىتىش لازىم. خاسلىشىش ۋە كۆپخىللىشىش كۆندىن ـ كۈنگە كۆرۈنەرلىك بولىۋاتقان ئەھۋالدا، ئوقۇرمەنلەر بىر قەدەر مۇكەممەل، كۆپ خىل ۋە كەڭ دائىرىدىكى ئۇچۇر مۇلازىمىتىگە ئېھتىياجلىق. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماتېرىيال بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئاساسىدا، ، يېڭىچە كەسىپ ئۇچۇرى مۇلازىمىتى، مەخسۇس تېمىلار بويىچە ئۇچۇر مۇلازىمىتى، بىۋاسىتە ئۇچۇر مۇلازىمىتى، يەككە بىلىملەر بويىچە رەقەملەشكەن مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش لازىم.

## 4. يۇقىرى ساپالىق كۇتۇپخانا خادىملىرى قوشۇنىنى قۇرۇش لازىم

كۇتۇپخانىلارنىڭ زامانىۋى ۋە تورلاشقان ھالەتكە ئۆتۈشى كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىۋېرسال ساپاسىغا يېڭى تەلەپلەرنى قويىدى. شۇڭا، كۇتۇپخانا خادىملىرى يېڭى قاراشقا ئىگە ئوقۇرمەنلەرگە يېڭى بىلىملەر توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىش جەھەتتە كىتاب ـ ماتېرىيال تارقىتىپ بەرگۈچىدىن ، تور ئۇچۇرلىرى يېتەكچىسىگە ئايلىنىشى لازىم. بۇ كۇتۇپخانا خادىملىرىدىن تورنى ئىشلىتىش ئىقتىدارى، ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ھەمدە كۆپ تەرەپلىمىلىك بىلىم قۇرۇلمىسىنى ھازىرلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، بىر تەرەپتىن، يېڭى خادىملارنى قوبۇل قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن، بار بولغان خادىملارنى يېڭى تېخنىكا، يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش ئارقىلىق يۇقىرى ساپالىق كۇتۇپخانا خادىملىرى قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم.

## پايدىلانمىلار

1. تاڭ چاڭيەن : «تور شارائىتىدا كۇتۇپخانا ماتېرىيال ئۇچۇر بايلىقىنى ئورتاق قۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش»[J] ، كۇتۇپخانا مۇلاھىزىسى، 2001ـ يىللىق 5ـ سان 48 ـ 50 بەت.
2. جۇڭگو كۇتۇپخانا ئىلمىي جەمئىيىتى: «21 ـ ئەسىردىكى كۇتۇپخانىلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى» [M]، بېيجىڭ كۇتۇپخانا نەشرىياتى، 2000ـيىلى نەشرى.
3. لى جىڭشاڭ: «جۇڭگونىڭ رەقەملەشكەن كۇتۇپخانىلىرى قايسى دەرىجىگە يەتتى »[J]، كۇتۇپخانا نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى، 2002ـ يىلى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن

# Journal of Xinjiang University

(Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)

Vol.32, Iss.2 (Total:126) Jun 2011


## Contents


Thoughts on Prose ........ *Gh. O. Utghur* (1)

A Study of a Valence-Based Semantic Role System for the Uyghur FrameNet ........ *Ömerjan Qurban, Ghalib Qurban* (17)

Examples of Narrative Style in Contemporary Uyghur "New" Prose....... *Mettursun Éli* (25)

On Newa'i's Philosophical Fable-Poem *Lisanut-Teyr*............. *Tursun Qurban Türkesh*(35)

On the Importance of Instilling Correct Moral Values ........ *Ablimit Emet, Mahinur Ziyawudun* (46)

On the Importance of Fostering an Entrepreneurial Spirit Among Xinjiang's Ethnic Minority Students........ *Muhemmed'imin Hoshur* (50)

On the Tuyuq Style in Our Poetry ........ *Abduréhim Zunun* (58)

On the Teaching and Enjoyment of Oral Folk Literature.... *Ablimit Muhemmed Yiltizliq* (75)

Mythical Elements in the Orkhun Stela Inscriptions ........ *Aqqiz Talip* (84)

Comparative Research on Different Variants of the *Chin Tömür Batur* Epic Poem ........ *Yasin Muhemmetniyaz Téke* (88)

On Character Types in Newa'i and Nizariy's Respective Versions of the *Perhad-Shirin* Epic Poem........ *Mahinur Yunus* (99)

Socialization Environment and Culturap Gap Problems of the Born and Growth in Beijing Uyghur Intellectuals' Descendants........ *Abduresit Jelil Qarluq* (109)

A Preliminary Investigation of Lopnur Fishing Culture and Its Change Over Time ........ *Eli Emet* (123)

Five Requirements and Four Important Points in Editing Literary Journals ........ *Abliz Osman* (132)

On University Library Services in the Era of the Interne ........ *Reyhan'gül Memet* (136)

# ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА

(Трёхмесячный журнал философи и общественной науки на уйгурсом языке)
**№.2.2011г (Общий: № 126)**

## Содержание

О беллетристике........................................................................................ Хайратжан Осман(1)

О семантической роли рамки сети уйгурского языка на основевалентности..............................
..........................................................................Умаржан Курбан, Галип Курбан(17)

О модели повествования современной повести уйгурского языка.............. Мэттурсун Эли(25)

О философской поэме Элищир Наваий «Лисанут-тэир»................................ Турсун Курбан(35)

О важности установления правильного взгляда на нравственность.......................................
..............................................................Аблимит Эмэт, Майнур Зиявудун(46)

О необходимости воспитания в студентах-нацменах сознание лично поднять хозяйство.........
........................................................................................................... Мэмтимин Ущур(50)

Коротко о форме создания уйгурской поэзии — Туюк ............................ Абдурехим Зунун(58)

Преподавание народного творчества и любование искусством .................. Аблимит Мэмэт(75)

Сказочные элементы в мемориальной записи на стеле Орхуне.........................Аккиз Талип(84)

Сопоставительное изучение разновидностей уйгурской народной поэмы «Богатырь Чинтомур»
.................................................................................................................Ясын Мэмэт(88)

Проанализирование типов сюжта поэмы « Пэрхад и Щирин» у поэтов Наваий и Низари..........
..........................................................................................................Майнур Юнус(99)

Обобществленная сфера и культурный разрыв у уйгурских детей, родившихся и выросших в Пекине.......................................................................................... Абдурещит Жилил(109)


О культуре рыболовства и охоты у лопнурцев................................................... Эли Эмэт(123)

Пять требований и четыре важных пункта редакционной работы в литературных журналах....
.......................................................................................................... Аблиз Осман(132)

О работе обслуживания библиотеки в вузах во время сети интернета.........................................
.................................................................................................Рэйхангуль Мэмэт(136)

# پروفېسسور ئەركىن ئابدىلىم

## 艾尔肯·阿不都力木教授



ئەركىن ئابدىلىم، ئۇيغۇر، 1956 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۇغۇلغان، پروفېسسور،ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا ئىلمى ۋە تېخنىكا ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.

ئەركىن ئابدىلىم 2000 ـ 2001 يىللىرى ياپونىيە توكيو مۇساشى سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا، 2008 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 2009 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە ياپونىيە توكيو سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا زىيارەتچى تەتقىقاتچى بولدى.


ئەركىن ئابدىلىم تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاسپىرانتلارغا ئاساسلىقى يېقىنقى زامان فىزىكا تەجرىبىسى، رادىياتسىيە فىزىكىسى، يادرو رادىياتسىيە فىزىكىسى ۋە ئۆلچەش، رادىياتسىيەدىن مۇداپىيەلىنىشتىن قاتارلىق كەسپىي دەرسلەرنى ئۆتۈپ كەلدى. ئۇ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش جەريانىدا تەربىيەلەش، ئوقۇتۇش ئىلمىي تەتقىقاتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، دەرسلەرنى جانلىق، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ ئۆتتى، ھەمدە ئوقۇتۇشتا ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق ياراتتى، شۇنداقلا ئىلمىي تەتقىقاتتا ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ نۇرغۇنلىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئەركىن ئابدىلىم ئاساسلىقى يادرو تېخنىكىسى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، رادىياتسىيەدىن مۇداپىيەلىنىش جەھەتلەردىكى تەتقىقاتلار بىلەن شوغۇللىنىۋاتقان بولۇپ،ھازىر دۆلەتلىك تەبىئىي پەن تەتقىقات فوندىنىڭ تەتقىقات تېمىسىدىن ئىككىسگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ. ھەمدە دۆلەتلىك تەبىئىي پەن تەتقىقات فوندىنىڭ ئىككى تېمىسغا ھەمكارلىشىپ قاتنىشىۋاتىدۇ. ھازىرغىچە بۇ ئەمگەكلىرىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا 20 نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلدى.

ئەركىن ئابدىلىم بۇ نەتىجىلىرىگە مۇناسىپ ھالدا 2007 ـ يىلى پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى، شۇ يىلى يەنە ماگىستىرانت يېتەكچىلىكىگە تەكلىپ قىلىندى. بىز پروفېسسور ئەركىن ئابدىلىمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىگە ۋە تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىغا تىلەكداشمىز.

主　　　编：阿布里克木·亚森
副　主　编：阿布都肉苏力·克其克阿洪
　　　　　　康巴尔尼沙·买买提阿吉
本期执行编辑：康巴尔尼沙·买买提阿吉
封 面 设 计：买买提·努拜提

باش مۇھەررىر: ئابلىكىم ياسىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن
قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى
بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت



**新疆大学学报**
(哲学社会科学维文版)
(季刊)
(1980年创刊)
2011年6月1日(第32卷第2期)

**شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى**
(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
(پەسىللىك ژۇرنال)
نەشر قىلىنغان يىلى: 1980 - يىلى
2011 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى (32 - يىللىق 2 - سان)

---

主管单位：新疆大学
主办单位：新疆大学
出版单位：新疆大学学报编辑部
地　　址：乌鲁木齐市胜利路14号
邮　　编：830046　电话：0991–8582927
电子信箱：xuebao@xju.edu.cn
印刷单位：乌鲁木齐光大公司艺林印务中心
国内发行：全国各地邮政局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
　　　　　(北京399信箱)
国际标准刊号：ISSN 1005–5878
国内统一刊号：CN 65–1034/G4–W
国外代号：5798(QR)
国内代号：58–13

باشقۇرغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
مەسئۇل ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
نەشر قىلغۇچى ئورۇن: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھرى غالىبىيەت يولى 14 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830046　تېلېفون نومۇرى: 0991–8582927
ئېلخەت ساندۇقى: xuebao@xju.edu.cn
باسقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى «گۇاڭدا» شىركىتى يىلىن باسما مەركىزى
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتا ئىدارىلىرى تارقىتىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى خەلقئاراغا تارقىتىدۇ
(بېيجىڭ 399 - نومۇرلۇق خەت ساندۇقى)
خەلقئارالىق ئۆلچەم نومۇرى: ISSN 1005–5878
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN 65–1034/G4–W
خەلقئارالىق ۋاكالەت نومۇرى: 5798(QR)
مەملىكەت ئىچىدىكى ۋاكالەت نومۇرى: 58–13

---

定价：6.00元

باھاسى: 6.00 يۈەن